«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى»دىكى نەشرىي ئەپكار

入选《中国期刊方阵》的刊物

«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن نەشرىي ئەپكار

荣获《新疆期刊奖》的刊物

• ئۇستاز، ئاتاقلىق فولكلورشۇناس، دوكتور ئاسپىرانتلار يېتەكچىسى ئابدۇكېرىم رەھمان ئەپەندى •



XINJIANG CIVILIZATION • КУЛЬТУРА СИНЬЦЗЯНА

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

# 新疆文化

2

2005

ISSN 1008-6498

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



پەن-تېخنىكا نەشرىياتچىلىقى بويىچە تۆھپىكار باش مۇھەررىر، جۇڭگو نەشرىيات ساھەسى بويىچە ئەڭ ئالىي مۇكاپات «تاۋفېن نەشرىياتچىلىق مۇكاپاتى» ساھىبى ئابدۇنەئىم مەجىد ئەپەندى

// شىنجاڭ مەدەنىيىتى
(54 ـ يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

2005 ـ يىل 2 ـ سان

(ئومۇمىي 272 ـ سان)

باش مۇھەررىر:
زۇنۇن باقى (قوشۇمچە)
(ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نا-
زارىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇ-
ئاۋىن مۇدىرى)

دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
قۇربان مامۇت
(ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
رىسالەت مۇھەممەت
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

● شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق ●

# بۇ ساندا


## يېتەكچى خەۋەر

ۋاڭ لېچۈەن مەدەنىيەت ئورۇنلىرىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەشكىلاتلىرى ئىسلاھاتنى تېزلىتىپ، بازارغا ماسلىشىپ، نادىر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئىجاد قىلىشى كېرەك...لى خۇا 2

## ئۆزۈڭنى تونۇ!

بىزنىڭ «ياخشى ئادەم»لىك ئۆلچىمىمىز ................ ئابدۇرېھىم دۆلەت 3

## ئەدەبىيات گۈلزارى

باھار تىۋىشى ........... (پوۋېست) .................. خالىدە ئىسرائىل 6

بوياقچى ........... (ھېكايە) ........... ياسىنجان سادىق چوغلان 72

## ئاچچىق كۈلكىلەر

پىتلار نەگە كەتتى؟ ...... (ئەبجەش يازما) ..... تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم تايماس 24

## ئەجدادلار غەزىنىسى ـ تارىخ غەزىنىسى

مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، خانىش ئامانىسا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىي، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر رېستوراندا ............ ئابلەت قەييۇم 26

## ئوقۇرمەنلەر چايخانىسى

سەھرا، بەرقىي ۋە ئۇرۇمچى ..................... ئەخمەتجان خۇما 28

## تەپەككۇر كۆزى

تەپەككۇر مېۋىلىرى ....... ئابدۇرەھمان ئابدۇلكەرىم ئەلىيەقىنىي قاتارلىقلار 34

## زامانىۋىلىشىش ۋە بىز

«زامانىۋىلىشىش»نىڭ ئالدى ـ كەينىدە ............. ئادىل ئابدۇقادىر 48

## سادا

بىر قىرغىز دېھقاندىن سادا .................. ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى 57

ناچار دورا ئېلانلىرىغا ئەمدى بەس! ............. تۇرسۇنجان هامۇت 60

## ئاگاھ ۋە دانا بولۇڭ!

نومۇس ۋارىئاتسىيىسى .................. ئەمر غىياس تۈركىيار 61

## سەنئەتكار كۆزى

سەنئەت ۋە بىز ........................ ئابدۇنىياز توختى 70


مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت



## ۋاڭ لېچۇەن مەدەنىيەت ئورۇنلىرىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى:

# ئەدەبىيات - سەنئەت تەشكىلاتلىرى ئىسلاھاتىنى تېزلىتىپ، بازارغا ماسلىشىپ، نادىر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئىجاد قىلىشى كېرەك

لى خۇا

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۇەن بۇلتۇر 14 - دېكابىر ئاپتونوم رايونىغا قاراشلىق مەدەنىيەت ئورۇنلىرىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا، ئەدەبىيات - سەنئەت تەشكىلاتلىرى ئىسلاھاتىنى تېزلىتىپ، بازارغا ماسلىشىپ، نادىر نومۇرلارنى كۆپلەپ ئىجاد قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىشى كېرەك، دەپ كۆرسەتتى.

ۋاڭ لېچۇەن شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى، شىنجاڭ ئوپېرا تىياتىرى، شىنجاڭ مۇقام ئانسامبلى، شىنجاڭ سېرك ئۆمىكى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كۇتۇپخانىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، بۇ ئورۇنلارنىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى.


ۋاڭ لېچۇەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى مەسئۇلىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن ئۇتۇقلارنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىدە چوقۇم توغرا تەرەققىيات يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەت ۋە مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى ئارقىلىق ھەرمىللەت خەلقىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇش كېرەك؛ ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ئومۇمىيىتىنى زىچ چۆرىدەپ، نادىر ئەسەر يارىتىش، ئاساسىي قاتلاملارنى جانلاندۇرۇش، كەسپلەرنى راۋاجلاندۇرۇش، ئىختىساس ئىگىلىرىگە ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرى ۋە مەدەنىيەت كەسپىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش كېرەك.

ۋاڭ لېچۇەن مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىرىنچىدىن، مەدەنىيەت بايلىقىنى ئىلمىي يوسۇندا ئېھتىيات بىلەن تەرتىپكە سېلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، مەدەنىيەت ئورۇنلىرىنىڭ كىچىك، ئاجىز، تارقاق بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشى، ئاپتونوم رايونىمىز مەدەنىيىتىنىڭ خاسلىقىنى يارىتىپ، بازارنىڭ خىرىسىغا ماسلىشىشى كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، مەدەنىيەتنىڭ كەسپلەشكەن تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىز مەدەنىيەت كەسپىنىڭ تەرەققىياتى ئارقىدا قېلىشتەك ھالەتنى تېزلىكتە ئۆزگەرتىشى كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىپ، ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلدۇرۇپ، بازارغا يۈزلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تەييارلىق قىلىشى كېرەك.

ۋاڭ لېچۇەن قىسمەن مەدەنىيەت ئورۇنلىرىنىڭ ئۆل مۇئەسسەسلەر قۇرۇلۇشىنىڭ ئاجىز بولۇشىدەك مەسىلىلەرنى نەزەردە تۇتۇپ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلاردىن سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ رېپېتىسخانا ۋە مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ مۇئەسسەسلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە يۈرۈشلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ياخشى شارائىت بىلەن تەمىنلەشنى تەلەپ قىلدى.

---

ئاپتور: «شىنجاڭ گېزىتى» مۇخبىرى



# بىزنىڭ «ياخشى ئا-دەم»لىك ئۆلچىمىمىز

ئابدۇرېھىم دۆلەت

— جامائەت، دادام قانداق ئادەم ئىدى؟

— دادىلىرى دۇرۇس، دىيانەتلىك ئادەم ئىدى، جامائەتتىن قال-مايتتى، بەش ناماز ئادەم ئىدى، كىشىنىڭ ھەققىنى يېمەيتتى.

بۇرۇنتۇم ئاز ـ تولا خەت تارتقاندىن باشلاپ دادامنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ نۇرغۇن كىشىنىڭ مېيىت نامزىغا قاتناشتىم. يۇقىرىقىدەك گەپلەرنى تولا ئاڭلاپ كەتتىم. باشتا بۇ گەپلەر ئۇنچىۋالا دىققىتىمنى قوزغىمىغانىدى. كېيىنچە بارغانسېرى بۇ خىل «باھا»لار ئۈستىدە ئويلىنىدىغان، خىيالغا پاتىدىغان بوپقالدىم. مانا ئەمدى ماڭا ئوخشاش مېيىت نامزىدىكى نۇرغۇن كىشىنىڭ بۇ مەسىلە ئۈستىدە قىلچىلىك ئويلانمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغىنىمدىن كېيىن، خىيالىم «باھا»لاردىن، شۇ «باھا»لارنى بېرىۋاتقان ۋە ئاڭلاۋاتقان، قوبۇل قىلىۋاتقان ئۇيغۇر جامائىتىگە يۆتكەلدى.

باشتا دىققىتىمنى قوزغىغىنى شۇكى، نامزى چۈشۈرۈلىدىغان مې-يىت ئۆزگەرسىمۇ، مېيىتكە بېرىلىدىغان «باھا» ئۆزگەرمەيۋاتاتتى. ھەرگىزمۇ بىر قاتارغا قويغىلى بولمايدىغان، بىر ـ بىرىدىن ئاسمان ـ زېمىن پەرقلىنىدىغان كىشىلەرگە سۆز ـ جۈملىلىرى ئۆزگەرسىمۇ مە-نىسى ئوخشاش «باھا»لار بېرىلىۋاتاتتى. ھاراق ئىچمەيدىغان كۈنى يوق زابويلارمۇ، مەسچىتتىن كىرمەيدىغان، جامائەتتىن قالمايدىغان كىشىلەرمۇ ئوخشاشلا «بەش ناماز ئادەم ئىدى، گۇناھ ـ مەئسىيەتتىن يىراق ئىدى» دېگەن باھالاردىن بەھرىمەن بولۇۋاتاتتى. ئاخشىمى پاھىشىنىڭ قۇچىقىدا ئۆلگەنلەرگىمۇ «دىيانەتلىك» ئادەم ئىدى دەپ ناماز چۈشۈرۈلۈۋاتاتتى. مەن دەسلەپتە، ئادەم ئۆزگىرىپ تۇرسىمۇ، باھا ئۆزگەرمەيۋاتقان بۇ تەتۈر مەنتىقىدىن ھەيران قالغانىدىم. كېيىن مەندەك ھەيران قالىدىغانلارنىڭ يوق دېيەرلىكلىكىنى كۆرۈپ ھەي-رانلىقىم ئاچچىق ئازابقا ئايلاندى.

ئەلۋەتتە، مەن ھەرگىزمۇ ئۆلگەنلەرنى چوقۇم نامزىنى چۈشۈر-گەندە، ئۇ قىلغان بارلىق رەسۋايى ـ شەرمەندىچىلىكلەرنى پاش قى-لىپ، ئۇنى ئەھلى جاھانغا بىلدۈرۈش كېرەك دېمەكچى ئەمەس. چۈنكى بولىدىغان ئىش بولۇپ بولدى. مەيلى ئۇ قانداق ياشىغان بولسۇن، شۇنىڭغا لايىق نېسىۋىسىنى ئالىدىغان جايغا كەتتى. بىزنىڭ بۇ يەردە بەرگەن ئۇنداق ـ مۇنداق باھالىرىمىز ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ

## ئۆزۈڭنى تونۇ!

ئۆلگەندىن كېيىنكى قىسمىتىنى بەلگىلىيەلمەيدۇ. ئەمما ئۆلۈككە بې-
رىلگەن باھادا ھېچبولمىغاندا تىرىكلەر ئۆزىنىڭ قانداقراق ياشاۋاتـ-
قانلىقى ئۈستىدە ئاز ـ تولا پىكىرگە يىپ ئۇچى بولالىغۇدەك بىـر
نەرسە بولغىنى ياخشىراق. ئىنسانلار ئۆلگەنلەرنى تەتقىق قىلغاندا،
ئۇلار ھەققىدە ئەسەر، تەرجىمىھاللارنى يېزىشقاندا، تولاراق ئۆلگەن-
لەرنىڭ ھاياتى ئارقىلىق تىرىكلەرگە تەسىر كۆرسىتىش، ئۇلارغا ئەي-
نەك قىلىش مەقسىتىدە يېزىلىدۇ. كىشىلەرمۇ بۇ ئەسەرلەرنى ئۆزىگە
پايدىلىق تەجرىبىلەرنى، شۇنداقلا ساقلىنىشقا تېگىشلىك ئاچچىق سا-
ۋاقلارنى ئىزدەپ ئوقۇيدۇ.

مەنمۇ بۇ يەردە ئۆلۈكلەر ھەققىدىكى گەپنى تىرىكلەر ئۈچۈن
قىلىۋاتىمەن. نېمىلا بولمىسۇن، بىز يۇقىرىقى ئىشتىن خەلقىمىزنىڭ
ياخشى ـ يامانغا تۇتقان پوزىتسىيە ـ قارىشىنى ئاز ـ تولا بولسىمۇ
كۆرۈۋالالايمىز.

بىز كۈندىلىك تۇرمۇشتا بەزى كىشىلەرنى «ياخشى» ئادەم، بەزى
كىشىلەرنى «ئوسال ئادەم»، «بولمايدىغان ئادەم» دەپ قارايمىز.
ئەنە شۇنداق كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ ياشايمىز. ئۇنداقتا بىز دە-
ۋاتقان «ياخشى ئادەم»، «ئوڭلۇق ئادەم» زادى قانداق ئادەم؟ بىز
نېمىلەرگە ئاساسەن ئۇنى «ياخشى ئادەم» دەيمىز؟ ئۇنى «ياخشى»
قىلغان كونكرېت سۈپەتلەر زادى قايسىلار؟

بەلكىم بۇنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىغا مەركەزلەشتـۈرۈش
مۇمكىن:

1. ئاجىز ـ مىسكىنلەرگە خەير ـ ساخاۋەت قىلىدىغان ئادەملەر.

2. باشقىلارغا زىيان سالمايدىغان، ياكى باشقىچە ئېيتقاندا، باشقى-
لارغا زىيىنى تەگمەيدىغان، كىشىنىڭ ھەققىنى يېمەيدىغان ئادەملەر.

3. ئاشكارا يامان ئىشلاردىن خالىي ئادەملەر. مەسىلەن: ئوغرىلىق،
پاھىشىۋازلىق، قىمارۋازلىق دېگەندەك...

4. ئىدارىسى ـ تەشكىلىنىڭ قائىدە ـ تۈزۈملىرىگە ئاگاھلىق بوي-
سۇنىدىغان، تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى جايىدا ئادا قىلىدىغان ئادەملەر.

5. توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم، نەزىر ـ چىراغ دېگەندەك جا-
مائەت سورۇنلىرىدىن قالمايدىغان ئادەملەر.

6. قولۇم ـ قوشنا، خىزمەتداش، ساۋاقداش دېگەنلەر بىلەن چىقى-
شىپ ئۆتىدىغان ئادەملەر.

7. ئائىلىسىگە، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا كۆيۈمچان، ئاتا ـ ئانىسىغا
ۋاپادار ئادەملەر.

مېنىڭچە، بىزنىڭ نەزىرىمىزدىكى «ياخشى ئادەملەر» ئومۇمەن
مۇشۇ دائىرىدىن ھالقىپ كەتمەيدۇ. ئەمدى «ئوسال ئادەم»لەرگە
كەلسەك، ئۇلار دەل يۇقىرىقىلارنىڭ ئەكسىچە ئادەملەردۇر.

تۆۋەندە بىز بۇ تىلغا ئالغان سۈپەتلەردىن ئۇيغۇر ئۆلچىمىدىكى
«ياخشى ئادەم»لەر ھەققىدە قىسقىچە بىر نەزەرىيىۋى خۇلاسە چىقى-
رىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرىمىز.

1. بۇلارنىڭ ھەممىگە ئورتاق، شۇنداقلا ئۇلارنى «ياخشى»
قىلغان ئەڭ مۇھىم ئامىل ئۇلارنىڭ ھېچكىمگە ياكى ماددىي ياكى مەنىۋى
زىيان يەتكۈزمەسلىكى. بىز گەرچە باشقا سۈپەتلەرنى ھازىرلىسىمۇ ئەگەر
ئۇنداق كىشىنىڭ باشقىلارغا زىيىنى يەتسە، بىز ھەرگىـز ئـۇنى «ياخ-
شى»لار قاتارىدىن ھېسابلىمايمىز. شۇنى تېخىمۇ كونكرېتلاشتـۇرۇش
زۆرۈركى، بۇلار ھېچقانداق ياخشى ئىش قىلمىسىمۇ، ئىشقىلىپ يامان ئىش
قىلمىسىلا، يەنىلا «ياخشى ئادەم» بولۇۋېرىدۇ.

2. بۇلارنىڭ «ياخشى»لىقى پەقەت ئۆزىلا تەۋە بولغان، ئۆزىنىلا
مەركەز قىلغان بىر خۇسۇسىي چەمبىرەك ئىچىدە ئىپادىلىنىدۇ. يەنى ئۇلار
ئۆزىنىڭ ئائىلىسىگە، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا، ئىدارە ـ خىزمەتداشلىرىغا،
قوشنا ـ جامائەتلىرىگىلا ياخشى. دېمەك ئۇلار ئۆزىنىڭ دۇنياسىدا
«ياخشى». ئۇيغۇر ئۆلچىمىدىكى «ياخشى»لىقنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى
ئۆزىنى مەركەز قىلىش، ياخشى ئىشتا ئۆزىدىن ھالقىماسلىق.

3. ئۇيغۇر ئۆلچىمىدىكى «ياخشى»لىق بىزدىن باشقا مىللەتلەر-
گىمۇ ئورتاق بولغان، ئىنسانلار ياشاش داۋامىدا تەبىئىي شەكىللەن-
دۈرگەن ئومۇمىي ئۆلچەملەرنى ئاساس قىلغان. مەسىلەن، پاھىشىۋاز-
لىق، ئوغرىلىق، قاتىللىق دېگەنلەر تارىختىمۇ، بۈگۈنمۇ ئوخشاشلا
ئىنسانلار نەپرەتلىنىدىغان، قارشى تۇرىدىغان جىنايەتلەر. بۇ ئومۇمەن
ھەممە ئىنسانغا ئورتاق. گەرچە بۇ خىل جىنايەتلەر بـەزىـدە بـەزى
جەمئىيەتلەردە ۋابادەك يامراپ تۇرسىمۇ، ئەمما يەنىلا شۇ جەمئىيەت
خەلقى ياكى ئىنسانلار تەرىپىدىن تەشەببۇس قىلىنىپ ئومۇملاشتۇرۇل-
مايدۇ، ياكى مەدھىيە ئوقۇلىدىغان ئىشقا ئايلانمايدۇ. بۇ خىل ئورتاق
پرىنسىپقا رىئايە قىلىنىدىغان «ياخشىلىق»نىڭ ئەخـلاق تـۈسى
كۈچلۈك. بۇ خىل «ياخشىلىق»تا غايە، ئىرادە، پىلان، ئىستراتېگىيە
مەۋجۇد بولمايدۇ. بەزىدە بۇ خىل دۇنياۋى ئۆلچەم ئادەمنى بىخۇد-
لاشتۇرۇپ، ھەتتا ئادەمنىڭ كىملىكىنى ئۇنتۇلدۇرۇپمۇ قويىدۇ. يەنى
ئادەم ئۆزىنى شۇنىڭ بىلەنلا مۇكەممەل ساناپ، ئۆزىنىڭمۇ ئۆزىگە
خاس، يۇقىرىقى مەزمۇننى ھەم ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە بۇ ئۆلچەمگە
ئۆزگىچە رەڭ بەرگەن دىنىي، مىللىي ئۆلچىمىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

ئەمدى بىز بۇ قىسقا نەزەرىيىۋى يەكۈننى تەتۈر نۇقتىدىن چىقىپ،
يەنە بىر ئوپېراتسىيە قىلىپ كۆرىمىز.

يۇقىرىقى خۇلاسىدىن قارىغاندا، بىزنىڭ «ياخشى»لىرىمىز ئا-
دەمنىڭ ئېسىدە قالغۇدەك بىرەر ياخشى ئىش قىلمىسىمۇ، ھېچكىمنىڭ
چىشىغا تەگمەي، يولنى ئاۋايلاپ دەسسەپ، ياۋاش ـ يۇمشاقلىق بىلەن
ياشىسا بولۇۋېرىدۇ. ئۇ پۈتۈن بىر ئۆمرىنى نام ـ نىشانسىز ياشاپ
تۈگەتسىمۇ ئۇ يەنىلا «ياخشى». بىزنىڭ بۇ «ياخشى» ئادەملىرىمىز
ئۈچۈن خەلق ئاچلىقتىن ئۆلۈۋاتسىمۇ، ئۆزىنىڭ تاۋىقىدا ئاش بولسا،
يۇرتىغا ئوت كەتسىمۇ، ئوت ئۇنىڭ ئۆيىگە تۇتاشمىسا، چېقـىـمچى
باشقىلارنى چاقسىمۇ، ئۇنى چاقمىسا بولۇۋېرىدۇ. بۇلار دەرياسى قۇ-
رۇپ كەتسىمۇ، ئىشكى ئالدىدىكى ئېرىقنى ئوڭلاپ ئاۋارە. ئۇلار ئۆز
يۇرتى، خەلقى، ۋەتىنى ياكى ھەققەتنى ئۈچۈن كۆڭلىگە بۈيۈك ئار-
مانلارنى پۈكمىسىمۇ، بۇنداق مەقسەتتە ياشىمىسىمۇ، ھاياتىنى پىلان-
لىق، ئىستراتېگىيىلىك ئۆتكۈزمىسىمۇ يەنىلا «ياخشى». ھەققەت ـ
ئادالەتنى دەپسەندە قىلىشقا قاتناشسىمۇ، ئەمما خۇسۇسىي ئەخلاقىدىن
جامائەت، ئائىلە، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى رازى بولسىلا ئۇ يەنىلا ياخشى.
بۇ دۇنيادىن ئەخلەتتەك ئەھمىيەتسىز ياشاپ ئۆتسىمۇ «يـاخـشى».
دېمەك، بىزنىڭ ئەتراپىمىز مانا مۇشۇنداق «ياخشىلار» بىلەن تول-
غان، سىزمۇ، ئۇمۇ، مەنمۇ ئەنە شۇنداق ياخشىلاردىن.


ئەمەلىيەتتە، «ياخشى» دېگەن ئۇقۇمنىڭ ئۆزى بىر نىسپىي ئۇ-
قۇم. بەزىلەر ئۈچۈن «ياخشى» ئادەملەر بەزىلەر ئۈچۈن «يامان»
بولۇشى مۇمكىن. پۈتۈن بىر دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ساتقىنى بولغان
ئادەم بەلكىم ئاتا ـ ئانىسى ئۈچۈن ۋاپادار بالا، ئايالى ئۈچۈن كۆ-
يۈمچان ئەر، بالىلىرى ئۈچۈن مېھرىبان دادا بولۇشى مۇمكىن. ياكى
ئائىلىسىنى تولا رەنجىتىپ قويىدىغان، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ كۆزىگە
ئانچە سىغمايدىغان ئادەملەر بىر خەلقنىڭ نىجاتكارى بوپقـېلـىـشى
مۇمكىن. ئۇنداقتا، «ياخشى»لىقنىڭ ئۆلچىمىنى زادى قانداق بېكىتىش

كېرەك؟ يا ئۇنىڭ ئۆلچىمى يوقمۇ؟

بۇ بەتتىكى سخېما ئارقىلىق ئوقۇرمەنلىرىمىز ئۆزى ئەركىن خۇلاسە چىقىرىۋالسا بولىدۇ:

ئادەم ئەنە شۇنداق قاتلاملار ئىچىدە ياشايدۇ. ئادەمنىڭ قانداقلىقى ئەنە شۇ قاتلاملاردا ھەرخىل ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئۇنداقتا، سىزنىڭچە ئادەم مەلۇم بىرەر قاتلام ئۈچۈنلا ياخشى بولۇشى مۇۋاپىقمۇ؟ ھەممىسى ئۈچۈن ياخشى بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ ئەگەر مۇمكىن ئەمەس، دەپ قارىسىڭىز، سىز قايسىسىنى تاللىۋالىسىز؟ سىز ھازىرغىچە قايسى قاتلام ئۈچۈن ياشاپسىز؟

بۇلار ھەققىدىكى جاۋابنى ھەممە ئىنسان ئۆزىنىڭ ۋىجدان، ئىمانى بىلەن سەممىي مەسلىھەتلىشىپ كۆرۈپ چىقىرىۋالغىنى تۈزۈك. چۈنكى بۇنداق جاۋاب شۇ كىشىنىڭ ھەرىكىتىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ.




يۇقىرىقى سخېمىدىن شۇ مەلۇمكى، جەمئىيىتىمىزدە بىرىنچى قاتلام ئۈچۈن ياشايدىغان «ياخشىلار» ئەڭ كۆپ. بۇ سان ئۈستىگە ماڭغانسېرى ئازىيىپ ماڭىدۇ. تارىخىي تەجرىبىلەر ۋە ئىجتىمائىي كۆزىتىشلەردىن شۇ مەلۇمكى، 1 ـ ، 2 ـ قاتلاملار ئۈچۈن ياشايدىغانلار كۆپ جەمئىيەتتە 3 ـ ، 4 ـ قاتلامنىڭ ئومۇمىي سۈپىتى ناچار بولىدۇ. ئەكسىچە، 3 ـ ، 4 ـ قاتلاملار ئۈچۈن ياشايدىغانلار خېلىلا كۆپ جەمئىيەتتە بولسا 1 ـ ، 2 ـ قاتلامنىڭ سۈپىتى ياخشى بولىدۇ. ئەگەر بىز جەمئىيىتىمىزنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى يۇقىرىقى سخېما نۇقتىسىدىن كۆزەتسەك، ئەھۋال تېخىمۇ روشەنلىشىدۇ.

ھەممىمىز ئۆزىمىزنى ياخشى ئادەم، ھەتتا خېلىلا ياخشى ئادەم، دەپ ھېسابلايمىز. ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن سىز ـ بىزدەك ياخشى ئادەملەرگە تولغان بۇ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە كىشىنى سۆيۈندۈرگۈدەك ياخشى نەتىجە، ياخشى ئۈنۈم نېمىشقا شۇنچە ئاز؟ بىز زادى قانداق ياخشى؟ «ياخشى» دېگەن بۇ ئۇقۇمنىڭ سىرتقى دۇنياغا مەلۇم ئەمەلىي نەتىجە، ئۈنۈم سۈپىتىدە گەۋدىلىنەلەيدىغان ئەمەلىي قىممىتى يوقمۇ؟ ياكى بىزدىكى «ياخشى»لىق پەقەت مەۋھۇم قىممەت يارىتىشى، ئەمەلىي قىممەت ياراتماسلىقى، مەلۇم مەسىلىلەرنى ھەل قىلماسلىقى كېرەكمۇ؟ مانا بۇ سوئاللار بىزنى ئۆزىمىزدىكى «ياخشى»لىق چۈشەنچىسى ھەققىدە تېخىمۇ چوڭقۇرراق ئويلىنىپ بېقىشقا ئۈندەيدۇ.

قىسقىسى، ياخشى ئادەم بولۇش ھەممە ئادەمنىڭ مەقسىتى. ھەممىمىزنىڭ ياخشى ئادەم بولۇپ ياشىغۇمىز، پەرزەنتلىرىمىزنى ياخشى ئادەم قىلىپ تەربىيىلىگۈمىز بار، شۇنداقلا ھەممە ئادەم مەندەك ياخشى بولسىكەن، دەيدىغان ئارزۇ ـ خىياللىرىمىزمۇ بار. ئۇنداقتا، بىر ئادەم ياكى بىر ياخشى ئادەمگە ھاياتتا ئۇنۇملۇك، نەتىجىلىك، غالىبلارچە ئۆز ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوغداپ، بوزەك ئېتىلمەي، كەمسىتىلمەي ياشاش ئۈچۈن ياخشى بولۇشلا كۇپايىمۇ؟ ياكى بىر ئادەم ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئالاھىدە ياخشى مۇئامىلە، ئەۋزەللىكتىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەكمۇ؟

بىز شۇنداق بولۇشى كېرەكتەك ھېس قىلىمىز. ۋەھالەنكى، بىز كۆرۈۋاتقان، بېشىمىزدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان پاكىت دەل ئەكسىچە: ھەمىشە يەرگىلا قارىساق ياخشىلار بوزەك قىلىنىۋاتقان، كەمسىتىلىۋاتقان، ياخشىلار ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكىدىن، ئۇچرىغان ئادالەتسىزلىكىدىن، يامانلار تەرىپىدىن بوزەك ئېتىلگىنى، ئالدانغانلىقىدىن قاقشاۋاتقان. مەن ھېچكىمنىڭ چىشىغا تەگمىگەن تۇرسام، يا ئىچمىسەم، چەكمىسەم، قىمار ئوينىمىسام، شۇنچە ئەدەب ـ ئەخلاقلىق تۇرسام، ھېچكىمگە ساختىپەزلىك قىلمىسام... دەپ بۇ تەتۈر ھالەتنى كاللىسىغا سىغدۇرالماي ھەسرەت چېكىۋاتقان.

شۇنى بىلىش كېرەككى، بىر ئادەمنىڭ «ياخشى»لىقى پەقەت ئۇنىڭ خۇسۇسىي ئىشى. ئۇ تۇرمۇشتا ئۆزىنىڭ ياخشىلىقىنى دەسمايە قىلىپ مەلۇم نەرسە كۈتمەسلىكى، تەمە قىلماسلىقى كېرەك. بۇ تولىمۇ زەئىپانە قاراش. ئادەمنىڭ «ياخشى»لىقى، ئۇنىڭ ھەممە ئىشىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇۋېدىغانلىقىنىڭ ئاساسى ئەمەس. ئادەمنىڭ جەمئىيەتتىكى، دۇنيادىكى غالىبلىق ئورنىنى ئۇنىڭ ياخشىلىقى ئەمەس، ئىقتىدارى، كۈچى بەلگىلەيدۇ. ياخشىلارنىڭ يامانلار ئۈستىدىن غالىب كېلىشى بەزى رومانتىك ئەسەر، كىنولاردا تەسۋىرلەنگەندەك «مەڭگۈلۈك قانۇنىيەت» بولۇۋېدىغان بولسا، قويلار بۆرىلەردىن، كېيىكلەر يولۋاسلاردىن غالىب كەلگەن بولاتتى. ۋەھالەنكى، ھەرگىزمۇ قوينىڭ ياۋاش ـ ياخشىلىقى بۆرىنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىيالمايدۇ، تەسىرلەندۈرەلمەيدۇ، شۇنداقلا قوينى يېيىش مەقسىتىنى ھەم ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

دېمەك، «ھەقىقەت مەڭگۈ غالىب»، «ياخشىلار چوقۇم يامانلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ»، «ھەق ـ ناھەق چوقۇم ئايرىلىدۇ» دېگەندەك گەپلەر، ئەگەر مەلۇم كۈچ شۇ مەقسەتكە تىرەك بولمىغاندا ھەر قانداق دۆلەت ۋە جەمئىيەتتە ھەممىسى قۇرۇق گەپكە ئايلىنىدۇ. «ئېگىلىپ سۇنمايدىغان ھەقىقەتلەر» رۇسلىنىپ بولغۇچە ياكى رۇسلىيالايدىغان ھەققانىيەت ھامىيلىرىنىڭ قولىغا ئۆتكىچە تالاي پاجىئەلەر يۈز بېرىدۇ.

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتى

بۇ سانىنىڭ مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان مامۇت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uygurkitap.com

# باھار تىۋىشى

(پوۋېست)

خالىدە ئىسرائىل



—سىنىپىمىزدىكى قىزلار ئىچىدە كىم ئەڭ ئوماق، كىم ئەڭ ئەقىللىق، بىلەمسىلەر؟

سىنىپ مەسئۇلىمىز نىياسەم مۇئەللىم قىپقىزىل، گۆشلۈك لەۋلىرىنى يىمىرىپ، ئىككى مەڭزىدىكى چىرايلىق زىناقلىرىنى كۆرسىتىپ سىرلىق قىياپەتتە سورىدى.

—بىلىمىز، نەرگىسئاي ئەڭ ئوماق، ئەڭ ئەقىللىق!

سىنىپتىكى كۆپ قىسىم ئوقۇغۇچى ئېگىز - پەس ئاۋازدا شۇنداق دەپ جاۋاب بەردۇق.

مۇئەللىم نەرگىسئايىنىڭ نەقەدەر تىرىشچانلىقى، ئىنتىزامچان، ئەدەب - قائىدىلىكلىكىنى ئاغىزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختىدى، ئارقىدىن مۇقەددەس، گۈلزىرە، نىگارە، رىزۋانگۈللەرمۇ بىرەر قۇر تەرىپلەندى.

مەن بولسام ئالدىمدىكى خاتىرەمنىڭ تېشىغا: «سىنىپىمىزدىكى ئەڭ ئوماق، ئەڭ ئەقىللىق قىز - گۈلنىسا» دەپ يازدىم. ئىچىمدە قورقۇپ ئولتۇرىمەن. ماختاشلار ئاخىرلىشىپ ئۇچۇغداش باشلانسا، ئۆزۈمنىڭ قۇتۇلالايدىغانلىقىمنى بىلمەن. چۈنكى ئۇدا بىر نەچچە كۈن كېچىكىپ كەلدىم. ئۆتكەن مەۋسۇملۇق ئوقۇش پۇلىنى تېخى تاپشۇرالمىدىم... مۇئەللىم مېنى كۆرمىسە، ئۇنتۇپ قالسا ئىلاھىم، ياكى مەن بىردىنلا كۆرۈنمەس ئادەمگە ئايلىنىپ قالسام...

ئۆتكۈر كۆزلەرنىڭ ئۆزۈمگە چۈشۈپ قېلىشىدىن قورقۇپ بېشىمنى پەسكە ئېگىپ تۆۋەنگە سىرىلىشقا باشلىدىم. پۇتۇم ئالدىنقى قاتاردىكى رۇستەمنىڭ پۇتلىرى ئارىسىغا كىرىپ قالدى.

—ھە، ئاخىر تۇتۇلدۇڭمۇ!

رۇستەم ئوڭ پۇتۇمنى ئىككى پۇتى بىلەن مەھكەم قىسىۋالدى.

مەن قىسماققا چۈشۈپ قالغان توشقاندەك تىپىرلاپ ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇندۇم، ئەمما قۇتۇلالمىدىم. ئۇ دېگەن «دىۋە» تۇرسا.

—گۈلنىسا، تۇرە ئورنىڭدىن!

مۇئەللىم يېنىمدىلا تۇراتتى. ئۇنىڭ بايا نەرگىسئايلارنى ماختىغان چاغدىكى كۈندەك ئېچىلىپ كەتكەن چىرايىنى ئەمدىلىكتە قارا بۇلۇتلار قاپلىغانىدى.

—«سىنىپىمىزدىكى ئەڭ ئوماق، ئەڭ ئەقىللىق قىز - گۈلنى... سا»؟ مۇئەللىم خاتىرەمنىڭ تېشىدىكى خەتلەرنى ئۈنلۈك ئوقىدى. سىنىپتا كۈلكە كۆتۈرۈلدى. مەن سەكرەپ تۇرماقچى بولدۇم، ئەمما تۇرالماي يىقىلىپ چۈشتۈم. بېشىمنى يەيدىغان دىۋە!

بېشىم قاتتىق بىر نەرسىگە تېگىپ، كۆزۈمدىن ئۇچقۇنلار چاقنىغاندەك بولدى... كۆزۈمنى ئاچسام مەكتەپ دوختۇرخانىسىنىڭ كارىۋىتىدا يېتىپتىمەن. ئۇدۇلدا - قىيا يېپىلغان ئىشىكتە بىر مۇنچە باشلار ھەجىيىشقىنىچە قىستىلىشىپ تۇرىدۇ. ئىككى يېنىمدا مەكتەپ دوختۇرى

ئەدەبىيات گۈلزارى

بىلەن نىياسەم مۇئەللىم خۇددى مەن ئۆلۈپ ـ تىرىلگەندەك ھاياجان بىلەن ماڭا قاراپ تۇرۇشىدۇ.

مەن راسا چوڭقۇر بىر تىندىم.

— مانا، ياخشى بوپقالدىڭىز، مۇشۇ يەردە بىردەم ئارام ئېلىپ، بىرەر سائەتلەردىن كېيىن سىنىپقا چىقسىڭىزمۇ بولىدۇ. ـ مۇئەللىم مېھرىبانلىق بىلەن يوتقىنىمنى ئوڭلاپ يېپىپ قويۇپ، ئىشىككە قىستۇرۇلۇپ تۇرغانلارنى باشلاپ چىقىپ كەتتى.

— يارىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ؟ ـ دوختۇر بېشىمنى شەرەت قىلىپ سورىدى.

— يارىڭىز؟... بېشىمنى تۇتسام چوقامدىكى ئازراق يەر داكا بىلەن تېڭىپ قويۇلۇپتۇ.

— ياق، ئاغرىمىدى.

دوختۇرمۇ ماڭا قاراپ ئىللىق كۈلۈمسىرىدى. مەن راھەتلىنىپ كۆزۈمنى يۇمدۇم. كېسەل بوپقېلىش، بولۇپمۇ ئاغرىقنى سەزمەيدىغان كېسەل بولۇش نېمىدېگەن راھەت ـ ھە. ھەممە ئادەم ساڭا قاراپ كۈلۈمسىرەيدۇ، ساڭا غەمخورلۇق قىلىدۇ، سېنى بىئارام قىلماسلىققا تىرىشىپ ئەتراپىڭدا پىچىرلىشىپ سۆزلىشىدۇ. بىراق چوڭ ئاپام مېنىڭ ئاغرىپ قېلىشىمدىن بەك قورقىدۇ. «بىز دېگەن كەمبەغەل خەق، ئاشۇ دوختۇرخانىغا بېرىشتىن خۇدايىم ساقلىسۇن» دېگەننى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ. دېمىسىمۇ شۇنداق. ئەگەر مەن قاتتىقراق ئاغرىپ قالىدىغان بولسام، ئاپام بىلەن دادام دوختۇرخانىغا تۆلەيدىغان پۇلنى بىر ـ بىرىگە ئىتتىرىشىپ مېنى ئۆلتۈرۈپ قويىدىغۇ دەيمەن. ئۇلار مەسئۇلىيەتنى بىر ـ بىرىگە ئىتتىرىشكە بەك ئۇستا. ھەر قېتىم ئوقۇش پۇلى، كىتاب پۇلى... دېگەنلەرنى ئالغىلى بارسام، ئاپام: داداڭ بەرسۇن دەيدۇ، دادام بولسا: ئاپاڭ نېمىشقا بەرمەيدىكەن، ئاپاڭدىن ئال، دەيدۇ. ئاپامدىن ئالمىشىمەن، ئاپام ماڭا پۇل تۈگۈل بىر قاچا ئاشنىمۇ تىترەپ تۇرۇپ بېرىدىغان تۇرسا. بەزىدە ئۇلارنىڭ، بولۇپمۇ دادامنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ: مەن كىمنىڭ بالىسى، مېنى ھەرقايسىڭ بۇ دۇنياغا نېمە ئۈچۈن پەيدا قىلغان؟! دەپ ۋارقىرىغۇم كېلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ پايدىسى يوق. مەن دادام بىلەن ئاپامنى ئۆزۈمدىن بەكرەك چۈشىنىمەن.

مەن ئەقلىمگە كەلسەم، دادام بىلەن ئاپام كۆن ئارىلاپ دېگەندەك قاتتىق سوقۇشىدىكەن. مەن بۇ جېدەللەرنىڭ تېگى ـ تەكتىنى چۈشىنىشكە قادىر ئەمەس ئىدىم. پەقەتلا دادام نېمىشقىدۇر ۋارقىراپ، چىنە ـ قاچىلارنى ئاتقىلى تۇرغاندا، قىيامەت قايىم بولغاندەك ۋەھىمە ئىچىدە يۈگۈرۈپ بېرىپ ئاپامغا مەھكەم چاپلىشىۋالاتتىم. دادام كىچىككىنە، ئورۇق قوللىرىمنى قوپاللىق بىلەن قايرىپ، مېنى ئاپامنىڭ قۇچىقىدىن يۇلۇپ ئالاتتى ـ دە، بىگىز قولىنى كۆزۈمگە تەڭلەپ: «ئاۋازىڭنى چىقارغۇچى بولما، بولمىسا بوغۇپ تاشلايمەن!» دەپ قورقۇتاتتى. ئارقىدىن قوللىرى بىلەن بېشىنى توسۇپ بىر بۇلۇڭغا تىقىلىۋالغان ئاپامنىڭ چاچلىرىنى بىر قولىغا يۆگىۋېلىپ، يوغان مۇشتى بىلەن يۈز ـ كۆز، بويۇن ـ باشلىرىغا توختىماي ئۇراتتى. ئۇرۇۋېرىپ قولى ئاغرىپ كەتكەندە تېپىپ يەرگە يىقىتىپ، دەسسەپ ـ چەيلەشكە باشلايتتى. ئاپامنىڭ نالە ـ زارىغا چىدىماي يۈگۈرۈپ كېلىپ ئاپامغا ئېسىلاتتىم. چىرايى قارىداپ، كۆزلىرى ئالىيىپ قورقۇنچلۇق تۈسكە كىرىپ قالغان دادام مېنى غەزەپ بىلەن ئىتتىرىۋېتەتتى. مەن يىقىلغان يېرىمدىن قوپۇپ يەنە ئاپامنى چۆرگىلەپ قىرقىراپ يىغلايتتىم. قوشنىلار كىرىپ دادامنى يان ئۆيگە ئەچىقىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ قورققىنىمدىن ئېسىمگە كېلەلمەي ئۇزاققىچە ۋارقىراپ يىغلاۋېرەتتىم.

دادام ھەر قېتىم ئاپامنى ئۇرۇپ بولۇپ يېرىم كېچىلەرگىچە يوق بوپكېتەتتى. قاپاقلىرى كۆكەرگەن، يۈزىنىڭ نەچچە يېرى قىزىرىپ، ئىششىپ چىققان ئاپام مېنى باغرىغا باسقىنىچە ئىچ ـ ئىچىدىن بۇقۇلداپ يىغلاپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ بىچارە تۇرقىغا قاراپ مەنمۇ يىغلايتتىم. يىغلاپ تۇرۇپ: «ئاپا، بىز بۇ ئۆيدىن كېتەيلى، چوڭ ئاپامنىڭ قېشىغا كېتەيلى» دەپ يالۋۇراتتىم. «بىز نەگە كېتىمىز؟ بارىدىغان يېرىمىز بولمىسا. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز كەتسەك، داداڭ باشقا خوتۇن ئالىدۇ. ئۇ خوتۇن داداڭغا بالا تۇغۇپ بېرىدۇ. ئۇ چاغدا سەن يېتىم بوپقالامسەن؟ سەن بىلمەيسەن، بۇ دۇنيادا تۇل خوتۇن، يېتىم قىز دېگەننى ھېچكىم كۆزىگە ئىلمايدۇ. سېنىڭ يېتىم بوپقالماسلىقىڭ ئۈچۈن ھەرقانچە تاياق يېسەممۇ مەن رازى» دەيتتى ئاپام. «ياق، ئاپا، مەن دادامغا ئۆچ، ماڭا ئۇنداق دادا لازىم ئەمەس» دەپ يىغلايتتىم. مەن دائىم كېچىلەردە چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتەتتىم، ئىشكىنىڭ تاراققىدە قىلىشىدىن، بىر كىملەرنىڭ ئۈنلۈكرەك سۆزلىشىدىن قورقۇپ تىتەرەيتتىم. مەن كۆرۈشنى خالىمايدىغان ئېچىنىشلىق مەنزىرە دائىم كۆز ئالدىمدا تەكرارلىناتتى. كېچىلىرى چۈشۈمدىن، كۈندۈزلىرى خىيالىمدىن كەتمەيتتى. مەن بارغانچە قورقۇنچاق، جىمغۇر بوپكېتىۋاتاتتىم. مەن يەتتە ياشقا كىرگەن يىلى ئاپام تاياق زەربىسىدىن دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى. ئاپامنىڭ ئاشۇ چاغدىكى بىچارە تۇرقى، دوختۇرلارنىڭ دادامنىڭ زوراۋانلىقىنى، ئاپامنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق ئىتائەتمەنلىكىنى ئەيىبلەپ كەتكەنلىكى ھېلىمۇ ئېسىمدە.

ئاپام دادامغا خەۋەر قىلمايلا دوختۇرخانىدىن چىقتى. ئۇ ئۆيگە كېلىپ ئىشكاپ ـ چاماداندىكى ئىككىمىزنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى يوغان بىر سومكىغا سېلىپ، بىر قولىدا سومكىنى كۆتۈرۈپ، بىر قولىدا مېنى يېتىلەپ سىرتقا قاراپ ماڭدى. مەن ئۇنىڭدىن توختىماي: «ئاپا، نەگە بارىمىز؟» دەپ سورايتتىم. ئۇ قانداقتۇر بىر ئىشقا ئالدىرىغاندەك گەپ ـ سۆز قىلماي ئىتتىك ـ ئىتتىك ماڭاتتى. مەن يۈگۈرۈپ دېگۈدەك مېڭىپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئاران يېتىشەتتىم. چوڭ بىر كوۋرۈككە كەلگەندە ئاپام بىردىنلا توختاپ، يانچۇقىدىن ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىپ، غۇلچىنى كەڭ يايغىنىچە يىراققا قارىتىپ ئاتتى. مەن كوۋرۈك رېشاتكىسىدىن بويىنۇمنى سوزۇپ ئاچقۇچنىڭ كۈن نۇرىدا ۋال ـ ۋۇل قىلىپ چاقنىغىنىچە تۇرۇلۇپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ سۈيىگە چۈشۈپ غايىب بولغىنىنى كۆرۈپ تۇردۇم.

بىز ئاپامنىڭ بىر تۇغقىنىنىڭكىدە بىر مەزگىل تۇردۇق. كېيىن ئارقا كوچىدىكى بىر قورۇدىن بىر يېرىم ئېغىزلىق ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئايرىم تۇرۇشقا باشلىدۇق. تۇنجى قېتىم ئاپام بىلەن بۇ قورۇغا كىرگىنىمدە ئالقاندەك ھويلىدىكى يەرنىڭ تېگىگە چۆكۈپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنىدىغان پاكار ئۆيلەر، بىر بۇلۇڭغا دۆۋىلەپ قويۇلغان ئەسكى ـ تۈسكى ياغاچ ـ تاشلار كۆزۈمگە غەلىتە كۆرۈنۈپ، كۆڭلۈم يېرىم بولغانىدى. ئاپام ئىككىمىز ئۆينى ئاقلاپ، تازىلاپ، يىغىشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆي كۆزۈمگە خېلىلا ئىسسىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

كوچىنىڭ ئىچكىرىسىدە كونا كىيىم ـ كېچەك، كونا ئۆي جاھازلىرىنى ساتىدىغان بازار بار ئىدى. بىز ئۇ يەرگە بىر نەچچە قېتىم بېرىپ

خېلى يېڭى بىر كىيىم ئىشكاپى، ئىككى ياغاچ كارىۋات، بۇلۇڭ ئەينەكى، ئۈچبۇلۇڭ پاكار ئىشكاپ دېگەندەك نەرسىلەرنى سېتىۋالدۇق. بۇ نەرسىلەرنى تىزىپ، دېرىزىگە پەردە تارتىپ بولغاندا ئۆيىمىز باشقىچىلا بوپكەتتى.

ئاپام مېنىڭ تېلېۋىزور كۆرەلمەي زېرىكىۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ، كونىراق رەڭلىك تېلېۋىزوردىن بىرنى كۆتۈرۈپ كەپتۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ ئۆي ئانا ـ بالا ئىككىمىزنىڭ جەننىتىگە ئايلاندى. بولۇپمۇ مېنىڭ نەزىرىمدە شۇنداق ئىدى. مەن ئەمدى ئاخشاملىرى خاتىرجەم ئۇخلايتتىم. ئەتىگىنى خۇشال ـ خۇرام ئويغىنىپ، چېيىمنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن قورۇدىكى بالىلار، چۈجە ـ كۈچۈكلەر بىلەن ئويۇنغىلى چىقىپ كېتەتتىم. ئاپام ئاچقۇچنى بوينۇمغا ئېسىپ قويۇپ ئىشقا كېتەتتى.

شۇ يىلى كۈزدە مەن مەكتەپكە كىردىم. ئوقۇتقۇچىمىز بىرىنچى قېتىم يوقلىما قىلىۋېتىپ، مېنىڭ ئىسمىمغا كەلگەندە توختاپ قالدى.

—گۈلنىسا...؟ فامىلىڭىزچۇ، دادىڭىزنىڭ ئىسمى نېمە؟

—مېنىڭ دادام يوق، فامىلەممۇ يوق.

مۇئەللىم ماڭا قاراپ بىردەم ئويلىنىپ قېلىپ:

—ھەرقانداق ئادەمنىڭ فامىلىسى بولىدىغۇ، قىزىم. دادىڭىز ئۆلۈپ كەتكەنمىدى ياكى ...؟ ـ دېدى.

—مېنىڭ فامىلەم گۈلسۈمخان، مېنى ئاپام باققان، ـ دېدىم ئاۋازىمنى كۆتۈرۈپ.

مۇئەللىم كۈلۈۋەتتى. ساۋاقداشلىرىممۇ: «قارا، قارا، ماۋۇ قىزبالىنىڭ فامىلىسى گۈلسۈمخان ئىكەن» دېيىشىپ كۈلۈشكىلى تۇردى.

—بولدى، بولدى، كۈلۈشمەڭلار. بوپتۇ، ھازىرچە گۈلسۈمخان بولۇپ تۇرسۇن، ـ دېدى مۇئەللىم.

ئادەتتە ساۋاقداشلىرىم دادىلىرى بىلەن ماختانسا، مەن: مېنىڭ ئاپام بەك چىرايلىق، دەپ ماختىناتتىم. ئاپام ھەقىقەتەن چىرايلىق ئىدى. ئۇ ماڭا ئەرزان بولسىمۇ، ئەڭ چىرايلىق كىيىملەرنى، ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھەۋىسى كەلگىدەك پوسما، ئاياغلارنى ئېلىپ بېرەتتى. كىتاب پۇلى، ئوقۇش پۇلى دېگەنلەردىن زادىلا قىسىلدۇرمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، مەن دادىسى بىلەن ماختىنىدىغان ساۋاقداشلىرىمغا ئانچە ھەۋەس قىلمايتتىم. مېنىڭ دادام يوق، مەن باشقىلاردىن بىچارە، دېگەن ئويلار خىيالىمغا كىرىپ چىقمايتتى. ئاپامنىڭ كونا تونۇشلىرى بىلەن كوچىدىكى بەزى مومايلار مېنى كۆرسىلا بېشىمنى سىلاپ: «بىچارە قىز، مۇشتتەك تۇرۇپ تىرىك يېتىم بولدى، كېيىن نېمە كۈنلەرنى كۆرەر» دەپ كۆز يېشى قىلىشىپ كېتەتتى. ماڭا ئۇلارنىڭ بۇ گەپلىرى ئەھمىيەتسىز، كۈلكىلىك تۇيۇلاتتى، شۇڭا ئۇلارنى كۆرسەم قېچىپ كېتەتتىم.

بىر كۈنى دەرستىن چۈشۈپ ئۆيگە كېتىۋېتىپ، مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرغان دادامنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ مېنى كۆرۈپ مەن تەرەپكە قاراپ ئىتتىك كەلمىگەن بولسا بەدەر قاچقان بولاتتىم.

—قىزىم، ئوبداق تۇرۇۋاتامسەن؟ قارا، چوڭ بوپكەتكىنىڭنى، ـ دېدى دادام بېشىمنى سىلاپ. مەن كۆچەپ بېشىمنى دادامنىڭ قولى ئاستىدىن چىقىرىۋېلىپ، نېرىراق بېرىپ تۇردۇم.

—مەن ساڭا قىشلىق ئاياغ ئېلىپ قويغان. جۈر، ئۆيگە بىللە بارايلى. مەن بىلەن بىرەر ئاي تۇرامسەن يا؟

دادام قولۇمنى تۇتۇۋېلىپ كۆچەپ تارتتى. مەن تىرەجەپ ماڭغىلى ئۇنىمىدىم. دادام كۆتۈرمەكچى بولىۋېدى، بىردىنلا ۋارقىراپ يىغلاشقا باشلىدىم. يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىشىلەر، كىچىك بالىلار ئەتراپىمىزغا ئولاشقىلى تۇردى.

مەن زوڭزىيىپ ئولتۇرغان دادامنى ئىتتىرىۋېتىپ قېچىپ كەتتىم. ئۇ، يەردە ئولتۇرۇپ قالدى. مەن قېچىپ خېلى يەرگە بارغاندا توختاپ كەينىمگە قارىسام، دادام تېخىچە شۇ يەردە ماڭا قاراپ تۇرۇپتۇ.

ئاشۇ ئىشلارغا قانچە يىللار بوپكەتتى ـ ھە. ھازىر ئويلىسام، ئاشۇ مېنىڭ بالىلىق ھاياتىمدىكى ئەڭ بەختلىك چاغلىرىم ئىكەن.

* * *

—تولۇق 3 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپتىكى ساۋاقداشلار دىققەت، ئەڭ يېڭى خەۋەر، ئەڭ يېڭى خەۋەر: يېڭى تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى كەپتۇ. دەرس دېگەننى كاللىغا قۇيۇپلا قويغىدەك. لېكىن ئويۇنقېيىلارغا زادى يۈز ـ خاتىرە قىلماسمىش. رۇستەم، مەردان، ئېليار، سىلەر ئېھتىيات قىلمىساڭلار ئىشىڭلار چاتاق...

1 ـ قاتاردا ئولتۇرىدىغان دوغىلاقتىنا كەلگەن، يۇپيۇمىلاق يۈزىدە بىر جۈپ يوغان كۆزى شوخلۇق بىلەن ئويناپ تۇرىدىغان گۈلزىرە مەشىق دەپتىرىنى كانايچە قىلىپ ئاغزىغا تۇتۇۋېلىپ، ئارقىسىغا قاراپ سۆزلەۋاتاتتى. ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ بولغۇچە ئورۇق، ئېگىز بويى، چاچلىرىنى ئارقىسىغا تارىغان، ئۇزۇن قارا پەلتۇ كىيگەن ئوقۇتقۇچى سىنىپقا كىرىپ بولدى. ھەممىمىز پارتىلارنى تاراقشىتىپ ئالدىراپ ئورنىمىزدىن تۇردۇق. مۇئەللىم جىددىي، سىنچى كۆزلىرى بىلەن كۆپچىلىككە بىر قۇر قارىۋېتىپ «ئولتۇرۇڭلار» دېدى. سىنىپ ئىچىدە بىر پەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ئاشۇ بىر جۈپ كۆز بىلەن 50 نەچچە جۈپ كۆز گويا نېمىنىدۇر ئىزدەۋاتقاندەك بىر ـ بىرىگە تىكىلگەنىدى. بۇ تىكىلىش ئادەتتىكىدىن ئۇزاقراق داۋاملاشتى. نۇرغۇن كۆز مۇشۇ تىكىلىشكە بەرداشلىق بېرەلمەي دەسلەپتىلا چاندۇرۇپ قوياتتى. قارىغاندا بۇ مۇئەللىم باشقىچىدەك قىلاتتى.

—مېنىڭ ئىسمىم مەھمۇت، ئىلگىرى × × كان رايون مەكتىپىدە ئىشلىگەن. ئەمدى بۈگۈندىن كېيىنكى بىر نەچچە ئاينى بىز بىللە ئۆتكۈزىمىز. ساۋاقداشلار، مۇشۇ پارتىدا 12 يىل ئولتۇرغان ھەرقانداق بىر ئەقىل ئىگىسىنىڭ بۈگۈنگە كەلگەندە بوشاڭلىق قىلمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، ھەم مەن ھېچكىمنىڭ بوشاڭلىق قىلىشىغا يول قويمايمەن. ھەر بىرىڭلارنىڭ ئىستىقباللىرىڭلار، ئەتەڭلەرگە مەسئۇل بولۇش مېنىڭ مەجبۇرىيىتىم. ئەتە ئۈچۈن، جەمئىيەتكە يارامىلىق، مۇكەممەل ئادەم بولۇش ئۈچۈن تىرىشىش سىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىڭلار. بىز ئورتاق بىر مەقسەت يولىدا سەپەرگە ئاتلانغان جەڭچىلەرگە ئوخشايمىز. قېنى، بۇ سەپەرگە ئاتلىنىشتىن بۇرۇن سەپتىن چېكىنىدىغانلار بولسا ئۆزىنى مەلۇم قىلسۇن. لېكىن، كېيىن كۆز يېشى قىلىدىغانلار چىقىپ قالمىسۇن!

يېڭى مۇئەللىم كۆزلىرىنى سۇرلۇك چاقنىتىپ، شېئىر ئوقۇۋاتقاندەك جەلپكار ئاھاڭدا توختىماي يېرىم سائەت سۆزلىدى. بىز ھەممىمىز چوڭقۇر تىنىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي، كۆزىمىزنى يوغان ئاچقان ھالدا ئۇنىڭ ھەر بىر ئېغىز سۆزىنى قەلبىمىزگە ئورنىتىۋېلىشقا تىرىشتۇق. مەن ئىچ ـ ئىچىمدىن كۆتۈرۈلگەن ئىللىق بىر ئېقىمنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدۇمغا تاراۋاتقانلىقىنى، قەلبىمنىڭ شادلىق ۋە ئىشەنچكە تولغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئەتراپىمغا قارىسام ھەممىسى كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ،

سېھرىلىنىپ قالغاندەك ئولتۇرۇشىدۇ.

— قانداق، باشقىچە پىكىرلەر بارمۇ؟ كۆپچىلىك ئۆز قاراشلىرىڭلارنى دادىل ئوتتۇرىغا قويۇڭلار، چارە - تەدبىر، تەكلىپلەر بولسىمۇ، سوئاللار بولسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. بىز ئوچۇق - يورۇق، سەمىمىي ھالدا كۆڭلىمىزدىكى گەپلەرنى قىلىشايلى، بۇ ئۆزئارا چۈشىنىشكە پايدىلىق.

مۇئەللىم 1 - پارتىنىڭ گىرۋىكىدە جەينىكىنى پارتىغا تىرەپ، پۈتۈن تېنى ئالماشتۇرۇپ ئولتۇرۇپ، ئۇزۇن، ئورۇق بارماقلىرى بىلەن چاچلىرىنى كەينىگە تاراشقا باشلىدى.

— مۇئەللىم، مېنىڭ بىر سوئالىم بار، دېسەم بولامدۇ؟ - رۇستەم ھىجايغىنىچە ئىنگاڭلاپ ئورنىدىن تۇردى.

— ھە، بولىدۇ، بولىدۇ، قانداق گېپىڭ بولسا دەۋەرگىن.

— مۇئەللىم، سىز قانچە ياشقا كىردىڭىز، قانچە بالىڭىز بار؟

كۆپچىلىك پاراقلاپ كۈلۈشتى. سىنىپنىڭ كەيپىياتى بىردىنلا جانلاندى.

— يارايسەن ئاغىنە، سوئالىڭ جايىدا. مەن بۇ يىل 32 ياشقا كىردىم. لېكىن تېخىچە توي قىلمىدىم. بەلكىم بۇنىڭدىن كېيىن قىلىشىم مۇمكىن. شۇ چاغدا چوقۇم سېنى تويغا تەكلىپ قىلىمەن. قېنى، ئۆزۈڭنىڭ قانداق ئويلىرىڭ بار، سۆزلەپ باقمامسەن، قىيىنچىلىق، مەسىلىلەر بولسىمۇ بولىدىغۇ.

— ئۇنداق بولسا... سۆزلەي. مەن ... مەن ئەزەلدىن ئەدەبىيات دەرسىنى ياخشى كۆرمەيمەن. ھەرقانچە تىرىشىپ ئۆگىنەي دېسەممۇ ئۆگىنەلمەيدىكەنمەن. ئىلگىرىكى ئەدەبىيات مۇئەللىممۇ مېنى شۇنداق دەيتتى. بىر قېتىم تاپشۇرۇق بەرگەندە، شېئىر يېزىپ كەلسەم، ئۇ مېنى «زامانىمىزنىڭ پۇشكىنى» دەپ زاڭلىق قىلغان...

سىنىپتا كۈلكە كۆتۈرۈلدى، ئوغۇللاردىن بىرى رۇستەمنىڭ شېئىرىنى ئۈنلۈك دېكلاماتسىيە قىلىشقا باشلىدى:

گۈلنىسا، ھەي گۈلنىسا،
گەپ قىلسا يا ئاڭلىمىسا.
تىللىسا ئۇ يىغلىسا،
ھەي گۈلنىسا، گۈلنىسا...

مۇئەللىم كۈلكىسىنى بېسىپ قىزىقسىنغان ھالدا سورىدى:

— گۈلنىسا دېگەن كىم؟

— ئەنە، ئەنە، ئاۋۇ قىز شۇ!

ھەممىسى مېنى كۆرسىتىشتى، ئىزا تارتقىنىمدىن ئۆلگۈدەك بولۇپ يۈزۈمنى قوللىرىم بىلەن توسۇۋالدىم.

— قېنى، بولدى قىلايلى ساۋاقداشلار، رۇستەم ئىككىمىز ئايرىم پاراڭلىشىمىز. يەنە باشقىلارنىڭ قانداق ئويلىرى باركىن، ئاڭلاپ باقايلى...

ئېلېكترلىق قوڭغۇراقنىڭ تاقەتسىز جىرىڭلىشى مېنى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇردى. مەن بېشىمنى پارتىغا قويۇپ يېتىۋالدىم. «سەن دېۋە نېمانچە ئەسكى - ھە. ئۆتكەندە يىقىتىۋەتكىنىڭنىڭ ھېسابىنى تېخى ئالماي تۇرۇپ، يېڭى مۇئەللىمنىڭ ئالدىدا يۈزۈمنى چۈشۈرۈۋاتىسىنا. مەن سېنى كەچۈرەلمەيمەن، مەڭگۈ كەچۈرەلمەيمەن. سېنىڭ چىرايىڭغا مەڭگۈ قارىمايمەن...» - كۆڭلۈمدە ئەنە شۇنداق ئاچچىق ئويلار كېزەتتى. يېنىمدىكى پارتىدا ئولتۇرىدىغان مۇقەددەس بىر نەچچە قىزنى ئەتراپىغا يىغىۋېلىپ، تور ئارقىلىق تونۇشقان «يىگىتى» بىلەن قىلىشقان قىزىقارلىق گەپلىرىنى قىلىپ بېرىۋاتاتتى، قىزلار توختىماي پىخىلداپ كۈلۈشەتتى.

— مەھمۇت مۇئەللىمنى دەرس دېگەننى «سەت» ئۆتۈۋېتىدۇ دەيدۇ. ئىلگىرىكى مەكتىپىدە بۇ مۇئەللىم دەرس بەرگەن سىنىپنىڭ ئەدەبىيات نەتىجىسى بەك يۇقىرى چىقىپتىكەن، - دېدى گۈلزىرە ھازىر مودا بولۇۋاتقان«سەت» سۆزىنى ئالاھىدە ئۇرغۇ بىلەن چىقىرىپ.

— ھەي، ئاڭلىدىڭلارمۇ، بۇ مۇئەللىمنىڭ يۈرۈۋاتقان قىزى ئەنگلىيىگە ئوقۇشقا چىقىپ كېتىپ بىر چەت ئەللىك بىلەن توي قىلىۋالغانىكەن. «سەت» سەتەڭ ئىكەنمىش...

مەن كۇسۇر - كۇسۇر گەپلەرگە قىزىقىپ كېتىپ رۇستەمگە قىيداشنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاسلا قاپتىمەن. ساراڭ دېۋە كەينىگە قاراپ چاچلىرىمنى تارتقىلى تۇرغانىدى، ئاچچىق بىلەن ئۇنىڭ قولىنى سىلكىۋەتتىم.

— گۈلنىسا، ھەي گۈلنىسا، يىغلاۋاتامسەن؟ خاپا بولما جۇمۇ. مەن قەستەن قىلمىدىم. مەن شېئىرنى ھەرگىز ئوقۇمايتتىم، ئاۋۇ مەردان دېگەن...

بىردىنلا كۆڭلۈم ئېرىپ قالدى. راست، شېئىرنى ئۇ ئوقۇمىدىغۇ. دېگەنبىلەن ئۇ بەزى يەرلەردە مېنىڭ كۆڭلۈمنى بەك ئايايدۇ. مەن بىرەرسىدىن ئازار يەپ قالسام ماڭا بولۇشىدۇ. ئاڭلىسام، ئۇ ئۆتكەن قېتىم مەن يىقىلىپ ھوشۇمدىن كەتكەندە بەك قورقۇپتۇ. ئىشىكنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىپ چوڭ دادىسى ئۆگىتىپ قويغان ئايەتلەرنى ئوقۇپتۇ. ھەي بۇ دېۋىزە... داۋاملىق چاتاق تېرىپلا يۈرىدۇ. ئىشنى تېرىپ بولۇپ، ئىشىكنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋېلىپ «ئاللا ھۇممەھەفەرنى مىسىن بەينى يەدەيىە ۋەمىن خەلفى ۋە ئەن بەھنى ۋە ئەن شىمالى ۋە مىن ھەۋفى...» دېگەن ئايەتنى ئوقۇيدۇ. ئۇنىڭ دەپ بېرىشىچە بۇ: ئى ئاللاھ! گۇناھلىرىمنى كەچۈرگەيسەن. مېنى ئالدىمدىن، كەينىمدىن، ئوڭ تەرىپىمدىن، سول تەرىپىمدىن، ئۈستۈمدىن... قوغدىغايسەن، دېگەن مەنىدىكى ئايەت ئىكەن.

مەن چوڭ ئاپام بىلەن تۇرغاندەك، ئۇمۇ چوڭ دادىسى بىلەن بىللە تۇرىدۇ. چوڭ دادىسى ئېگىز بويى، كەكە ساقال، سۆزلەپلا تۇرىدىغان تېتىك ئادەم. دائىم مەكتەپكە كېلىپ تۇرىدۇ. بەزىدە سىنىپقىمۇ كىرىپ، بىر ھازا ئۇنى - بۇنى دەپ بالىلارنى كۈلدۈرىدۇ.

ئالايغان بولۇپ ئۇنىڭغا قارىسام، «دېۋە»نىڭ چىرايى تېخىمۇ قارىداپ، قويۇق قاشلىق قوشۇمىلىرى تېخىمۇ تۈرۈلۈپ كېتىپتۇ. نېگىر بوكسچىلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان قېلىن لەۋلىرى ھازىرلا يىغلىۋېتىدىغاندەك دومسىيىپ كېتىپتۇ.

— ساراڭ دېۋە، ساراڭ دېۋە! - دېدىم كۈلۈمسىرەپ. ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا ئېچىلدى. ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، ئوتتۇرىغا چىقىۋالغان مەردان، ئېلىيارلارنىڭ يېنىغا كەتتى. شۇ تاپتا مەردان مەھمۇت مۇئەللىمنىڭ كىيىم ئاسقۇچتا تۇرغان ئۇزۇن قارا پەلتوسى بىلەن شىلەپىسىنى كىيىپ، ئاغزىدا مۇزىكا چېلىپ، جېكسوننى دوراپ ئۇسسۇلغا چۈشكەنىدى. ئۇنىڭ شامالدەك پىرقىراشلىرى، پۇت - قولىنىڭ چاقماقتەك تېز ھەرىكىتى، مۈرە، بەل، بويۇن - باشلىرىنىڭ، ھەتتا قول ئۇچىنىڭ ھەر بىر ھەدىرلىشى كىشىنى ئىختىيارسىز بارىكاللا ئېيتقۇزۇۋېتەتتى.

ھەممىمىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتۇق. ئوغۇل بالىلاردىن بىر نەچچىسى ئاغزىلىرىنى كۆپتۈرۈپ ساكس، كاناي -

سۇنايلارنىڭ ئاۋازىنى دوراشتى، بەزىلىرى پارتىنى چېكىپ، دۇمباق چالاتتى. يەنە بەزىلىرى «ياشاپ كەت مەردان»، «قايناپ!» دەپ ئۇسسۇلچىغا ئىلھام بېرەتتى. ئۇشتۇمتۇت تازا ۋارقىراۋاتقانلاردىن بىر نەچچىسى جىم بولۇشۇپ، بىر ـ بىرىنى نوقۇشقىلى تۇردى. قارىساق، مەھمۇت مۇئەللىم ئىشىك تۈۋىدە تۇرىدۇ. قارىغاندا قىيا ـ چىيا بىلەن بولۇپ، قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىماي قالغان بولساق كېرەك، كۆپچىلىك دەرھال تاراپ ئورۇنلىرىغا بېرىۋېلىشتى. پەقەت مەردانلا ھېچنەرسىنى تۇيماي تازا قىزىپ ئويناۋاتاتتى. مۇئەللىممۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك، ھەتتا ناھايىتى ھۇزۇرلىنىۋاتقاندەك قىياپەتتە تۇراتتى.

مەردان كۆپچىلىكنىڭ جىمىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ بىردىنلا توختاپ، مۇئەللىمنى كۆرۈپ قالدى.

ئۇ ھودۇققىنىدىن گەدىنىنى تاتىلاپ بىر پەس تۇردى ـ دە، بېشىدىكى شلەپىنى سىقىمدىغىنىچە پارتىسىغا قاراپ يۈگۈردى.

— توختا، مەردان، ئۇسسۇلۇڭغا رەھمەت، ئاجايىپ ئۇسسۇلچى ئىكەنسەن، قالتىس ھۇزۇرلاندۇق، شۇنداقمۇ ساۋاقداشلار، ـ دېدى مۇئەللىم ۋە مەردانغا قاراپ قوشۇپ قويدى:

— ئەمدى پەلتۇنى ماڭا بېرىپ، جايىڭدا ئولتۇرغىن، دەرسىمىزنى باشلايلى.

ھەممىمىز كۈلۈشتۇق. بۇ كۈلكىدە ئازادىلىك ۋە قايىللىق بار ئىدى. ئىلگىرىكى مۇئەللىم بولىدىغان بولسا ھەممىمىزنى راسا تىللاپ، مەردانىنى بىر ـ ئىككى قېتىم دۈشكەللىۋالغان بولاتتى. قارىغاندا بۇ مۇئەللىم ھەقىقەتەن باشقىچىدەك قىلاتتى

* * *

ئوقۇش پۇلى بېشىمغا بىر بالا بولدى. سىنىپ مۇدىرىمىزنىڭ تەنىلىك قاراشلىرى، زەھەردەك سۆزلىرى، تۈگىمەس ۋەز ـ نەسىھەتلىرى... خۇددى مەن بۇلارنى بىلمەيدىغاندەك، ئوقۇش پۇلى مېنىڭ يانچۇقۇمدىن چىقىدىغاندەك. مېنىڭ باشقىلارنىڭكىدەك شاراقشىتىپ پۇل خەجلەيدىغان دادام بولمىسا، «ۋاي بالام، ۋاي خانقىزىم» دەپ ئەتراپىمدا پايپېتەك بولىدىغان ئاپام بولمىسا. ئاپام بىلەن دادامغۇ بار، بىراق... كىچىك ۋاقتلىرىمدا تاياقتىن يېرىمجان بوپقالغان ئاپام: «مەن داداڭدىن ئاجرىشىپ كەتسەم داداڭ باشقا خوتۇن ئالىدۇ. ئۇ خوتۇن داداڭغا بالا تۇغۇپ بەرسە، سەن يېتىم بوپقالسەن ئەمەسمۇ» دېسە چۈشەنمىگەنىكەنمەن. دادام ئاشۇ قېتىم مېنى مەكتەپكە ئىزدەپ كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا توي قىلىۋالدى. كېيىنكى يىلى بىر ئوغۇللۇق بولدى. شۇنىڭدىن تارتىپ دادام مېنى ئىزدىمەيدىغان، سوتتىن كېسىم قىلىپ بەرگەن ئايلىق 25 يۈەن تۇرمۇش پۇلىنىمۇ بەرمەيدىغان بولدى. مەھەللىدىكى ئاياللار بىلەن ئاپامنىڭ دوستلىرى: «25 يۈەن دېگەن نېمە ئۇ، بۈگۈنكى كۈندە بالىلارنىڭ تۇرمۇش خىراجىتى ئۆسۈپ كەتتى. ئاجرىشىپ كەتكەنلەرمۇ بالىلىرىغا ئايدا 300 يۈەن، كەم دېگەندە 100 يۈەندىن بېرىۋاتىدۇ. سىز سوتقا ئەرز قىلىڭ، دادىسى بالىغا بېرىدىغان تۇرمۇش خىراجىتىنى ئۆستۈرۈپ بەرسۇن» دېيىشەتتى. ئاپام ئۇلارنىڭ دەۋىتى بىلەن سوتقا ئەرز قىلدى. ئويلىمىغان يەردىن دادام كېيىنكى ئايالىنىڭ ئىلگىرىكى ئېرىدىن بولغان ئىككى بالىسىنى، كېيىنكى ئايالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى، ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى ۋە ئوغلىنى ئۆزى يالغۇز بېقىۋاتقانلىقى، تۇرمۇشتا قىيىنلىپ قاتمۇقات قەرزگە بوغۇلۇپ كەتكەنلىكى توغرىلىق ئىسپات تېپىپ كېلىپ، سوتتا ئاپامنى تىللاپ، قورقۇتۇپ جېنىنى ئاران قويۇپتۇ. ئاپام شۇ قېتىم يىغلاپ يېنىپ كەلگەنچە سوت دېگەننى ئاغزىغىمۇ ئالماس بولدى. شۇ يىللىرى كېلىنى پاتقۇزماي يۇرتتا يالغۇزسىراپ قالغان چوڭ ئاپامنىمۇ كۆرۈۋەچىگە ياندۇرۇپ كەلدۇق. شۇنىڭدىن تارتىپ چوڭ ئاپاممۇ بىز بىلەن بىللە تۇرۇشقا باشلىدى. بىز بىر نەچچە يىلنى كۆڭۈللۈك ھەتتا بەختلىك دېگىدەك ئۆتكۈزدۇق.

مەن تولۇقسىز ئوتتۇرىغا چىققان يىلى كۈزدە ئاپام بىلەن چوڭ ئاپام تۇيۇقسىز ئالدىراش بوپكەتتى. ئۆيگە ئەر ـ ئايال مېھمانلار كۆپ كېلىدىغان، بەزىلىرى ئۇزاق ـ ئۇزاق ئولتۇرىدىغان، مەن مەكتەپتىن كەلسەم، ماڭا مەنىلىك قارىشىپ بىر نېمىلەرنى دەپ كۇسۇرلىشىدىغان بوپقېلىشتى. كۆڭلۈمگە ھەر خىل يامان گۇمانلار، ئەندىشىلەر كېلەتتى، قانداقتۇر بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى سەزگەندەك بولاتتىم. بىر كۈنى كەچتە ئاپام ئۆيدە يوق چاغدا، چوڭ ئاپام بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ:

— گۈلنىسا قىزىم، ساڭا بىر گەپنى ئېيتالماي قىينىلىپ يۈرۈيمىز. ئاپاڭغا ئوبدان بىر لايىق چىقتى، ئەمدى ئۇنىڭدىن ياخشىراقىنىڭ چىقىشى تەس. ئۇ ئۆيى، خىزمەت ئورنى بار، بالىسى يوق، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ئادەم، ـ دېدى. چوڭ ئاپام مېنى يىغلاپ، ئالەمنى مالەم قىلىۋېتىدۇ، دەپ ئويلىدى بولغاي، مېنىڭ پەرۋاسىز ئولتۇرغىنىمنى كۆرۈپ بەكمۇ ھەيران قالدى. مەن ئۇنىڭغا كىتابتىن، كىنودىن ئۆگىنىۋالغان سۆزلىرىم بىلەن جاۋاب بەردىم:

— ئاپامنىڭ ئۆز بەختىنى تېپىۋېلىش ھوقۇقى بار. ئۇ تېخى ياش، شۇنداق چىرايلىق تۇرسا. مەن ئاپامنىڭ بەختلىك بولۇشىنى تىلەيمەن.

شۇنداق قىلىپ ئاپام ئەرگە تېگىپ، كەينى ـ كەينىدىن ئىككى بالا تۇغدى. ئەمدى قاچانلا بارسام شۇ بالىلىرى قۇچىقىدا، شۇلارنى ئەركىلىتىۋاتقان، سۆيۈۋاتقان، شۇلارنىڭ غېمىنى يەۋاتقان. ماڭا بولسا يات ئادەمگە قارىغاندەك قاراپ، «كەلدىڭمۇ» دەپلا قويىدۇ. ئاپامنىڭ قۇچىقىنى، سىلاشلىرىنى، ھىدىنى سېغىنىپ ئەركىلىسەم، مېنى نېرى ئىتتىرىۋېتىپ، يەنە ھېلىقى بالىلىرىنى قولىغا ئالىدۇ. بولۇپمۇ ئېرى ئۆيدە چاغدا مېنى ئىتتىكرەك ئۆيدىن چىقىرىۋەتكۈسى كەلگەندەك بىر ئىشلارنى قىلىپ كېتىدۇ. ئېرىنىڭ خۇددى مەندىن ئۆيدىن نېمىلەرنى ئەكېتەركىن دەپ گۇمان قىلىۋاتقاندەك بىگىزدەك قاراپ كېتىشلىرىچۇ تېخى. ئۇ ئاپامغا: «ئاشۇ قىزىڭنى ئەركىلەتسەڭ، كۆزۈمگە خۇددى بۇرۇنقى ئېرىڭنى ئەركىلىتىۋاتقاندەك كۆرۈنىسەن. ئۇ قىز بالا دادىسىغا نېمانچە ئوخشايدىغاندۇ» دېگىدەك. دادامغا ئوخشىشىممۇ گۇناھ بوپتۇمۇ ئەمدى. ئەمەلىيەتتە مەن دادامغىمۇ ئانچە ئوخشاپ كەتمەيمەن. ئاپامنى بىلىدىغانلار مېنى كۆرسە «گۈلسۈمخاننىڭ ئۆزى بوپتۇ» دېيىشىدۇ.

كېيىن ئاپام خىزمەتتىن قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئېرىنىڭ ئالدىدا تېخىمۇ بېشىنى كۆتۈرەلمەس بوپكەتتى. مەن ھەر قېتىم ئوقۇش پۇلى، كىتاب پۇلى دېگەنلەرنىڭ گېپىنى قىلىپ بارسام، ئاپام قورقۇپ تۇرۇپ، ئوغرىلىقچە يىغقان 20 ـ 30 كويىنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويىدۇ. ئەتىسى دادامنىڭكىگە بارىمەن. دادامنىڭ چېچەن پاكىز ئايالى ئۆيۈمنى مەينەت قىلىۋېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرەپ، بېشىمدا قاراپ تۇرۇپ ئايىغىمنى سالدۇرۇپ، ئاشخانا ئۆيىدىكى ئۈستەلگە باشلاپ قويىدۇ. ئۇ ماڭا تەنە بىلەن قاراپ: «ھە، پۇل لازىم بولدىمۇ؟ ئاپىڭىز بىلەن ئۆگەي

دادىڭىز بەرسە بولمامدۇ، بىزمۇ كۈنىمىزنى ئاران ئېلىۋاتساق...» دەپ بىر ھازا قاقشاپ بېرىدۇ. «كۈنۈڭلارنى ئاران ئېلىۋاتقان بولساڭلار ئۆيىنى شۇنچىۋالا ئېسىل ياسىتالامتىڭلار؟» دېگۈم كەلسىمۇ، يەرگە قاراپ جىم ئولتۇرىمەن. كەچتە دادام ئىشتىن روھلۇق، خۇشھال كەلسە ئىشىمنىڭ ئوڭدىن كەلگىنى شۇ. لېكىن تولا ۋاقىتلاردا ئىككى - ئۈچ سائەت قۇرۇق ساقلاپ، تەنە گەپلەرگە غىققىدە تويۇپ، كېكىرىپ يېنىپ چىقىمەن. ئۆگەي ئاپامنىڭ ھاكاۋۇرلۇقى، زەھەردەك گەپلىرىنى ئويلاپ ئىچىمدە دادام سېنىڭمۇ ئەدىپىڭنى بەرسىدى، دەپ ئويلاپ كېتىمەن. لېكىن دادامنىڭ بۇ ئايالنى بەك ئەتىۋارلايدىغانلىقى، كۆزىگە قاراپ، سىزىقىدىن چىقماي ئۆتىدىغانلىقى ماڭا ئايان. دۇنيادا ياۋاش ئادەم دائىم زىيان تارتامدىغاندۇ. ئاپام بىچارە خورلۇققا چىدىماي دادامدىن ئاجرىشىپ كەتكىنى بىلەن يەنىلا ياخشى كۈن كۆرۈپ كەتكىنى يوق. مەنمۇ يېتىمچىلىكتە قېقىندى - سوقۇندى بولۇپ يۈرىمەن. ئەگەر ئۇ دادامدىن ئاجراشمىغان بولسا دادام بارا - بارا تۈزۈلۈپ قالاتتىمىكىن. لېكىن ئاشۇ كۈنلەرنى - دوزاختا ياشىغاندەك ۋەھىمە ئىچىدە ياشىغان باللىق چاغلىرىمنى ئويلىسام ھېلىمۇ يۈرىكىم تىترەيدۇ. مەن بىرلا نەرسىگە ئىشىنىمەن: ئەگەر ئاپام بىلەن دادام ئاشۇ ھالەتتە يەنە بىر نەچچە يىل بىللە ياشىغان بولسا، يا ئاپام ئۆلۈپ قالاتتى ياكى مەن ساراڭ بوپقالاتتىم. مەن دائىم «دادام نېمە ئۈچۈن ئاپامغا تۇغمەس ئۆچى باردەك مۇئامىلە قىلىدىغان بولغىيتتى؟ ئۇ يەنە نېمىشقا ھازىرقى ئايالىنىڭ ئالدىدا شۇنچە رايىشتۇ؟» دەپ ئويلاپ كېتىمەن، ھەرقانچە ئويلىساممۇ تېگىگە يېتەلمەيمەن. بىر قېتىم چولاق ئاپامدىن بۇ سوئالنى سورىسام، ئۇ تۇرۇپ كېتىپ:

—يۇلتۇزى، بەخت - پېشانىسى توغرا كەلمىگەن. مىجەزى كېلىشەلمەيدىغان ئەر - خوتۇنلار ھەرقانچە قىلسىمۇ ئەپلىشىپ ئۆتەلمەيدۇ. شۇڭا ئەر - خوتۇننىڭ ئاجرىشىپ كېتىشى قەدىمدىن قالغان ئىش. سەن بۇ ئىشلارنى بەك ئويلاپ كەتمە، پايدىسى يوق، - دېدى.

—ئۇنداق بولسا مەن قانداق قىلىمەن؟ مېنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغۇم بار، چولاق ئاپا. ئوقۇش پۇلۇمنى كىم تۆلەپ، مېنى كىم ئوقۇتىدۇ؟ - مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەتتىم.

- خۇدايىم بار، قىزىم. يېتىمنىڭ ئىشىنى خۇدايىم ئۆزى ئوڭلايدۇ، - چولاق ئاپام بېشىمنى سىلاپ، يىرىك ئالقانلىرى بىلەن كۆز يېشىمنى سۈرتتى.

بۇ تۇرمۇش نېمانچە مۇرەككەپتۇ. نېمە ئۈچۈن بەزى ئادەملەر بەختلىك، بەزى ئادەملەر بەختسىزدۇ. مېنىڭ كەلگۈسۈم قانداق بولار؟ بۇلارنى ئويلىسام قورقىمەن، مەڭگۈ چولاق بولمىسام، مەكتەپ قوينىدىن ئايرىلمىسام، دەپ كېتىمەن. ئەمما بۇ مۇمكىنمۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئىتتىكرەك چولاق بولۇپ پۇل تېپىپ، چولاق ئاپامنى باقمىسام بولمايدۇ. چولاق ئاپام دائىم:

—سېنىڭ تويۇڭنى كۆرۈپ ئۆلۈپ كەتسەم ئارمىنىم قالمايتتى، - دەيدۇ. مەن ئۇنىڭغا:

—چوقۇم كۆرىسەن، چولاق ئاپا. سەن تېخى ئۇزاق ياشايسەن. مەن جىق پۇل تېپىپ، سېنى ئۇخلاپ چۈشۈڭدىمۇ كۆرمىگەن راھەت تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرىمەن، دەيمەن.

—ماڭا بۇنىڭدىن ئارتۇق راھەتنىڭ نېمە كېرىكى. قېرى جېنىمدا جىقراق يەي دېسەم سىڭمەيدۇ. چىرايلىقراق كىيەي دېسەم ياراشمايدۇ. مەن پەقەت خۇدادىن ئاپاڭ ئىككىڭلارنىڭ بەختىنى تىلەيمەن، - دەيدۇ چولاق ئاپام.

شۇنداق دېگىنى بىلەن چولاق ئاپام ھېلىھەم شۇنچىلىك تېتىك. ئۇ ئاپتوبۇس - پىكاپلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ، ماشىنىغا چىقسام بېشىم قايىدىكەن دەپ، يىراق - يىراق يەرلەرگىمۇ پىيادە بېرىپ كېلىۋېرىدۇ. ئۇ تاماق تاللىمايدۇ. چايغا نان چىلاپ يېيىشنى بەتتە پولۇدىن ئەلا كۆرىدۇ. ئۇنىڭ بىر نەچچە توغرام گۆش بىلەن ئاپئاق بەسمىدە قورۇپ ئەتكەن لەگمەنلىرى قارىماققا غورىگىلدەك كۆرۈنگىنى بىلەن يېسە ئادەمنىڭ ئاغزىدا قالىدۇ. ئۇ يۈزىنى سوغۇق سۇدىلا يۇيىدۇ. لېكىن چىرايى پاكىزلىقتىن پارقىراپ تۇرىدۇ. ئۇ چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقى دېگەندەك نەرسىلەرنى ياخشى كۆرمەيدۇ. يۇرىقى بېشىمنى ئاغرىتىدىكەن، دەپ چېچىنى يىلمىدا يۇيۇپ، ئۇزۇن، ئىنچىكە قىلىپ ئىككى تال ئۆرۈۋالىدۇ.

چولاق ئاپامنىڭ ساندۇقىدا ياش ۋاقىتلىرىدا كىيگەن گىرۋىكىگە ساپسېرىق قاداق تۇتقان مارجان دوپپىسى، غىجىم رومىلى، ئىنگلىشىن تاۋىرىدىن تىكىلگەن كۆڭلىكى، جىلتىكسى، ھەرە قانىتىدەك سارغۇچ سۈزۈك رەختتە تىكىلگەن چۇمبىلى بار. ئۇ بۇ تەۋەررۈكلىرىنى بەك ئەتىۋارلايدۇ. خۇشھال بوپقالغان چاغلىرىدا: «بۇلارنى سەن چولاق بولۇپ توي قىلغاندا ساڭا بېرىمەن، سەن كىيسەڭ تازا يارىشىدۇ» دەيدۇ. چولاق ئاپام سىرتقا چىقىپ كەتكەندە مەن بۇ تەۋەررۈكلەرنى ساندۇقتىن ئېلىپ كىيىپ ئوينايمەن. ئۇزۇن تاۋار كۆڭلەكنىڭ بېلىنى بۇقۇچ بىلەن چىڭ باغلاپ، بېلىمگە كېلىدىغان چاچلىرىمنى قويۇپ بېرىپ سېرىق مارجان دوپپىسىنى كىيىدىغان بولسام، ئۆزۈمنى چۆچەكلەردىكى مەلىكىلەرگە ئايلىنىپ قالغاندەك سېزىمەن. ئاتا - بوۋىلىرىمىز دوپپىنى خان تاجىسىغا تەقلىد قىلىپ ئىجاد قىلغانمىدىكىن، ئۇنىڭ قىرىنى قاڭشىرىمغا توغرىلاپ كىيىدىغان بولسام، چاچلىرىمنىڭ ئۈستىدە كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان تۆت قىرى ئالتۇن تاجنىڭ قىرىغا ئوخشاپ قالىدۇ. مەن چۇمبەلنى تارتىپ بېقىپ، دەرھال تاشلىۋېتىمەن. ئۇ ماڭا زۇلۇم - خورلۇقنى ئەسلىتىدۇ. مەن تەبىئىتىمدىن كۈن نۇرىنى، ئەركىن - ئازادىلىكنى، ئوچۇق - كۆركەم رەڭلەرنى ياخشى كۆرىمەن. بىلىشىمچە، ئەمەلىيەتتە چۇمبەلنى چولاق ئاپاممۇ ياخشى كۆرمەيدۇ. ئۇنى پەقەت ئىلگىرىكى ۋاقىتلارنىڭ، ياش چاغلىرىنىڭ خاتىرىسى دەپلا ئەتىۋارلايدۇ. چولاق ئاپام گەپچى، ماقال - تەمسىللەرگە بەك ئۇستا. ئۇ بىلىدىغان ماقال - تەمسىللەرنىڭ بەزىلىرىنى كىتابلاردىنمۇ تاپقىلى بولمايدۇ. چولاق ئاپام ئايەتلەرنىمۇ جىق بىلىدۇ. ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن بۇرۇن بىر ئايەتنى ئوقۇيدۇ. مەن بەزىدە قىزىپ، يۆتىلىپ قالسام، ئايەت ئوقۇپ پىيالىدىكى چايغا بىر نەچچە قېتىم «سۇف»لەپ ئىچكۈزۈپ قويسا ياكى پۇچۇق نان بىلەن ئوت كۆچۈرۈپ قويسا راستتىنلا ساقىيىپ قالغاندەك بوپقالىمەن.

چولاق ئاپامنىڭ قىزىق ئىشلىرى ھەققەتەن بەك تولا. مەن ساۋاقداشلىرىمغا ئۇنىڭ ئىشلىرىنى دەپ بەرسەم، ئۇلارمۇ خۇددى تاشقى پىلانىت ئادەملىرى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنى ئاڭلاۋاتقاندەك ھەيران بوپقالىدۇ. «ئۇلار دېگەن كونا ئادەملەر - دە!» مەن چولاق ئاپامنىڭ تەلەپپۇزىنى دوراپ پەخىرلەنگەن ھالدا شۇنداق دەيمەن.

* * *

مەھمۇت مۇئەللىم دەرس ۋاقتىدا ئالدى بىلەن تېكىستنى

ئىختىيارىي ئوقۇتۇپ، ئۆز ئالدىمىزغا تەھلىل قىلدۇرىدۇ، ئارقىدىن ھەممىمىزنى نۆۋەت بىلەن سۆزلىتىدۇ، ئاخىرىدا ھەممىمىزنىڭ سۆزلىگەنلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئىخچام ـ مېغىزلىق خۇلاسىلەپ «كاللىمىزغا قۇيۇپلا قويىدۇ». ئۇنىڭ داڭلىق ئەدىبلەر، داڭلىق ئەسەرلەر توغرىسىدىكى بايانلىرىنى خۇددى ھېكايە ئاڭلىغاندەك قىزىقىپ ئاڭلايمىز. قىزىقارلىق تارىخىي ۋەقەلەر، كەچۈرمىشلەر بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن ئىسىملار ۋە يىللار خاتىرىمىزگە چوڭقۇر ئورناپ قالىدۇ. دەرسخانىنىڭ كەيپىياتى شۇنداق جانلىق، قىزغىن. رۇستەم بىلەن ئېلىيارلار ئاغزىغا كەلگىنىچە سۆزلىسىمۇ مۇئەللىم خاپا بولمايدۇ، تېخى ئۇلارنى ماختايدۇ. مەن يېقىندىن بېرى سىنىپىمىزدىكى داڭلىق «ئۈچ نوچى»نىڭ ماھىر چەۋەندازغا دۇچ كەلگەن شاش ئاتلاردەك ئاستا ـ ئاستا مەھمۇت مۇئەللىمگە يېقىنلىشىشقا باشلىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

سىنىپتىكى ئوغۇل بالىلار رۇستەم، ئېلىيار ۋە مەردانىنى «ئۈچ نوچى» دەپ ئاتايدۇ. ئۇلار كىنولاردىكى، چۆچەكلەردىكى پېرسوناژلارغا ئوخشاش تازا تېپىشقانلاردىن. ئۈچىلىسىنىڭ «دەرس» دېسە بېشى ئاغرىيدۇ، ئويۇن دېسە ھەممىسى جېنىنى تىكىشكە تەييار. ئېگىز، ئىنچىكە كەلگەن مەردان بىرلا كۆرگەن ھەرقانداق ئۇسسۇلنى قويۇپ قويغاندەك ئوخشىتىپ ئوينىيالايدۇ. مەيلى ئىربىلاندىيىنىڭ «دەريا ئۇسسۇلى» بولسۇن، ئەرەب ـ ھىندى ئۇسسۇلى بولسۇن، ياكى «ئانوچكا» بولسۇن، ھېچقايسىسى ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ۇشى تۇتۇپ قالغان چاغلاردا يالغان بۇرۇت چاپلاپ، چىرماپ دەسەپ چارلىز چاپلىننى دورايدىغان بولسا، كۈلدۈرۈپ ئۈچەيلىرىمىزنى سۇغىرىۋالغىلى تاس قالىدۇ. پاكار، قارا قاش، قارا كۆز كەلگەن ئېلىيار چاقچاقتا شۇنچىلىك چېچەنكى، خېلى ـ خېلى گەپچىلەرمۇ ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدۇ. ئۇ بار يەردە ھەتتا ئىمتىھان مەيدانلىرىدىمۇ كۈلكە ئۈزۈلمەيدۇ.

ئىمتىھان، مەيدەڭنى تۇتۇپ قاقاقلاپ كۈلمە،
ئالدىڭدا قىزىرىشتىن ئەلا كۆرىمەن ئۆلۈمنى.
قالدۇرىمەن دەپ ئارتۇقچە كۆڭۈل بۆلمە،
ئاخىرقى جەڭگە ئاتاپ قويىمەن 60 نى.

ئېلىيار ئۆزلەشتۈرۈپ ئۆزگەرتكەن، توقۇغان مۇنداق شېئىر ـ قوشاقلار ھەر قېتىم ئىمتىھان مەزگىللىرىدە ئېغىزدىن ئېغىزغا، سىنىپتىن سىنىپقا كۆچۈپ يۈرىدۇ.

بىر قېتىم مەكتەپ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تەنھەرىكەت يىغىنىدا رۇستەم يۈز مېتىرغا يۈگۈرۈپ بىرىنچى بولدى. ئۇ خۇشاللىقىدىن مۇئەللىم ۋە سىنىپتىكى بالىلار ئولتۇرغان يەرگە يۈگۈرۈپ كېلىپ: «ئاڭلىدىڭلارمۇ، مەن مەكتەپنىڭ رېكورتىنى بۇزىۋېتىپتىمەن!» دەپ توۋلىدى. «بۇزغان بولساڭ تۆلەيسەن، رېكورت دېگەن مەكتەپنىڭ نەرسىسى» دېدى ئېلىيار. ئولتۇرغانلار پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. رۇستەم بىچارە گۇناھكاردەك قىزىرىپ تۇرۇپلا قالدى. ئېلىيارنىڭ مۇنداق چاقچاقلىرى بەك كۆپ. ئەگەر ھەممىنى يىغسا چوقۇم بىر كىتاب بولىدۇ.

رۇستەم تەنھەرىكەت ھەۋەسكارى، مەكتەپ پۇتبول كوماندىسىنىڭ ھۇجۇمچىسى. يۈگۈرۈش، سەكرەش، چۆيۈن توپ، دېسكا ئېتىش، ئېغىرلىق كۆتۈرۈش دېگەنلەردە مەكتەپ بويىچە ھېچكىم ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيدۇ. شۇڭا ئانچە دەرس بىلمىسىمۇ، مۇئەللىملەر ئۇنى تالىشىدۇ. شۇغىنىسى ئۇنىڭ ئادەتتىكى گەپ ـ سۆز، ئىش ـ ھەرىكەتلىرى سەل غەلىتە، بىر ئىشقا خۇشال بولسا كىچىك بالىلاردەك كۆزىنى تۇتالمايدۇ، خاپا بولسىمۇ، ئاسمان ئۆرۈلۈپ كېتىدىغاندەك تىترلاپ، ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالىدۇ. باشقىلار چىشىغا تەگسە قىپقىزىل بولۇپ ئاسمانغا قاراپ تۇرۇپ كېتىپ، ئادەمنىڭ خىيالىغا كەلمەيدىغان شۇنداق گەپلەرنى قىلىدۇكى...

سىنىپ باشلىقىمىز ئالىم باشقىلارغا لەقەم قويغىلى ئامراق ئىدى. ئۇ داۋاملىق ئادەم كۆپ يەردە، بولۇپمۇ قىزلارنىڭ ئالدىدا رۇستەمنى مەسخىرە قىلىشقا ئۇرۇناتتى. بىر قېتىم مەكتەپ بويىچە ھەممە ئوقۇغۇچى مەيداندا تىزىلىپ تۇرغاندا ئالىم رۇستەمنى «ھەي دەلدۈش!» دەپ چاقىردى.

رۇستەم ئۇنىڭ پېشانىسىدا پاخپىيىپ تۇرغان چېچىغا بىردەم قاراپ تۇرۇپ كېتىپ، ئاغزىنى يوغان ئاچقىنىچە: «ھە، نېمە دەيسەن ئورۇس توخۇسى!» دەپ جاۋاب بەردى. مەيداندا كۈلكە كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئالىمنىڭ لەقىمى «توخۇ» بوپقالدى. ئەمما ھېچكىم رۇستەمنى «دەلدۈش» دەپ چاقىرىپ باقمىدى.

سىنىپىمىزدا ھەممىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغىنى يەنىلا نىياسەم مۇئەللىمنىڭ «ئۈچ مەلىكە»سى. بۇ نامنى ئۇلارغا ئالىم قويغان. مەلىكىلەرنىڭ بىرىنچىسى نەرگىسئاي شەھىرىمىزدىكى داڭلىق يېڭى بايىنىڭ ئەتىۋارلىق قىزى. مەكتەپكە پىكاپتا كېلىپ، پىكاپتا كېتىدىغان، بايلىق، راھەت ـ پاراغەت ئىچىدە ياشايدىغان بۇ قىز «پۇۋ» دېسە ئۇچۇپ كەتكىدەك ئاجىز، كېسەلچان. دادىسى مۇشۇ قىزى ئۈچۈن داۋاملىق مەكتەپكە پۇل ئىئانە قىلىپ تۇرىدۇ، جاپا چېكىۋاتقان ئوقۇتقۇچىلاردىن پات ـ پات «ھال سوراپ» تۇرىدۇ. نەرگىسئاينىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىگە مەكتەپ مۇدىرىدىن تارتىپ سىنىپ باشلىقىمىزغىچە ھەممىسى كۆڭۈل بۆلىدۇ. بولۇپمۇ بىزنىڭ سىنىپ مەسئۇلىمىز نىياسەم مۇئەللىم نەرگىسئاي ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىشتىن يانمايدۇ. مەلىكىلەرنىڭ ئىككىنچىسى مۇقەددەس شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىدىكى مۇھىم بىر باشلىقنىڭ قىزى. ئېگىز بوي، قاش ـ كۆزلىرى تۈكۈلۈپ تۇرىدىغان، ئەڭ يېڭى مودىدا ياسىنىپ يۈرۈيدىغان بۇ قىز داڭلىق مودېللارغا ھەۋەس قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ سۈرەتلىرىنى ئەتىۋارلاپ ساقلايدۇ. ئۇلار ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى زوق ـ شوق بىلەن سۆزلەپ يۈرىدۇ. يۈرۈش ـ تۇرۇش، كىيىنىشتە، ئوزۇقلىنىشتا ئۇلارنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىدۇ. ئۇ دەرستىمۇ ئەلاچىلارنىڭ بىرى، سىنىپىمىزنىڭ ئۆگىنىش ھەيئىتى.

ئۇ ئوقۇتقۇچىلار بىلەن تەڭتۇشلىرىدەك چاقچاق قىلىشىپ پاراڭلىشالايدۇ. ئۇنى كۆرسە ھەرقانداق ئوقۇتقۇچىنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرەيدۇ. سىنىپتا ئۇ بىرەر سوئالغا جاۋاب بەرسە، مەيلى ھەرقانچە ئادەتتىكىچە بولسۇن، قىزغىن مەدھىيىلەرگە ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭ يازغان ماقالىلىرى، تۈزگەن جۈملىلىرى ھەرقانچە تاققا ـ تۇققۇ، مەنتىقىسىز بولسۇن، ئۆرنەك سۈپىتىدە ئوتتۇرىدا ئوقۇلىدۇ. قىسقىسى، ئوقۇش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاجايىپ راھەت ئىش. مەكتەپتە ئۇ خۇددى ئەينەك قاچىدىكى ئالتۇن بېلىقتەك ئەركىن ئۈزۈپ يۈرىدۇ. باشقىلارغا قالغىنى پەقەتلا ھەۋەسلىنىش، خالاس.

يۈزلىرى يۇپيۇمىلاق، ئوماققىنە كەلگەن گۈلزىرە قايسىبىر ئاخباراتنىڭ مەسئۇلىنىڭ قىزى. تېلېۋىزىيە مۇخبىرى بولۇش ـ

ئۇنىڭ تۇغما ئارزۇسى. ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىن تارتىپلا مەكتەپتىكى يېڭىلىقلارنى يېزىپ «كىچىك مۇخبىر» دەپ نام ئالغانىدى. ئۇ ھازىر ئالىي مەكتەپنىڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئاخباراتچىلىقى كەسپىگە ئۆتۈش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ. ئۇ ئاجايىپ تىرىشچان، دائىم قولىدىن كىتاب چۈشمەيدۇ. ئاپىسى ئۇنى ئۆيىدىمۇ كېچە سائەت 12 گىچە دەرس تەكرارلايدۇ، دەيدۇ. نىياسەم مۇئەللىم «ئالىم بولىدىغان قىزىم» دەپ ئۇنىڭدىن ئاجايىپ پەخىرلىنىدۇ. ئۇنىڭ قىزىقىشى، مۇناسىۋەت دائىرىسى كەڭ، باشقىلارغا ياردەم قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ ساۋاقداشلىرىنىڭ ئاتا - ئانىسى، ئائىلە ئەھۋالىنى بىلىپلا قالماي، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەۋەس - قىزىقىشلىرى، مىجەزى، ئۆزئارا مۇناسىۋىتى، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، توي قىلمىغانلىرىنىڭ كىملەر بىلەن ئارىلىشىپ يۈرگەنلىرىگىچە پىششىق بىلىدۇ. سىنىپتا بىرەر پائالىيەت ئۆتكۈزمەكچى بولساق، نامدار شەخسلەرنى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرلىرىنى چاقىرىپ كېلەلەيدۇ. شۇڭا سىنىپ مۇدىرىمىز كۆپ ئىشتا ئۇنىڭغا تايىنىدۇ. قىسقىسى نىياسەم مۇئەللىمنىڭ ئۈچ قىزى سىنىپىمىزنىڭ يادروسى، شان - شەرىپى، بىزدەك قىزلارنىڭ ئۆگىنىدىغان، ئۆرنەك قىلىدىغان ھەم يوشۇرۇنچە ھەسەت قىلىدىغان نىشانىمىز. ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى، قولى قىسقا تىجارەتچى ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بىزدەك قىزلار ئەلۋەتتە ئۇلارنى دوراپ بولالمايمىز. ئەمما ئۇلارنىڭ مەۋجۇدلۇقى بىزگە باشقىچە بىر خىل دۇنيا، باشقىچە بىر خىل ھاياتتىن ئۇچۇر بېرىپ، قەلبىمىزدە سۆز بىلەن ئىپادىلىگۈسىز مۈرەككەپ ھېس - تۇيغۇ، ئارزۇ - ئارمانلارنى ئويغىتىدۇ. تولۇقسىزنىڭ ئاخىرقى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا نەرگىسئاينىڭ بىر يوپكىسىغا شۇنچىلىك ھەۋەس قىلدىمكى، بىر نەچچە كۈنگىچە خىيالىمدىن پەقەتلا چىقىرالمىدىم. ھەر كۈنى دەرستىن چۈشكەندە توپ تارقىتىش بازارلىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ ئاشۇ يوپكىنى ئىزدىدىم ۋە ئاخىرى ئىزدەپ تاپتىم. «باھاسى 20 يۈەنگە چۈشۈرۈلدى» دېگەن خەت چاپلانغان ئۇ يوپكىنى ئۇچامغا كىيىپ ئەينەك ئالدىدا ئۇياقتىن - بۇياققا نەچچە رەت ماڭدىم. يوپكا پاكار بويلۇق نەرگىسئايغا قارىغاندا ماڭا تېخىمۇ ياراشتى، ئەتراپتىكىلەر ھەۋەس بىلەن قارىشىپ كەتتى. بىراق مەندە 20 يۈەن ئەمەس، بەش يۈەنمۇ يوق ئىدى. شۇ چاغدا مەن مىغ - مىغ ئادەم، ئاپتوبۇس، پىكاپلار بىلەن تولغان، ئىككى تەرىپىدە ئالىي دەرىجىلىك كىيىم - كېچەك ماگىزىنلىرى، قاۋاقخانىلار، مېھمانسارايلار قەد كۆتۈرگەن چوڭ كوچىدا يالغۇز كېتىۋېتىپ ھەسرەتلىك ھەم ئۇلۇغۋار تۇيغۇلار ئىچىدە: «خەپ، بىر كۈنلەردە مەن ئاتا - ئانامنىڭ كۈچى بىلەن ئەمەس، ئۆز كۈچۈم بىلەن شۇنداق بىر ئادەم بولىمەنكى...» دەپ قەسەم ئىچتىم. ئەنە شۇنىڭدىن تارتىپ مەن سىنت - موچەنلەپ پۇل يىغىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈردۈم. كىيىم - كېچەك، كۆكتات ئېلىپ ئاشقان پارچە پۇللارنى ، ئاتا - ئانام بەرگەن ھېيتلىق پۇللارنى بىر سىنتنى ئۇيان - بۇيان قىلماي يىغاتتىم. يازنىڭ تومۇز كۈنلىرىدە بەرەر تال چوكا مۇز، قەھرىتان سوغۇق كۈنلەردە بىرەر جۈپ پەلەي سېتىۋالمايتتىم. باشقا قىزلار ياخشى كۆرىدىغان يۈزماي، تاغاق، چاچ قىسقۇچ دېگەندەك نەرسىلەرگە كۆز قىرىمنىمۇ سېلىپ قويمايتتىم. مەن ئاتا - ئانىسىغا تايىنىپ كۆرەڭلەيدىغانلارغا ئانچە قايىل ئەمەس ئىدىم، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئاجىز - نامراتلىقى تۈپەيلى ئۆزىنى تاشلىۋەتكەنلەرنى كۆزۈمگە ئىلمايتتىم.

بىر قېتىم بىز ياش - ئۆسمۈرلەر تۈرمىسىگە زىيارەتكە باردۇق. بىزگە تەسىراتىنى سۆزلەپ بەرگەن بىر ئوغۇل بالا ئاتا - ئانىسىنىڭ ئاجرىشىپ كېتىشى ئۆزىنىڭ يامان يولغا مېڭىشىغا سەۋەب بولغانلىقىنى سۆزلەۋاتقاندا، مەن ئىچىمدە «ئۆز گۇناھىڭنى ئاتا - ئاناڭنىڭ بەختسىزلىكىگە ئارتىپ قويۇشتىن ئۇيالماسەن؟ سەن ئاتا - ئاناڭ ئۈچۈن ياشاپ بېرەمتىڭ؟ سەنمۇ بىر ئەقىل ئىگىسىغۇ» دەپ ئويلىدىم. ئەمما رېئاللىقتا كىشىلەر مەسىلىگە ھامان شۇنداق قارايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاتا - ئانىسى ئاجرىشىپ كەتكەنلەرنىڭ يامان يولغا مېڭىشى يوللۇق ئىشتەك خاتا قاراش شەكىللىنىپ قالغان. ئەمەلىيەتتە پەرزەنتلەرنىڭمۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ بەختسىزلىكىنى چۈشىنىشى، ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىشى، باتۇرلۇق بىلەن رېئاللىققا يۈزلىنىپ مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشىمۇ زۆرۈر ۋە يوللۇق ئەمەسمۇ

* * *

ئىمتىھان دېسە، بولۇپمۇ ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىر تۇتاش ئىمتىھانى دېسە چۆچۈمەيدىغان كىم بار. ئاشۇ ئىمتىھاندا 12 يىل يىغقان دەسمىلىمىز غالتەككە چىقىپ، ھايات يولىمىز بەلگىلىنىدۇ. ياق، مەن ۋە ماڭا ئوخشاشلار ئۈچۈن ئىمتىھان نومۇرى ھايات يولىمىزنى بەلگىلەيدىغان بىردىنبىر ئامىل ئەمەس. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان نۇرغۇن پۇلنىڭ غېمى بىزنىڭ يەلكىمىزنى تاغدەك بېسىپ تۇرىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن تىرىشىپ ئۆز ئىقتىدارىمىزنى، شۇنچە يىل بىكار نان يېمىگەنلىكىمىزنى بىر كۆرسىتىپ قويۇش ھەممىمىزنىڭ ئارزۇسى. لېكىن تىرىشقىنىمىز بىكارغۇ، نېمە ئۈچۈن بۇنچە جاپا چېكىمىز؟ دەيدىغان بىر ئۈمىدسىزلىكمۇ پۇرسەت تاپسىلا يۇقۇملۇق كېسەل ۋىرۇسىدەك يامراپ، ئىشەنچ ۋە ئىرادە قورغىنىمىزنى ۋەيران قىلىشقا تەييار تۇرىدۇ.

بىر نەچچە كۈندىن بېرى مەردان بىلەن ئېلىيار باشلىق بەش - ئالتە بالا ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن دەرسكە قاتناشمايدىغان بولۇۋالغانىدى. سىنىپ باشلىقىمىز ئالىم باشقا ئوغۇللاردىن ئۇلارنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى سوراپ جاۋاب ئالالماي، نىياسەم مۇئەللىمنى باشلاپ كىردى. نىياسەم مۇئەللىم ئېغىرئاياغ بولۇپ، ئاي - كۈنى يېقىنلاپ قالغانىدى. بۇنداق چاغدا ئۇنى خاپا قىلىپ قويۇشنى خالىمايتتۇق. شۇغىنىسى، خۇددى چوڭ ئاپامنىڭ «تۆگىنىڭ مازار بىلەن نېمە ئىشى» دېگىنىدەك، بۇ ئوغۇل باللار ئۆزىنىڭ ئوغۇل باللىقىنى قىلماي قوياتتىمۇ.

مۇئەللىم قورسىقىنى پومپايتقىنىچە ئېغىر قەدەم تاشلاپ ئۇدۇل رۇستەمنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئالىم خۇددى مۇئەللىمنى قوغدىماقچىدەك ئۇنىڭ يېنىدا تەييار ھالەتتە تۇراتتى.

—مەردان بىلەن ئېلىيارلار نەگە كەتتى، سەن بىلىسەنغۇ دەيمەن؟

—خاپا بولماڭ مۇئەللىم... مەن بىلمەيمەن.

—سەن بىلىسەن، سەن، سەن... ساۋاقداشلىرىڭغا مۇشۇنداق كۆيۈنەمسەن؟

—... ...

—نېمىشقا گەپ قىلمايسەن؟ ئۇلار چوقۇم تورخانىدىغۇ دەيمەن، قەيەردىكى، قايسى تورخانىدا؟

—مۇئەللىم، مەن... مەن... راستىنلا...

—ھۇ دەلدۈش، سەن مۇشۇ ھەپتىدە خۇلاسە ئىمتىھان بارلىقىنى، بۇ ئىمتىھاننىڭ ئۇلارنىڭ ئومۇمىي نەتىجىسىگە، ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈشكە تەسىر كۆرسىتىدىغىنىنى بىلمەمسەن! ـ مۇئەللىم سۆزلەۋېتىپ بىردىنلا غەزەپتىن قىپقىزىل بولۇپ ۋارقىراپ كەتتى:

—دۆت ئېشەكلەر، ھەممىڭ ئېشەك، ئادەم بالىسى بولساڭ مۇشۇنداق پەيتتە قۇشقۇنغا ئولتۇرۇشامتىڭ... ئېست، سەن نېمىلەر بىلەن ئاۋارە بولۇپ ئۆتكەن ئۆمرۈم!

—مۇئەللىم، خاپا بولماڭ! ھەرگىز خاپا بولماڭ...

قىزلار يوپۇرۇلۇپ كېلىپ مۇئەللىمگە تەسەللى بەردى ۋە ئۇنى يۆلەپ ئەچىقىپ كېتىشتى.

ئالىم رۇستەمگە غەزەپ بىلەن ئالىيىپ قويۇپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ كەتتى.

بۇ سائەتلىك دەرس ئەدەبىيات ئىدى. مەھمۇت مۇئەللىم سىنىپقا كىرىپ كەلدى. ئۇ كۈلۈمسىرىگەن سىنچى كۆزلىرى بىلەن ھەر بىر ئوقۇغۇچىنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ چىقتى. ئۇ مۇشۇ كۈلۈمسىرىشى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىدە بىر خىل چۈشىنىش، بىرلىك ھاسىل قىلالايتتى.

—ساۋاقداشلار، نىياسەم مۇئەللىمنىڭ بايىقى سۆزى ئۈچۈن مەن سىلەردىن ئەپۇ سورايمەن. خاپا بولماڭلار... ـ ئۇ توختاپ چوڭقۇر بىر تىنىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:—نىياسەم مۇئەللىممۇ بۇ گەپنى سىلەرگە بولغان كۆيۈنۈشتىن، ئاچچىقتىن دەپ سالدى. ئۇنى چۈشىنىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. ئاتا ـ ئانىڭىزمۇ بالىغا كايىيدىغان ۋاقتى بولىدىغۇ. ئۇ سىلەرنىڭ ئۈچ يىللىق سىنىپ تەربىيىچىڭلار. ئۇ سىلەرگە ئاز ئەجىر سىڭدۈرمىدى. ئەسلى بىز ئۇنى خاپا قىلماسلىقىمىز كېرەك ئىدى، شۇنداقمۇ؟ مېنىڭچە، بىز بىر ـ بىرىمىزنى چۈشىنىشىۋالايلى، ئۆزئارا چىقىشىۋالايلى. مېنى ئاكا ئورنىدا كۆرۈڭلار، نىياسەمنى ئاچاڭلار ئورنىدا تەسەۋۋۇر قىلىڭلار. ئەمەلىيەتتىمۇ بىز ئاكا ـ ئۇكىغۇ، قېرىنداشقۇ. بىز نېمىشقا قارشىلىشىمىز، نېمىشقا بىر ـ بىرىمىزنى چۈشەنمەيمىز. بىزنىڭ مەقسىتىمىز بىر، بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ھېچقانداق مەخپىيەتلىك ياكى زىددىيەت يوققۇ!

رۇستەم، سەن دوستلىرىڭغا مېنىڭ سۆزۈمنى يەتكۈزۈپ قوي، باشقىلىرىڭلارمۇ يەتكۈزۈپ قويۇڭلار، مەن ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى سەۋەنلىكىنى سۈرۈشتۈرمەيمەن، بۇنىڭدىن كېيىن دەرسكە تولۇق قاتناشسىلا بولىدۇ. يەنە بىر ئىش، نىياسەم مۇئەللىم كېلەر ھەپتىدىن تارتىپ دەم ئالىدۇ، يىل ئاخىرىغىچە سىلەرگە مەن مەسئۇل بولىمەن. ئەمىسە...

شۇ چاغدا كىم باشلاپ چاۋاك چالدىكىن، سىنىپتا بىردىنلا چاۋاك ئاۋازى ياڭراپ كەتتى. قارىسام رۇستەممۇ يوغان قوللىرى بىلەن تازا كۈچەپ چاۋاك چالغىلى تۇرۇپتۇ.

—ئەمىسە دەرسنى باشلايلى، ساۋاقداشلار!

مۇئەللىم دەرسلىك كىتابىغا ئېڭىشتى، شۇ ئارىلىقتا ماڭا ئۇنىڭ كۆز جىيەكلىرىدە ياش لىغىلداپ قالغاندەك كۆرۈندى.

شۇنىڭدىن كېيىن مەردان، ئېلىيارلار دەرس تاشلاپ باقمىدى. سىنىپنىڭ كەيپىياتىدا بىلىنەر ـ بىلىنمەس بىر جانلىنىش بولۇۋاتاتتى. ئەدەبىيات دەرسىگە قىزىقمايدىغان رۇستەممۇ يېقىندىن بېرى دەرسنى ئەستايىدىل ئاڭلايدىغان، مۇئەللىمدىن دەرسكە مۇناسىۋەتلىك سوئاللارنى سورايدىغان بوپقالدى. مەھمۇت مۇئەللىم ئۇنىڭ بىر ماقالىسىنى سىنىپتا ئوقۇدى. ماقالىنىڭ ماۋزۇسى «مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان كىشىلەر» بولۇپ، ئۇ ماقالىسىدە چوڭ دادىسىنى، كىچىكىدە ئۆلۈپ كەتكەن ئاپىسىنى، دادىسىنى يېزىپ بولۇپ، ئاخىرىدا مېنىمۇ قىستۇرۇپتۇ. «مەن ئارقامدىكى پارتىدا ئولتۇرىدىغان ئاشۇ ئورۇق، ئاددىي كىيىنىپ يۈرۈيدىغان قىز بالىدىن قەيسەرلىكنى، مۇستەقىل ياشاشتىن قورقمايدىغان ئىرادىنى، تىرىشچانلىقنى ئۆگەندىم» دەپ يېزىپتۇ. ماقالىنى ئەلاچىلارنىڭ ماقالىسىگە سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى، لېكىن ئۇنىڭدا ئادەت بويىچە بوپكەتكەن دەبدەبىلىك سۆزلەر، سۈنئىي كۆپتۈرمىلەر يوق ئىدى. مۇئەللىم ئۇنىڭ ماقالىسىنى ماختاۋاتقاندا رۇستەم خۇشاللىقتىن ئاغزىنى يۇمالماي قالدى. مەنمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇشال بولدۇم. لېكىن بۇ خۇشاللىقنىڭ كەينىگە چوڭ بىر كۆڭۈلسىزلىكنىڭ يوشۇرۇنۇپ تۇرغانلىقىنى كىم بىلسۇن.

تەنەپپۇس ۋاقتىدا ھەممىمىز توپ مەيدانىنىڭ ئەتراپىدا تۇراتتۇق، نەرگىسئاي رۇستەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ چوڭگۇلداپ سۆزلەپ كەتتى:

—ھەي دەلدۈش، مەھمۇت مۇئەللىم ساڭا ئەجەب ئامراق بوپكېتىپتىغۇ، تايىنى يوق بىر نېمەڭنى ئەجەب ماختاپ كەتتا. تۇۋا شۇمۇ ماقالە بولدىمۇ!

رۇستەم قىپقىزىل بولۇپ بىردەم دۇدۇقلاپ تۇردى ـ دە، بىردىنلا:

—جىدا، جىدا، جىدىمساڭ بېرىپ ئۆلۈۋال! ـ دېدى. نەرگىسئاينىڭ چىرايى ئۆڭۈپ لەۋلىرى تارتىشقاندەك بوپكەتتى. چۈنكى ئادەتتە ھېچكىم ئۇنىڭغا بۇنداق گەپ قىلىشقا پېتىنالمايتتى. ئۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ رۇستەمنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىردى:

—دەلدۈش، دەلدۈش، سەن بېرىپ ئۆل!

—سەن...سەن... بارە نېرى!

رۇستەم شۇنداقلا ئىتتىرىپ قويۇۋېدى، نەرگىسئاي ئوڭدا چۈشتى. ئۇنىڭ بېشى دەل مەيدانىنىڭ سېمونت قىرىغا تەگدى.

ھەممىمىز قېتىپ تۇرۇپ قالدۇق، رۇستەمنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆلۈكتەك تاتىرىپ كەتتى.

نەرگىسئاي سېمونت يەردە مىدىرلىماي سوزۇلۇپ ياتاتتى، قاپقارا قان ئۇزۇن، ئىنچىكە قۇرتتەك ئۇنىڭ چاچلىرى ئارىسىدىن سىرغىپ چىقىپ گەدىنى ئاستىغا قاراپ ئۆمىلەۋاتاتتى...

نەرگىسئاي تېز قۇتقۇزۇش ماشىنىسىدا دوختۇرخانىغا ئەكېتىلدى. مەكتەپ دوختۇرىنىڭ ئېيتىشىچە ھاياتىغا خەۋپ يەتمەيدىكەن، ئارقىسىغا بوغۇۋالغان چېچى ئۇنىڭ ئارقا مېڭىسىنى قوغداپ قاپتۇ. ئەمما مېڭە سىلكىنىپ كەتكەن بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن ئىكەن. چۈشتىن كېيىن دەرس ئۆتۈۋاتساق نەرگىسئاينىڭ دادىسى ـ قاپقارا، سېمىز ئادەم سىنىپقا كىرىپ رۇستەمنى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ، ئۇرغىلى يۈگۈردى. ئوغۇللار يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنى تۇتۇۋالدى. سىنىپ باشلىقىمىز ئالىم، مۇقەددەس، گۈلزىرەلەر رۇستەمگە بولغان غەزەپ ـ غەزىرىتىنى ئىپادىلەپ پات ـ پات ئارقىسىغا قاراپ ئالىيىپ قويۇشاتتى.

«ھەي دۆۋە، ھېلىمۇ تەلىيىڭ بار ئىكەن، خۇداغا شۈكۈر دېگىن. غەيرەتلىك بول، بۇ ئىشلارمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ!» مەن كىچىككىنە باغاقچىگە شۇنداق دەپ يېزىپ رۇستەمنىڭ ئالدىغا تاشلاپ قويدۇم. بىردەمدىن كېيىن قارىسام يوغان قوللىرىدا باغاقچىنى تۇرمىلەكلەپ،

www.uyghurkitap.com

ھازىرلا يىغلىۋېتىدىغاندەك لەۋلىرىنى چىشلەپ ئېسلىكىنچە ئولتۇردۇ. بىردىنلا مېنىڭمۇ ئىچىم ئاچچىق بوپكەتتى. زەردەم قايناپ: «ھەممىڭلار كۆردۈڭلار، گۇناھ خەقنىڭ ئۆزىدىغۇ، ئۇ رۇستەمنى بىكاردىن ـ بىكار تىللاپ، ئىتتىرىپ كەتمىدىمۇ...» دەپ ۋارقىرىۋېتىشتىن ئۆزۈمنى ئارانلا تۇتۇۋالدىم.

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن ھەممىمىز نەرگىسئاينى يوقلاپ باردۇق. نەرگىسئاي يوغان، ئاپئاق پەر ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، بارماقلىرىدا قوش ـ قوش ئۈزۈكلەر پارقىراپ تۇرىدىغان سېمىز ئايال كېسىپ بەرگەن ئالمىنى يەۋاتاتتى. ئۇ بىزنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرماقچى بولغانىدى، سېمىز ئايال ئۇنى كارىۋاتتىن چۈشسىڭىز بولمايدۇ، دەپ توسۇۋالدى.

ياتاقنىڭ دېرىزىسى، تومپۇچكىلارنىڭ ئۈستى گۈل بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. بىز ئەكەلگەن گۈلىمىزنى قويىدىغان يەر تاپالماي يەرگىلا قويۇشقا مەجبۇر بولدۇق. نەرگىسئاي ھەدەپ بىزنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلاتتى، ئەمما ياتاقتا ئىككىلا ئورۇندۇق بار ئىدى.

مۇقەددەس ئورۇندۇقنىڭ بىرىنى نەرگىسئاينىڭ ئالدىغا قويۇپ ئولتۇرۇپ يېقىنچىلىق بىلەن سورىدى:

—قانداقراق؟ خېلى ياخشى بوپقالدىڭمۇ، چوڭ چاتاق يوقتۇ؟

—چاتاق يوق، دوختۇر ئەسلى بۈگۈن چىقىپ كەتسەڭلار بولىدۇ، دېگەن، دادام بىرەر كۈن ئارتۇق كۆزىتىپ بېقىڭلار، دەپ تۇرۇۋالدى شۇ. مېنىڭغۇ ھازىرلا چىقىپ كەتكۈم بار، ئىمتىھان ۋاقتى تۇرسا...

—ھېلىقى رۇستەم دېگەن باردۇ ئاراڭلاردا؟ ـ سورىدى ئايال.

—رۇستەم كېلەلمىدى، ئايرىم يوقلاپ كەلمەكچى...

—كەلگەن بولسا قولىقىنى بىر يۇلۇۋالاي دېگەنتىم، خەقنىڭ قىزىنى ئاشۇنداق بوزەك قىلىدىغان نەنىڭ نوچىسكەن ئۇ!

بىز بۇياققا كەلمەكچى بولغاندا رۇستەمنىڭ جاھىللىقى تۇتۇپ بويۇن تولغاپ تۇرۇۋالغانلىقىنى ئويلاپ، كۆڭلۈمدە توغرا قىلغانىكەن، دەپ قالدىم.

نەرگىسئاي دوختۇرخانىدىن چىقىپ ھەممە ئىش ئىزىغا چۈشكەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە گۈلزىرە يېنىمغا كېلىپ مېنى مەكتەپ مۇدىرى ئىشخانىسىغا چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ھەيرانلىق ئىچىدە مۇدىرنىڭ ئىشخانىسىغا كىردىم. مۇدىر مېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، مەندىن ئۇدۇللا سورىدى:

—ئاڭلىسام، بۇنىڭدىن بىر نەچچە ئاي ئىلگىرى رۇستەم سىزنىمۇ يىقىتىۋەتكەنىكەن، راست شۇنداق ئىش بولغانمۇ؟

—يىقىلىپ چۈشكىنىم راست، لېكىن رۇستەم يىقىتىۋەتكەن ئەمەس، ئۆزۈم ئورنۇمدىن تۇرىمەن دەپ ئالدىراپ...

—بولدى، ئۇنى ئاقلىماڭ، مەن باشقىلاردىن ئەھۋالنى ئىگىلەپ بولغان. گۈلزىرەنىڭ ئېنىقلىشىچە، رۇستەم كىچىكىدە ماشىنا ھادىسىگە ئۇچراپ مېڭىسى زەخملەنگەنىكەن. دوختۇرلار ئۇنى كېيىنچە نېرۋىسىدىن چاتاق چىقىشى مۇمكىن، ئېھتىيات قىلىڭلار، دەپتىكەن. ئىلگىرى ئۇ سىرتتىمۇ جېدەل چىقارغانىكەن. بىر نەچچە كۈندىن بېرى بەزى ساۋاقداشلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بالىمىزنى بۇ مەكتەپتە ئوقۇتمايمىز، دەپ دەۋا قىلىۋاتىدۇ. سىزنىڭچە، رۇستەم نورمالمۇ؟

—مەن رۇستەم بىلەن بىر پارتىدا ئولتۇرغان، مېنىڭچە ئۇ تامامەن نورمال. ئۇ ئاتا ـ ئانا تەربىيىسى كۆرمىگەچكە مىجەزى سەل غەلىتە. لېكىن ئۇ ھېچكىمگە يامانلىق قىلغىنى يوق، ئۆتكەندىكى ئىشتىمۇ نەرگىسئاي باشتا...

—بولدى، بولدى، ھازىرچە بۇ ئىشلارنى باشقىلارغا، بولۇپمۇ رۇستەمگە دېمەي تۇرۇڭ، بىز مۇزاكىرىلىشىپ مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىمىز.

نېمە ئىشنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىدىغاندۇ ئۇلار؟ مۇدىر ئىشخانىسىدىن چىقىپ كۆڭلۈم بىر قىسما بوپقالدى. مەيداندا ئوغۇل بالىلار خۇشھال ـ خۇرام ۋارقىرىشىپ توپ ئويناۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا رۇستەممۇ بار ئىدى. ئۆتكەندىكى بىر مەزگىللىك پاراكەندىچىلىكتىن كېيىن ئۇ خېلىلا ئارام تېپىپ، روھلىنىپ قالغانىدى، ئاشۇ بېچارىگە يەنە بىر كۆڭۈلسىزلىك كەلمىسە بولاتتى.

ئىشنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولدى. نەرگىسئاينىڭ دادىسى ئۇزۇن قارا پىكاپتا كېلىپ مۇدىرنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى. رۇستەمنىڭ چوڭ دادىسىمۇ مەكتەپكە بىر قانچە قېتىم چاقىرتىلدى. سىنىپتا رۇستەم مەكتەپتىن چېكىندۈرۈلىدىكەن، دېگەن گەپ تارقالدى. مەھمۇت مۇئەللىم رۇستەمنى قوغداپ قالماقچى بولسىمۇ مەقسىتىگە يېتەلمىدى. مۇدىر ئۈچۈن نەرگىسئاينىڭ مەكتەپتىن يۆتكىلىپ كېتىشى تۈپەيلىدىن بولىدىغان زىيان ئالدىدا باشقا ئىشلارنىڭ تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق ئىدى.

شۇنداق قىلىپ رۇستەم مەكتەپتىن چېكىندۈرۈلدى. ئۇنىڭ كىتاب ـ دەپتەرلىرىنى كۆتۈرۈپ سىنىپتىن چىقىپ كېتىۋاتقان چاغدىكى بېچارە تۇرقى كۆڭۈل خاتىرەمدە ئۇنتۇلغۇسىز بولۇپ ساقلىنىپ قالدى. ئۇ مېنىڭ 12 يىللىق ساۋاقدىشىم ئىدى. ئىككىمىزنىڭ ئائىلە شارائىتىمىز ئوخشاپ كەتكەچكىمۇ، ئۇ مېنى يېقىن كۆرەتتى. ئېغىر ـ يېنىك ئىشلاردا ماڭا ياردەم قىلاتتى، تالاش ـ تارتىشلاردا ھامان مېنىڭ تەرىپىمنى ئالاتتى. نەرگىسئاي، مۇقەددەسلەرنىڭ نەزىرىدىكى قورقۇنچلۇق «دەلدۈش» مېنىڭ نەزىرىمدە بەزىدە گەپ ئاڭلىمايدىغان كىچىك ئۇكىغا، بەزىدە كۆيۈمچان ئاكىغا ئوخشايتتى. ئۇ، سىنىپنىڭ ئىشلىرىغىمۇ ئاجايىپ كۆيۈنەتتى، تازىلىق ـ ئەمگەكلەردە تەرلەپ ـ پىشىپ ئىككى ـ ئۈچ كىشىلىك ئىشلەيتتى. ئەتىياز، كۈز پەسىللىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدە جان تىكىپ ئېلىشىپ كۆپ قېتىم سىنىپىمىزغا شان ـ شەرەپ كەلتۈرگەنىدى. ھەر يىلى يازدا تاغقا، دالىغا ساياھەتكە چىققاندا قازان ـ قۇچا، گۆش ـ سەيلەرنى يۈدۈپ توشۇيتتى. باشقىلار ئويناۋاتسا يۈزلىرىنى قارا ـ قورا قىلىپ كاۋاپ پىشۇراتتى. نەدە ئېغىر، مەينەت ئىش بولسا رۇستەمنىڭ ئىدى. ئۇ ھېچقاچان باشقىلارغا بەس سالمايتتى، قىلغان ئىشىغا مىننەت قىلمايتتى. ئۇ چېچىنى پارقىرىتىپ تاراپ، ئىش ـ ئەمگەك دېسە بەش كۈنلۈك يەرگە قاچىدىغان، قاچان قارىسا قىز بالىلار بىلەن غەيۋەت قىلىشىپ، گەپ توشۇپ يۈرىدىغان ئوغۇل بالىلاردىن باشقىچە بىر دۇنيا ئىدى. ئاشۇ رۇستەم ئاخىر بېرىپ مۇشۇ كۈنگە قالدىمۇ؟ دۇنيادا سەممىي ئادەملەرلا زىيان تارتامدىغاندۇ؟ دادامنىڭ كېيىنكى ئايالىدەك، نەرگىسئايلاردەك ھازازۇل، ساختىپەزلەرنىڭ ئىشى ئوڭدىن كېلىۋېرەمدىغاندۇ...؟

* * *

—گۈلنىسا، ماڭا قارا قىزىم، مەندىن نەسىھەت بوپقالسۇن، سەن ھەرگىز باشقا قىزلارنى دوراپ مۇھەببەتلىشىپ يۈرمە...

www.uyghurkitap.com

ــمۇھەببەتلەشكەنگە نېمە بولىدۇ چولك ئاپا، ھازىر ھەممە قىزلار مۇھەببەتلىشىپ توي قىلىدۇ. بىزنىڭ سىنىپتىكى بەزى قىزلار تولۇقسىزدىن تارتىپلا مۇھەببەتلىشىشكە باشلىغان. لېكىن مەندىن خاتىرجەم بول چولك ئاپا، مەن ھازىر مۇھەببەتلەشمەيمەن، بالدۇر ئېچىلغان گۈل بالدۇر توزۇيدۇ، دېگەننى مەن ئوبدان بىلىمەن. لېكىن سەن نېمىشقا 13 يېشىڭدا ئەرگە تېگىۋالغان؟

ــ مەن ئۆزۈم تەگمىگەن، ئاتا ـ ئانام مەجبۇرلاپ بەرگەن. ئۇ زامان شۇنداق ئىدى، قىزلارنى تۇماق بىلەن بىرنى قويسا يىقىلمىغۇدەك بولسىلا ئەرگە بېرىۋېتەتتى. بىز ئاغزىمىزدىن سۈت پۇرىقى كەتمەي تۇرۇپ، ھېچ نەرسىنى ئۇقماي، بىلمەي تۇرۇپ خوتۇن، ئانا بوپقالاتتۇق. جاھان دېگەن شۇنداق ئوخشايدۇ دەپ ھەممىگە كۆنۈپ كېتەتتۇق. ھازىر قىز باللار ئوقۇپ، خىزمەتكە چىقىپ، مۇھەببەتلىشىپ توي قىلىدىغان بولدى، بۇمۇ ياخشى بولدى. لېكىن...

ــلېكىن نېمە بولدى، چولك ئاپا؟

ــنېمە بولاتتى، زىيان تارتقىنى يەنىلا ئايال كىشى، قىز باللا بولدى. ئىلگىرى ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئېرى بىلەن باللىرىنىڭلا خىزمىتىنى قىلىدىغان ئاياللار ھازىر ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىنىمۇ، ئېرى، باللىرىنىڭ خىزمىتىنىمۇ قوشلاپ قىلىدىغان بولدى. ئەر كىشىلەر قولىنى ئەگرى قىلماي ئولتۇرۇپ خوتۇنىنىڭ ئېتىپ بەرگىنىنى يەيدىغان، تېپىپ بەرگىنىنى خەجلەيدىغان بولدى. تەييار پۇل كىمگە خۇشياقمايدۇ. ھۇشۇ مۇھەببەتلىشىدىغان ئىشنى ئالساقمۇ، ئوغۇل باللا دېگەن قانچە قىز بىلەن مۇھەببەتلەشسىمۇ ھېچكىم ئۇنى ئەيىبلىمەيدۇ، لېكىن قىز باللا ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. بىرەرسى بىلەن ئېتى چىققان قىز باللا ئاشقان ئاشقا ئوخشاپ قالىدۇ، يەنە بىرسىنىڭ كېلىپ ئۇنى ئىچىشكە كۆڭلى تارتمايدۇ. ئوغۇل باللا دېگەن ئاشۇنداق قىز باللىنىڭ نامىنى چىقىرىپ قويۇپ ئۆزى خالىغان بىرسىنىڭ كەينىدىن كېتىۋېرىدۇ. قىز باللىنىڭ بىتەلەي بوپقالغىنى قالغان.

ــۋاي ـ ۋۇي چولك ئاپا، نەدىكى گەپنى قىلىدىكەنسەن. مۇھەببەتلەشكەن قىزلارنىڭ ھەممىسى «ئاشقان ئاش» بولمايدۇ. دۇنيادا ياخشى قىزلار كۆپ، ياخشى ئوغۇللارمۇ كۆپ. مەن ساڭا بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرەي.

ــھە ئېيتە، قۇلىقىم سەندە.

ــبىر يىگىت بىلەن بىر قىز بولغانىكەن، ئۇلار بىر ـ بىرىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىكەن، ئەمما يىگىتنىڭ تېخى ئىش ـ ئوقىتىنىڭ تايىنى يوق ئىكەن. قىزمۇ تېخى 18 لەرگە ئەمدىلا كىرگەنىكەن. ئۇلار ئاتا ـ ئانىسىدىن ئوغرىلىقچە ئۇچرىشىپ تۇرىدىكەن. بىر قېتىم ئۇلار يېقىن ئەتراپتىكى ئورمانلىقتا ئۇچرىشىپتۇ. بۇ باھار پەسلى بولۇپ، دەرەخلەر ئارىسىدىن ئىللىق باھار ئاپتىپى تۆكۈلۈپ تۇرىدىكەن. ئورمانلىق يۇمران يوپۇرماقلار بىلەن ياۋا گۈللەرنىڭ خۇش پۇرىقىغا تولغانىكەن. قۇشلار خۇددى ھاياتنىڭ باھار پەسلىدە تۇرۇۋاتقان بۇ بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇقنى قارشى ئالغاندەك توختىماي ۋىچىرلىشىپ سايرىشىدىكەن. ئۇلار مۇھەببەتتىن ۋە كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىدىن مەست بولۇپ ماڭا ـ ماڭا ئاخىر ئېزىپ قاپتۇ. ئۇلار ئورمانلىق ئىچىدە شۇنچە ئىزدەپمۇ قايتىش يولىنى تاپالماپتۇ. قاراڭغۇ چۈشۈپتۇ، يىگىت قىزنى قىيىن ئەھۋالدا قويغىنىدىن قاتتىق ئازابلىنىپتۇ. ئۇلار قاراڭغۇدا ئۇزاق يول يۈرۈپ ئورمان قاراۋۇلىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپتۇ. ئۇ ئىككى ئېغىزلىق كونا ياغاچ ئۆي بولۇپ، ئىچىدە ئادەم يوق ئىكەن. يىگىت خۇشال بولۇپ قىزنى ئىچكىرىكى ئۆيدىكى بىردىنبىر كارىۋاتقا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ئۆزى تاشقىرىقى ئۆيدە ئۆزۈن كىرىۋالدۇقتا يېتىپتۇ. ھاياتىدا تۇنجى قېتىم ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىدىن ئايرىلىپ ئادەمزاتسىز ئورمانلىقتىكى يالغۇز كەپىدە قونۇشقا مەجبۇر بولغان قىز دەككە ـ دۈككىدە ئۇزاققىچە ئۇخلىيالماپتۇ. ئىشىكنىڭ زەنجىر ھالقىسى بار ئىكەن، ئۇ قوپۇپ زەنجىرنى تاقاي دەپتۇ ـ يۇ، يىگىت بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى پاك، نازۇك مۇناسىۋەتكە شەك كەلتۈرۈپ، يىگىتنى رەنجىتىپ قويۇشنى خالىماپتۇ. ئىشىكنى تاقىماسلىققا تېخى كۆڭلى ئۇنىماپتۇ. ئۇ ئۇزاق ئويلىنىپ بىر چارە تېپىپتۇ. ئۇ ئۇزۇن، قويۇق چېچىدىن بىر تال ئۈزۈپ ئىشىكنىڭ ھالقىسىنى چاچ بىلەن باغلاپ قويۇپتۇ ـ دە، شۇ ھامان ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

سەھەردە قىز ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ ئىشىككە قارىسا چاچ ئاخشامقى پېتى تۇرغىدەك. ئۇنىڭ قەلبى شادلىق ۋە مۇھەببەتكە تولۇپتۇ ۋە شۇ چاغدا مەيلى قانداق ئىش يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، كەلگۈسىدە مۇشۇ يىگىتتىن باشقا كىشىگە ياتلىق بولماسلىق نىيىتىگە كەپتۇ. كېيىن ئۇلار توي قىپتۇ. خۇددى ئۇنىڭ كۈتكىنىدەك ئۇ يىگىت ئۇنى ئۆمۈرۋايەت قەدىرلەپ، ئۇنى ئايال كىشى ئۆمرىدە ئېرىشىدىغان ھەممە بەخت ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەتكە ئېرىشتۈرۈپتۇ...

چولك ئاپا، مەن دەل ئاشۇنداق يىگىتنى تاپمىسام توي قىلمايمەن، مەندىن خاتىرجەم بول.

ــمەن خاتىرجەم بولدۇم بالام، خاتىرجەم بولدۇم. ئاپاڭ بىچارە ئۆمرىدە تۈزۈك خۇشلۇق كۆرمەي ئۆتتى، سەن بولساڭمۇ يولۇڭنى تېپىپ ماڭغىن، خۇدايىم بەخت ـ تەلىيىڭنى بېرەر ئىلاھىم.

قىزى چولك بولۇشقا باشلىغاندىن تارتىپ ئانىلارنىڭ قىزىدىن ئەنسىرىشىمۇ قەدىمدىن قالغان ئىش، چۈنكى قىز باللا دېگەن ئاجىز، چولك ئاپام دائىم شۇنداق دەيدۇ. ئاپام بىلەن چولك ئاپام مەندىن قاچاندىن تارتىپ ئەنسىرەشكە باشلىدىكىنە؟ 13 يېشىمدا ئاي كۆرۈشكە باشلىغاندىن تارتىپمۇ ياكى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان چولك بولۇپ، ئۆزۈمنى تۈزەشتۈرۈپ يۈرۈيدىغان بولغاندىن تارتىپمۇ؟

ئەمەلىيەتتە كىچىك ۋاقتىمدىكى كەچۈرمىشلىرىم مەندە ئەر ـ ئاياللىق مۇناسىۋەتكە نىسبەتەن قورقۇنچ ۋە يىرگىنىشنى پەيدا قىلىپ قويغانىدى. مەن بۇ ھېسسىياتتىن ئۇزاققىچە قۇتۇلالمىدىم. تۇنجى قېتىم ئۆزۈمنىڭ بالاغەتكە يەتكەن قىز بوپقالغىنىمنى بىلگىنىمدە ئۆز ـ ئۆزۈمدىن سەسكەندىم، ھەتتا روھىي جەھەتتە قاتتىق ئازابلىنىپ يۈردۇم. ئەتراپىمدىكى بالدۇر يېتىلگەن قىز ـ ئوغۇل ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئۆزئارا مۇئامىلىلىرى مېنى بىزار قىلاتتى. ھاياتىمنىڭ ئۆزۈم خالاش ـ خالىماسلىقىمدىن قەتئىينەزەر يېتىپ كەلگەن يېڭى بىر باسقۇچى، تېنىم ۋە روھىي ھالىتىمدىكى ئۆزگىرىشلەر ماڭا يوچۇن، يىرگىنىشلىك لېكىن يەنە قانداقتۇ ئاجايىپ سىھىرلىك تۇيۇلاتتى. مەن ئاشۇ يىللاردا مەڭزىمنىڭ ئوت بولۇپ يېنىپ، يۈرىكىمنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق تېپچەكلەشلىرىگە، ئىللىق باھار كۈنلىرى بىر كېچىدىلا بىخ سۈرۈپ ھۆسن تۈزگەن دەرەخ شاخلىرىنىڭ شامالدا تەرۋىنىشىگە قۇلاق سېلىپ تالاي كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەندىم.

شۇ يىللىرى، بىر كۈنى مەكتەپتىن كەلسەم چولك ئاپام بىلەن ئاپام ئىككىسى ئۆيدە پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. مېنى كۆرۈپ دەرھال گېپىنى

توختىتىپ ماڭا قاراپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ كۆز نۇرى بېشىمدىن ئايىغىمغىچە، ئايىغىمدىن بېشىمغىچە يۆتكىلىپ، دەل كۈنسېرى كۆتۈرۈلۈۋاتقان كۆكسۈمگە كېلىپ توختىدى. مەن تەرسالىق بىلەن مۈرەمنى قورۇپ دومسايغىنىمچە ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتىم.

— ماڭا قارا قىزىم، بۇنى كىيىۋالغىن، — ئاپام كەينىمدىن ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ قولۇمغا بىر ئىچ كىيىمنى تۇتقۇزدى. ئۇ سىيدام تىكىلگەن، بەدەننى قورۇپ تۇرىدىغان ئىچ كىيىم ئىدى.

— مەن بۇنى كىيمەيمەن، — دېدىم بېشىمنى كۆتۈرمەي. ئاپامنىڭ بۇ ئىشى نېمىشقىدۇر مېنى ھاقارەتلىگەندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

— نېمىشقا كىيمەيسەن، مۆكچىيىپ مومايدەك ماڭىدىغان بوپقاپسەن، بۇنى كىيىۋالساڭ قىسلىماي ماڭىسەن ئەمەسمۇ.

— نېمىدىن قىسلىغىدەكمەن، بۇنى مەن ئۆزۈم پەيدا قىلمىدىم. سەن شۇنداق تۇغۇپسەن. بۇنى كىيىۋالغان بىلەن خەق مېنى كىچىككەن، چوڭ بولماپتۇ دەپ قالارمۇ.

— ھەي داپشاق، چوڭ بولۇشقا ئالدىراپ كەتكەن ئوخشىماسەن؟ كىيە بۇنى!

— كىيمەيمەن!

قاتتىق تەگكەن شاپىلاق مەڭزىمدىن ئوت چىقىرىۋەتتى. چوڭ ئاپام كىرىپ ئاپامغا «ئادەتتىنغۇ ھېچ ئىشى بىلەن كارىڭ يوق، بۈگۈن ھەجەپ ئۆرۈپ كېتىپسىنا» دەپ كايىغىلى تۇرغانىدى، ياشلىرىم بىردىنلا قۇيۇلۇشقا باشلىدى. دادامنىڭ گۆدەك قەلبىمدە قالدۇرغىنى جاراھەتلا بولدى. ئەمما مەن ئاپامنى ياخشى كۆرەتتىم، كىچىك ۋاقتىلىرىمدىن تارتىپلا ئۇ مېنىڭ بارلىقىم ئىدى. ئەمما ئۇمۇ مېنى تاشلاپ يات بىر كىشىنىڭ ئارقىسىدىن كەتتى. ئاشۇ ئەر كىشىدىن تۇغقان باللىرى ئاپامنىڭ قەلبىدىكى بىر پارچە ئورنۇمنىمۇ تارتىۋالغانىدى.

ئاپام مەيۈس ھالدا كېتىپ قالدى. بىراق ئەتىسىدىن تارتىپ مەن ئۇ كىيىمنى كىيىۋالدىم. تاكى تولۇق 2 - يىللىققا چىققانغا قەدەر كىيىپ يۈردۈم. مۇقەددەس مېنى دائىم: «18 ياشقىچە كۆكسىنى تېڭىپ يۈرۈيدىغان تومپاي»، «سەن 21 - ئەسىرنىڭ ئەمەس، 16 - ئەسىرنىڭ ئادىمىسەن» دەپ مەسخىرە قىلاتتى. بىر كۈنى مەن بازاردىن قىزلار كىيىدىغان ئادەتتىكى، ئەرزان ئىچ كىيىمدىن بىرنى سېتىۋالدىم. ئۆيگە ئەكىلىپ كىيىپ باقسام بەدىنىمنىڭ كەم يەرلىرى تولۇقلىنىپ خېلى ئىسكەت تۈزۈپ قالغاندەك، زادى ياراشمايدىغان كۆڭلەكلىرىممۇ باشقىچە يارىشىپ كەتكەندەك بىلىندى.

مەن ئاخشىمى خېلى ۋاقىتلارغىچە كۆڭلەكلىرىمنى بىرمۇبىر كىيىپ كۆرۈپ، ئەينەكنىڭ ئالدىدا مودېللارنى دوراپ مېڭىپ يۈردۈم. ئۆز - ئۆزۈمگە «خېلى چىرايلىقكەنسەن گۈلنىسا، سەن ئەمدى چوڭ بولدۇڭ، يۈرۈش - تۇرۇشۇڭ چوڭ قىزلارغا ئوخشىشى كېرەك» دەپ پىچىرلايتتىم.

شۇنىڭدىن كېيىن مەن تەڭتۇش قىزلارنىڭ كىيىم - كېچەك، يۈرۈش - تۇرۇشىغا دىققەت قىلىدىغان بولدۇم ۋە ئىنتايىن ھەيرانلىق ئىچىدە ئۆزۈمدە كىيىم - كېچەك، رەڭگە نىسبەتەن ئالاھىدە بىر خىل تەبىئىي سېزىمنىڭ بارلىقىنى بايقىدىم. مەن قىلچە زورۇقمايلا ئەڭ ئاددىي كىيىملىرىمنىمۇ ئىجادچانلىق بىلەن ماسلاشتۇرۇپ كىيىشنى ئۆگىنىۋالدىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مەن ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا باشقا ئىشلارنىمۇ ئويلايدىغان بوپقېلىۋاتاتتىم. پاراللېل سىنىپتىكى قاراقاش بالىنىڭ پات - پات قاراپ قويۇشلىرى، چاقچاق گەپلىرى، يېڭى كىملەرنىڭدۇر ياراشتۇرۇپ كىيگەن كاستۇملىرى، بۇيرە چاچلىرى خىيالىمغا كىرىپ قالاتتى. لېكىن بۇلار مېنىڭ ئۆگىنىشكە بولغان قىزىقىشىمنى سۇسلاشتۇرالمىغانىدى. مەن خاتىرەمنىڭ ۋاراقلىرىغا توختىماي «گۈلنىسا ئەڭ ئوماق، ئەڭ ئەقىللىق، ئەڭ ئەلاچى» دەپ يازاتتىم. مەن چوقۇم ئەلاچى بولۇشۇم كېرەك ئىدى. مەن تىرىشىپ ئوقۇش ئارقىلىق ئىستىقبالىمنى تېپىپ، ئورنۇمنى ئۆزگەرتەلەيدىغانلىقىمغا ئىشىنەتتىم. ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى كۈنسېرى يېقىنلىشىپ كېلىۋاتاتتى. مەن تەقدىرىمنى ئۆزگەرتىدىغان ئاشۇ پەيتنى ھاياجان ئارىلاشقان تەقەززالىق ئىچىدە كۈتەتتىم.

دەرسلەر، خۇلاسە ئىمتىھانلار ئاياغلىشىپ ئومۇمىي تەكرار باشلانغان كۈنى ئەتىگەندە سىنىپنى تازىلاۋاتساق مەھمۇت مۇئەللىم كىرىپ ئېلىياردىن:

— رۇستەمنى يوقلاپ تۇرالىدىڭلارمۇ، ئۇ نېمە ئىش قىلىۋېتىپتۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مەن يېقىندا ئۇنى كوچىدا ئۇچراتقان، ئەھۋالىنى سورىسام، بىر رېمونتچىغا شاگىرتلىققا كىرگەنلىكىنى ئېيتتى. ئۆزى سەل جۈدەپ قاپتۇ، لېكىن روھىي كەيپىياتى خېلى ئۈستۈن كۆرۈندى، — دېدى ئېلىيار.

مۇئەللىم بىردەم جىم بوپكېتىپ، ئېلىياردىن ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئادرېسىنى سوراۋېلىپ چىقىپ كەتتى.

— مۇئەللىم ئەجەب ئۇنى سوراپ كەتتىغۇ، ئۇنى مەكتەپكە قايتۇرۇپ ئەكېلەمدۇ — نېمە؟ — دېدى ئېلىيار.

— مەھمۇت مۇئەللىم رۇستەمنى ئىمتىھانغا قاتنىشىۋالسۇن دەپ يول مېڭىۋاتقىدەك. قارىغاندا، نەرگىسئاي باشقا مەكتەپكە يۆتكىلىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى گۈلزىرە.

ھەممىمىز جىم بوپكەتتۇق. دېمىسىمۇ يېقىندىن بېرى مەھمۇت مۇئەللىم دەرس ۋاقتىدا نەرگىسئايدىن تولا سوئال سورايدىغان بوپقالغان، ھەتتا بىر قېتىم كۆپچىلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا «مۇشۇ سوئالنىمۇ جاۋاب بېرەلمىگەن يەردە ئىمتىھانلاردا 100 نومۇرنى قانداق ئالغان؟» دەپ قوپال تەگكەن، نەرگىسئاي نەچچە كۈنگىچە يىغلاپ، كۆزلىرىنى قىزارتىپ يۈرگەنىدى.

— مەھمۇت مۇئەللىم ياشىسۇن! مەھمۇت مۇئەللىم يارايدۇ، بىزگە مۇشۇنداق نوچى مۇئەللىم كېرەك!

مەردان قولىدىكى سۈپۈرگىنى گىتار قىلىپ ئۇسسۇل ئويناپ كەتتى.

— ھە مەردان، بىرەر پەدە ئويناپ بەرە، ئۇزاق بوپتۇ سېنىڭ ئۇسسۇلۇڭنى كۆرمىگىلى.

— قېنى مەردان، ياخشى خەۋەرنى تەبرىكلەپ ئوت چىقىرىۋەتە!

— ئاشۇ رۇستەم بايقۇش ناھەقچىلىككە ئۇچرىغاندىن بېرى ئۇسسۇلمۇ يادىمغا كەلمەيدىغان بوپقالغانىدى، بوپتۇ، بۈگۈن بىر ئوينايلى!

راست، بۇ يىل بىزگە نېمە بولدى، خۇلاسە ئىمتىھانلارنىڭ ئالدىراشلىقى، چوڭ ئىمتىھاننىڭ ئەندىشىسى يەلكىمىزدىن بېسىپ ياشلارغا خاس بارلىق ھېس - تۇيغۇلىرىمىزنى يوقىتىۋەتتىمۇ ياكى. چوڭ بوپقالدۇقمۇ، ھەممىمىز باشقىچە ئېغىر بېسىق بوپكېتىپتۇق. دېرىزىمىز-

نىڭ تۇۋى، يوللىرىمىزنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى چىملارنىڭ قاچان يېشىل تۈسكە كىرىۋالغانلىقى، قاردەك ئاپئاق، ھال چېچەكلەرنىڭ قاچان ئېچىلىۋالغانلىقىنى سىزمەيلا قاپتۇق. ئىلگىرىكى يىللاردا رۇستەم دائىم تۇنجى ئېچىلغان چېچەك، پوتلا بولغان سۆگەت شېخى، بىرەر تال گۈل دېگەندەك نەرسىلەرنى پارتامغا تاشلاپ قوياتتى، پارتامدىن نەچچە كۈنگىچە باھار ھىدى كېلىپ تۇراتتى. بۇ يىل ئۇمۇ يوق، چېچەكمۇ يوق، ئۇنىڭ بوش قالغان پارتىسىغا قارىسام يىغا تۇتىدۇ.

* * *

جۈمە كۈنى مەھمۇت مۇئەللىمنىڭ تەشكىللىشىدە سىنىپ بويىچە دالا سەيلىسىگە چىقتۇق. ئۇ كۈنى قىزلارنىڭ كۆپ قىسمى مەكتەپنىڭ ھاۋارەڭ تەنھەرىكەت چاپىنىنى، رەڭلىك يوپكىلارنى كىيگەن، گۈللۈك رومالىلارنى ئارقىسىدىن چىڭ چىگىۋالغانىدى. مۇقەددەس بىلەن نەرگىسئايلا مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك سۇس سارغۇچ كالتە پەلتۇ، پۇتىغا قىممەت باھالىق ساياھەت ئايىغى كىيىۋاپتۇ. ئېگىز بويلۇق مۇقەددەسكە كىيىمى باشقىچىلا يارىشىپتۇ.

بىز شەھەر سىرتىغا چىقىپ، بىر ئۆستەڭ بويىدا ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ قالدۇق. ئۆستەڭنىڭ بىر چېتى قەدىمىي قارىياغاچلىق، يەنە بىر چېتى تۈپتۈز دالا ئىدى، دالىدىن باھارنىڭ تېخى زەھىرى كەتمىگەن سالقىن شامىلى غۇر ـ غۇر ئۇرۇپ تۇراتتى. بۇ يەردە ئاندا ـ ساندا يەر بېغىرلاپ ئۆسكەن ئوت ـ چۆپلەر، ئاق تىكەنلەر كۆزگە تاشلانغاندىن اشقا، چوڭراق بىرەر تال تاشمۇ كۆزگە چېلىقمايتتى.

—يۈرۈڭلار قىزلار... ئا ھۇ...ي..

ئوغۇللار مەھمۇت مۇئەللىمنىڭ باشچىلىقىدا بىر سەپ بولۇپ شامالغا قارشى يۈگۈرۈپ كېتىشتى. شامال ئۇلارنىڭ ئىشتان ـ چاپانلىرىنى دۇمباقتەك كۆپتۈرەتتى، ئوينىشىۋاتقاندەك شەپكىلىرىنى ئۇچۇرۇپ يىراق ـ يىراقلارغا ئەكېتەتتى. قىزلارنىڭ ئالا ـ يېشىل يوپكىلىرىنى، ياغلىقلىرىنى بايراقتەك لەپىلدىدەتتى.

ئوغۇللار 100 مېتىر چەت يىراقلىقتا بىزنى ساقلاپ تۇردى. بىز يېقىنلىشىپ بېرىشىمىزغا ئوغۇللار يەنە يۈگۈرۈپ كەتتى. قىزلار مەڭزىلىرىمىز قىزارغان ھالدا ھاسىرىشىپ نەرگىسئاينى ساقلاپ تۇردۇق. تېنى ئاجىز نەرگىسئاينىڭ چىرايى بىرئاز تاتىرىپ قالغانىدى. بارا ـ بارا ئۇنىڭ مەڭزىگىمۇ قىزىللىق يۈگۈردى. بىز ھېلى يۈگۈرۈپ، ھېلى مېڭىپ، ئوغۇللار بىزنى ساقلاپ تۇرغان كۆۋرۈك بېشىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قارىياغاچلىققا قاراپ ماڭدۇق.

قارىياغاچلىق سۇ يۈگۈرگەن قوۋزاق ۋە ياش يوپۇرماقلارنىڭ ھىدىغا تولغانىدى. قۇرۇغان سان ـ ساناقسىز شاخ ـ يوپۇرماق ئايىغىمىز ئاستىدا غىرىس ـ غىرىس ئاۋاز چىقىراتتى. قارىياغاچلىقنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىدە ئاندا ـ ساندا ئاپئاق چېچەكلەپ كەتكەن ياۋا ئالما، ياۋا نەشپۈت دەرەخلىرىمۇ ئۇچراپ قالاتتى.

ئوغۇللار يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈپ بىر پارچە ئوچۇقچىلىقنى تاپتى. ئۇ يەردە كۆزدە كىملەردۇر كېسىۋەتكەن، ئەكېتىشكە ئۈلگۈرمىگەن قېرى قارىياغاچ سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئۇنىڭ كۆتىكىدىن يۇمران شاخلار كۆكلەپ چىقىشقا باشلىغانىدى. مەھمۇت مۇئەللىم كۆتەكتە ئولتۇرۇپ:

—بۈگۈن بۇ يەرگە چىقىشىمىزدىكى مەقسەت، بىرى، دالا ھەم ئورماننىڭ ساپ ھاۋاسىدىن قانغۇچە نەپەسلىنىپ، ۋۇجۇدىمىزنى شەھەرنىڭ دىمىق ھاۋاسىدىن تازىلاپ، ئومۇمىي تەكرار ھەم چوڭ ئىمتىھانغا يېڭىچە روھ بىلەن تەييارلىنىش، يەنە بىرى، تەبىئەت قوينىغا قايتىپ نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىش. ساۋاقداشلار، شۇ نەرسە بەلكىم سىلەرگىمۇ مەلۇملۇقتۇ، مۇشۇ ۋەتەندە ياشىغان ئادەم ۋەتىنىنىڭ تاغ ـ دەريا، يەر ـ زېمىن، ھايۋانات، دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھلىرىنى تونۇشى، چۈشىنىشى كېرەك. بىر تال تاش بولسىمۇ ئۇنى چۈشەنگەندە ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھېسسىيات پەيدا بولىدۇ. ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەت ئەنە شۇنداق كونكرېت ھېسسىياتلارنىڭ يىغىندىسى بولسا كېرەك. بىز بۈگۈن ئۈستىدە ئولتۇرغان مۇشۇ قارىياغاچ، ماۋۇ كىچىككىنە بوشلۇق، ئەتراپىمىزدىكى دەل ـ دەرەخلەرگە نىسبەتەن بىزدە ھېسسىيات پەيدا بولدى. مۇشۇ مەنزىرىنى بىز بەلكىم ھاياتىمىزنىڭ ئاخىرىغىچە ئەسلىشىمىز مۇمكىن. بىرەرسىڭلار كەلگۈسىدە چەت ئەلدە ئولتۇراقلىشىپ قالساڭلار، ۋەتەننى ئويلىساڭلار كۆز ئالدىڭلارغا مۇشۇ قارىياغاچلىق، ئەمدىلا دۇنياغا كۆز ئاچقان يۇمران يوپۇرماقلار، بۇ يەردە چۆرىدىشىپ ئولتۇرغان ئوماق ساۋاقداشلىرىڭلار كېلىشى مۇمكىن. مۇشۇ پۇرسەتتە مەن سىلەرگە بىر تاپشۇرۇق بېرەي، ئالدىمىزدىكى ھەپتىدە ھەممىڭلار قارىياغاچ ھەققىدە ماقالە يېزىپ كېلىڭلار. ياخشى يېزىلغانلىرىنى گېزىت ـ ژۇرناللارغا ئەۋەتەيلى، قانداق دەيسىلەر؟

—قوشۇلىمىز! ـ دەپ ۋارقىراشتۇق بىر ئېغىزدىن.

چۈشتە ئوتتۇرىغا يايغان يالتىراق داستىخانغا ھەممىمىز ئۆيىمىزدىن ئەكەلگەن يېمەكلىرىمىزنى قويدۇق. ئۇنىڭ ئىچىدە نانمۇ، پىششىق تۇخۇممۇ، گۆشنانمۇ، پېچىنە ـ پىرەنىكمۇ، چىلىغان سەيمۇ بار ئىدى. مەھمۇت مۇئەللىم پۈتۈن توخۇ كاۋىبى، نەرگىسئاي يوغان بىر پارچە تونۇر كاۋىبى ئەچىقىپتۇ. ھەممىسىنى قوشقاندا داستىخىنىمىز ئىنتايىن رەڭلىك، مولچىلىق بولدى. تاماق ۋاقتىدا ئېلىيار توخۇ ـ تۇخۇمغا باغلاپ چاقچاق دېگەننى شۇنچىلىك كەلتۈرۈۋەتتىكى، تولا كۈلۈپ قورساقلىرىمىز ئاغرىپ يۇملاپ كېتىشتۇق. ئەمما بەزىلەر ئولتۇرالماي قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنئالغۇنى قويۇۋەتتۇق. مەردان بىلەن مۇقەددەس بېقىشىپ ئۇسسۇل، دىسكو ئويناپ كۆزلىرىمىزنى ئالىچەكمەن قىلىۋەتتى. مەھمۇت مۇئەللىم: «بۈگۈنكىدەك ئېسىل ئۇسسۇلنى ئۇنداق، مۇنداق سورۇنلاردا كۆرگىلى بولمايدۇ جۇمۇ! مەردان، سەن خالىساڭ كېيىن مېنى ئىزدە، مەن سېنىڭ ئۇسسۇل كەسپىدە ئوقۇشۇڭغا ياردەم قىلاي، سەن ئاز ئۇچرايدىغان تالانت ئىگىسى ئىكەنسەن» دېدى.

باشقىلار ئويناۋاتقاندا تۇرمۇش ھەيئىتى رىزۋانگۈل ئىككىمىز داستىخاندىكى ئاشقان تاماق، يالتىراق خالتىلارنى يوغان قارا خالتىغا قاچىلىدۇق. ئەتراپتا يەنە كەمپۈت قەغىزى، مېۋە شۆپۈكى دېگەندەك نەرسىلەر چېچىلىپ تۇراتتى. ئۇلارنىمۇ بىر ـ بىرلەپ تەرمەكتىن باشقا نېمە ئامال بولسۇن. بىز چەت ئەللىك ساياھەتچىلەردىن ئۆگەنسەك بولىدۇ، ئۇلار بىزنىڭ زېمىنىمىزغا كەلسە بىرەر تال ئەخلەت تاشلاشقىمۇ كۆڭلى ئۇنىمىغان يەردە، بۇ زېمىننىڭ ئىگىسى بولغان بىز ئۇنى ئاسرىمساق بولامدۇ.

كېلىشىمىزدە كۆۋرۈكنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئورنىتىلغان چىرايلىق ئەخلەت ساندۇقلىرىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالغانىدى. يوغان قارا خالتىغا بىر كەلگەن ئەخلەتنى كۆتۈرۈپ ئاشۇ تەرەپكە ماڭدىم. قارىياغاچلىقتىن چىقىپ قارىسام، كۆۋرۈك ئويلىغىنىمدىن خېلىلا يىراقتا ئىكەن. ئۇنىڭ

ئۈستىگە ئەتراپتا ئادەم كۆرۈنمەيتتى. ئەخلەتنى يەرگە قويۇپ ھېلى ئالدىمغا، ھېلى كەينىمگە قاراپ ئىككىلىنىپ تۇرسام مەھمۇت مۇئەللىم مەن تەرەپكە قاراپ كەلدى. ئۇ ئەخلەتنى كۆتۈرۈۋالماقچى بولغانىدى، مەن ئۇنىماي ئىتتىك مېڭىپ كەتتىم. ماڭا ئوخشاش كىچىكىدىن ئىش قىلىپ ئۆگەنگەن، يەنە كېلىپ ساغلام بىر قىز بالا ئۈچۈن بىر خالتا ئەخلەتنى كۆتۈرۈپ بۇنچىلىك يول مېڭىش ھېچقانچە گەپ ئەمەس ئىدى. يۈگۈرۈپ دېگەندەك مېڭىپ ئەخلەتنى تېگىشلىك جايىغا تاشلاپ كەينىمگە يانسام مەھمۇت مۇئەللىم كەينىمدىلا تۇرىدۇ. «مۇئەللىم ئەسلى مېنى مۇھاپىزەت قىلىپ كەينىمدىن بىللە كەلگەنىكەن» دەپ ئويلاپ خۇشال بولدۇم.

—توختاڭ، گۈلنىسا، ـ مەھمۇت مۇئەللىم ئالدىمغا كېلىپ چىرايىمغا قاراپ مېھرىبانلىق بىلەن كۈلدى، قولىنى ئۇزىتىپ چېچىمغا يېپىشىپ قالغان قۇرۇق غازاڭنى ئېلىۋەتتى. ئارقىدىن ئالدىمغا چۈشۈپ قالغان بىر تۇتام جىڭگىلەك چېچىمنى قۇلىقىمنىڭ كەينىگە ئۆتكۈزۈۋەتكەچ، بىر ئاتا قىزىنىڭ ياكى بىر ئاكا سىڭلىسىنىڭ بېشىنى سىلىغاندەك مېھىر بىلەن پېشانەمنى ئىللىق سىلاپ قويدى.

مەن ئورنۇمدا قېتىپ تۇرۇپلا قالدىم. مۇئەللىمنىڭ قوللىرى سىلاپ ئۆتكەن چاغدىكى راھەت بىر سېزىم پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى قاپلىدى. نېمىشقىدۇر كۆزلىرىمگە ياش كەلدى. دادام مېنىڭ پېشانەمنى مۇنداق مېھىر بىلەن سىلاپ باقمىغانىدى، ئاپامۇ مېنىڭ بېشىمنى سىلاپ باقمىغىلى قانچە يىللار بوپكەتتى ـ ھە...

مۇئەللىم كەينىگە بۇرۇلدى. دەل شۇ چاغدا ئورمانلىقتىن مۇقەددەسنىڭ ئېگىز بويى، ئارقىسىدىن باشقا قىزلار، ئوغۇللار كۆرۈندى. مەن چۈش كۆرۈۋاتقاندەك بىر ھالەتتە جايىمدا قېتىپ تۇراتتىم.

—قىزىرىپ كېتىپسىزغۇ قىزچاق!—مۇقەددەس چىرايىمغا مەنىلىك قاراپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن چىرايىمغا مەينەت بىر نەرسە چاپلىشىپ قالغاندەك بوپقالدىم.

مەندىكى ئاشۇ چۈش كۆرۈۋاتقاندەك تۇيغۇ ئىككى ـ ئۈچ كۈنگىچە يوقالمىدى. قولۇم ھېچ ئىشقا بارمايدۇ، بىر نۇقتىغا تىكىلىپ ئولتۇرغىنىم ئولتۇرغان. خىيالىمدا مۇئەللىمنىڭ قولىنى ئۇزىتىپ پېشانەمنى سىلىغان چاغدىكى كۆرۈنۈشى، ئاشۇ ئىللىق، غەلىتە، يوچۇن سېزىم...

— گۈلنىسا، ھەي گۈلنىسا، قىزىم، چۆگۈندىكى چاي قايىنغىلى نەۋاق، نېمانداق ھاڭۋېقىپ ئولتۇرىدىغانسەن؟ توختىغىنا، سەن ئاغرىپ قالدىڭمۇ يا؟ باشقا بىرەر ئىش بولدىمۇ؟

چوڭ ئاپام بىر ھازا سۆزلەپ پېشانەمنى تۇتۇپ كۆردى. چىرايىمغا سىنچىلاپ قاراپ خۇددى قانداقتۇر بىر ۋەھىمىدىن بېشارەت ئالغاندەك دەككە ـ دەككىگە چۈشۈپ ئولتۇرالماي قالدى.

—ۋاي ئىست، ۋاي قانداق قىلارمىز، ساڭا بىر ئىش بولدىمۇ قىزىم؟ روھىڭ چىقىپ كەتكەندەك غەلىتە بوپقاپسەن، قارىچۇقۇڭ پىلدىرلاپلا قاپتۇ، كۆز تەگدىمۇ يا، توختا، توختاپتۇر، مەن بىر ئوت كۆچۈرۈپ قوياي...

—بولدىلا چوڭ ئاپا، ئاۋارە بولمىغىنا، مەن ھېچ نەرسە بولمىدىم، ھېرىپ كەتتىم شۇ. بالدۇرراق يېتىۋالسام ئوڭلىنىپ قالىمەن.

چوڭ ئاپام بەدەنلىرىمنى ئاغرىتىپ ـ ئاغرىتىپ تۇتۇپ، ئىسرىق سېلىپ كارىۋىتىمنىڭ ئەتراپىدا بىر ھازا ئاۋارە بولدى. ئۇ ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ئۆزى توقۇۋالغان ئاللىقانداق «ئايەت»لەرنى پىچىرلاپ ئوقۇپ بولغىچە ئۇخلاپ قاپتىمەن. ئەتىگىنى ئويغانسام بەدەنلىرىم راستىنلا يېپيېڭىل بوپقاپتۇ. ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن ئاپامغا ئۆيلەرنى يىغىشتۇرۇشۇپ بېرىپ، كىچىك ئۆينىڭ ئىشىكىنى تاقاپ ماقالىگە تۇتۇش قىلدىم.

«يۇرتىمىزنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئۇچرايدىغان، رايونىمىزنىڭ قۇرغاق، سوغۇق ئىقلىمىغا ماسلاشقان، باھاردا ھەممىدىن بۇرۇن ياشىرىپ، كۈزدە ھەممىدىن كېيىن يوپۇرماق تاشلايدىغان بىر دەرەخ بار. قاپقارا، غۇدۇر ـ بۇدۇر قوۋزاقلىرى قارىماققا كۆرۈمسىز بولسىمۇ ئېگىز، باراقسان ئۆسىدىغان بۇ دەرەخنىڭ نامى قارىياغاچ...»

يېزىپ ـ يېزىپ ئاشۇ قارىياغاچلىق ئىچىگە كىرىپ كېتىپتىمەن. مەھمۇت مۇئەللىمنىڭ: «بۈگۈن بىز ئۈستىدە ئولتۇرغان قارىياغاچ، ماۋۇ كىچىككىنە بوشلۇقنى... بەلكىم ھاياتىمىزنىڭ ئاخىرىغىچە ئەسلىشىمىز مۇمكىن... ۋەتىنىنى ئويلىساڭلار كۆز ئالدىڭلارغا مۇشۇ قارىياغاچلىق، ئەمدىلا دۇنياغا كۆز ئاچقان يۇمران يوپۇرماقلار، بۇ يەردە چۆرىدىشىپ ئولتۇرغان ئوماق ساۋاقداشلىرىڭلار كېلىشى مۇمكىن...» دېگەنلىرى، ئاشۇ كۈندىكى ھەر بىر ئىش، مۇقەددەسنىڭ «قىزىرىپ كېتىپسىزغۇ قىزچاق» دېگەنلىرى، ئاخىرىدا چوڭ ئاپامنىڭ ئەندىشىلىك چىرايى كۆز ئالدىمدىن تىزىلىپ ئۆتتى. راستىنلا مەن نېمە بولدۇم؟ مېنى بۇنچە ھاياجانلاندۇرۇۋەتكىنى زادى نېمە؟ ياكى مەن مەھمۇت مۇئەللىمنى ياخشى كۆرۈپ قالدىممۇ؟ ئىلگىرى يۇقىرى سىنىپتا ئوقۇۋاتقان بىر قىزنىڭ ياش، كېلىشكەن ئوقۇتقۇچىسىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى ئاڭلىغانىدۇق، ئەمدى نۆۋەت ماڭا كەلدىمۇ؟

ياق، بۇ مۇھەببەت ئەمەس، بىر خىل سۆيۈنۈش، مىننەتدارلىق، ئەزەلدىن دادا مېھرى كۆرمىگەن گۆدەك، پاك بىر قىزنىڭ ئۆزىگە يوچۇن بولغان مېھىر ـ مۇھەببەت ئالدىدىكى گاڭگىرىشى. مەھمۇت مۇئەللىم ھەرقانداق قىزنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئەرزىيدىغان ئادەم. مەن ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلىمەن، ئىنتايىن، ئىنتايىن قايىل بولىمەن، لېكىن ئۇ مېنىڭ ئۈچۈن يارالغان ئەمەس، مەنمۇ ھەم شۇنداق. ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆتمۈشى، بۈگۈنى ۋە كەلگۈسى بار. بۇلار ماڭا مۇناسىۋەتسىز. دۇنيادا شۇنداق بەزى ئادەملەر بار، ئىككى يات جىنس ئوتتۇرىسىدىكى ھەرقانداق مۇناسىۋەتنى ئۆزلىرى بىلىدىغان ئاشۇ بىرلا خىل مەنىگە ئۆرۈپ تەھلىل قىلىدۇ. ھەرقانداق ئالىيجاناب، پاك ھېسسىياتمۇ ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئاددىي، ئىپلاس سودىغا ئايلىنىپ قالىدۇ، ئۇلارغا ئامال يوق.

* * *

—12 يىل جاپا تارتىپ ئوقۇدۇڭلار، ئەمدى خۇلاسىسى چىقىدىغان پەيت كەلدى، تىرىشىڭلار ئۇكىلىرىم، پۈتۈن كۈچۈڭلار بىلەن تىرىشىڭلار. ئۆزۈڭلەرگىمۇ ئايان، سىلەر ھاياتىڭلاردىكى مۇھىم بۇرۇلۇش نۇقتىسىدا تۇرۇۋاتىسىلەر، سەللا بوشاڭلىق، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلساڭلار ئۆمۈرۋايەت پۇشايمانغا قېلىشىڭلار مۇمكىن...

—سىلەر ياشلار بۇ ئەسىرنىڭ ئىگىسى، مىللەتنىڭ، ۋەتەننىڭ ئۈمىدى. مىللىتىمىزنىڭ دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىدا پۇت تىرەپ تۇرۇش ـ تۇرالماسلىقى سىلەرگە باغلىق. بۇنىڭ ئۈچۈن ياشلىرىمىز ئالىي مەلۇماتلىق، ساپالىق بولۇشى كېرەك. ئالىي مەلۇماتلىق، ساپالىق

بولۇشنىڭ ئاساسى قەيەردە؟ مانا مۇشۇ دەرسخانىدا...

مۇئەللىملىرىمىز بارلىق ماھارىتىنى، ئەڭ تەسىرلىك سۆزلىرىنى ئىشقا سېلىپ بىزنى روھلاندۇراتتى، ئىلھاملاندۇراتتى، كۈنلەپ دوسكا ئالدىدا بور يۇتۇپ نەچچە يىللىق دەرسلەرنى بىزگە ئىخچام، چۈشەنىشلىك تەكرار قىلىپ بېرىشكە تىرىشاتتى. بىچارىلەرگە كەچلىك تەكرار ۋاقىتلىرىدىمۇ ئارام يوق ئىدى. مۇئەللىملەر نېمىدېگەن جاپاكەش، خالىس نىيەت ئادەملەر ـ ھە.

ئاۋازى پۈتۈپ، جۇدەپ قالغان مەھمۇت مۇئەللىم يېقىندىن بۇيان سەل ھارغىن كۆرۈنىدىغان بوپقالدى. ئاڭلىشىمىزچە، رۇستەمنىڭ ۋەقەسىدىن كېيىن ئۇ ئوقۇتۇشتىكى بەزى نامۇۋاپىق تەرەپلەر، مۇدىرنىڭ خىزمەت ئۇسۇلىدىكى بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا پىكىر بېرىپ مۇدىر بىلەن مۇنازىرلىشىپ قالغانىكەن. شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىدىن كەلگەن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلاردىن پىكىر ئالغاندىن كېيىن، مۇدىرنىڭ تەدبىرلىرىنى مۇقىملىق، ئىتتىپاقلىققا پايدىلىق، دەپ خۇلاسە چىقىرىپتۇ. ئەمدىلىكتە مۇدىر بىلەن بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار ئۇنى ئىلگىرىكى مەكتىپىدىمۇ باشقىلارنىڭ ئىشىدىن تولا قۇسۇر تېپىپ، ھېچكىم بىلەن پىتىشمىغانىكەن، دەپ چەتكە قېقىشقا باشلاپتۇ. مەھمۇت مۇئەللىم ئالدىمىزدا چاندۇرمىغىنى بىلەن كۆڭلى جايىدا ئەمەس ئوخشايدۇ.

ئۆتكەندە مەھمۇت مۇئەللىم قارىياغاچ توغرىسىدىكى ماقالەمنى نپتا ئوقۇغان كۈندىن تارتىپ نەرگىسئاي بىلەن مۇقەددەسنىڭ ماڭا لغان پوزىتسىيىسى ئۆزگەردى. ئۇلار مېنى كۆرسىلا قەستەن مەھمۇت ۇئەللىمنىڭ گېپىنى چىقىرىپ ماڭا مەنىلىك قارىشىپ قويىدىغان بوپقېلىشتى. ئۇلار بىلەن يېقىن ئۆتىدىغان بىر قىسىم قىزلارمۇ خۇددى يۈزۈمگە بىر نەرسە چاپلىشىپ قالغاندەك غەلىتە قارىشىدىغان، ھەتتا بەزىلىرى ماڭا قاراپمۇ قويمايدىغان بولۇۋېلىشتى.

سىنىپتىكى قىزلار پۇل يىغىش قىلىپ نىياسەم مۇئەللىمنى يوقلاپ بارغاندۇق، نىياسەم مۇئەللىممۇ ئاغزىنى قىيسايتىپ تۇرۇپ:«سىزنى ماقالىنى قالتىس يازىدىغان بوپكەتتى دەپ ئاڭلايمىزغۇ؟» دەپ مەنىلىك كۈلۈپ قويدى. نىياسەم مۇئەللىم پاقالاندەك بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. بىز ھەممىمىز بوۋاقنى تالىشىپ كۆتۈرۈپ ئويناتتۇق. نىياسەم مۇئەللىم ئاشخانىغا چىقىپ كەتكەندە مەن ئۇنى قۇچىقىمغا ئېلىپ ئەركىلىتىۋاتسام مۇقەددەس: «بۇ بالىنىڭ بىر يەرلىرى مەھمۇت مۇئەللىمگە ئوخشايدىكەن ـ ھە!» دېدى. قىزلار غەيرىي ئاۋازدا قاقاقلاپ كۈلۈشتى.

ئاشۇنداق چاغلاردا گەپ قىلمىغىنىم بىلەن ئىچىمدە:«ھەسەتخورلار، كۆرىمىز تېخى كۆرەڭلىگەنلەرنىڭ قانچىلىكلىكىنى...» دەپ ئويلايتتىم. مەن ئۆزۈمنىڭ ئۆگىنىش ئۇسۇلۇمغا ۋە ئاساسىمغا ئىشىنەتتىم. ۋاقىتنى مۇۋاپىق تەقسىملەپ، پىلانلىق تەكرار قىلىپ، كۈنلەرنى ئالدىراشلىق ئىچىدە ئۈنۈملۈك ھەم كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزمەكتە ئىدىم.

مانئۇبىر ئىمتىھانلارمۇ ئېلىنىپ بولدى. ئەمدى بىزنى پەقەت بىرلا، ئەڭ ئاخىرقى ئىمتىھان ـ توغرىراقى، ئوتتۇرا مەكتەپ ھاياتىمىزدىكى ئاخىرقى ئىمتىھان كۈتۈپ تۇراتتى. ھەممىلا ئادەمنىڭ خىيالى شۇنىڭدا، ھەممىلا ئادەم دەككە ـ دۈككىدە. سىنىپىمىزدىكى بەزى بالىلار جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكتىن تىنچلاندۇرۇش دورىسى يېمىسە ئۇخلىيالمايدىغان بوپقېلىشتى. بىز بىلەن پاراللېل سىنىپتىكى بىر ئوغۇل بالا دەرس ۋاقتىدا قالايمىقان ۋارقىرايدىغان بوپقېلىپ، دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى.

ــ جىددىيلەشمەڭلار، روھىي كەيپىياتىڭلارنى تەڭشەپ تۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىڭلار. ئىمتىھان پەقەت بىر ئادەمنىڭ مەلۇم جەھەتتىكى سەۋىيىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، ئۇ ھەرگىزمۇ بىر ئادەمنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ، بىر ئادەمنىڭ تەقدىرىنى تېخىمۇ بەلگىلىيەلمەيدۇ. ھازىر ئىمتىھاننىڭ ياش چەكلىمىسى يوق، ئۆتەلمەسەڭلار قاچان بولمىسۇن، قايتا بەرسەڭلار بولۇۋېرىدۇ. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇمايمۇ ئىستىقباللىق بولغىلى بولىدۇ، مەسىلەن، نۇرتاي ھاجىم قايسى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، ئادىل ھوشۇرچۇ؟

مۇئەللىملەر ئەمدى ئاشۇنداق سۆزلەر بىلەن بىزدىكى جىددىيلىك، ئەندىشىنى يوقىتىشقا ئۇرۇنىدىغان، كىتابلارغا ئىمكانقەدەر ئازراق قاراپ، كۆپرەك ئارام ئېلىش، كۆڭۈل ئېچىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان بولدى. سىنىپتىكى بالىلار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ نەقەدەر كۆيۈمچان بوپكەتكىنىنى، «ۋاي بالام ئۇخلىۋال، ۋاي بالام نېمە يەيسەن؟» دەپ پايپېتەك بولۇۋاتقىنىنى پەخىرلىنىپ ھەم كۈلكىلىك قىلىپ سۆزلىشىپ يۈرۈشەتتى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن مەكتەپتىن قايتىپ كەلسەم دادام ئۆيدە ئولتۇرۇپتۇ. شىرەنىڭ ئۈستىدە 10 ـ 20 تۇخۇم، بىر نەچچە قۇتا ئىچىملىك دېگەندەك نەرسىلەر تۇرىدۇ. چوڭ ئاپام بىچارە خۇشاللىقىدىن چاي دەملەپ، داستىخان سېلىپ قىلغىلى قىلىق تاپالماي قاپتۇ. دادام بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ، سومكامنى كۆتۈرۈپ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتىم ۋە ھېرىپ كەتكىنىمنى باھانە قىلىپ دادامنىڭ قېشىغا چىققىلى ئۇنىمىدىم. ئەمما ئۇلارنىڭ گېپىگە پۈتۈن زېھنىم بىلەن قۇلاق سېلىپ ئولتۇردۇم.

ــ گۈلنىسا بەك ئوبدان ئوقۇدى. ئىمتىھاندىن يۇقىرى نومۇر ئېلىپ ئۆتۈپ كېتىدىغاندەك تۇرىدۇ. سىلىمۇ بىلىلا، ئانىسى خىزمەتسىز بوپقالغاندىن بېرى بۇنىڭغا تازا قارىيالمىدى. ئويلاپ قارىساق ئۇنىڭغىمۇ ئامال يوق ئىكەن. خوتۇن كىشى شۇنداق ئاجىز بولىدىكەن. بۇ بالىنىڭ ھېلىمۇ ئىنسابى بار، خەقنىڭ قىزلىرىدەك كىيىم ـ كېچەك غەلۋىسى قىلمايدۇ، ئۇنى يەيمەن، بۇنى يېمەيمەن دېمەيدۇ. قاچان قارىسا ئۆيدە تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتقان. مۇشۇنىڭغىمۇ شۈكۈر قىلساق بولىدۇ، خۇش بولساق بولىدۇ. ئەمدى بۇ بالىنىڭ ئىشىنى راۋۇرۇس ئويلىشىدىغان ۋاقتى كەلدى. ئالىي مەكتەپكە تۆلەيدىغان پۇل ئاز پۇل ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر قېتىم، ئىككى قېتىم بىلەن تۈگەيدىغان ئىش ئەمەس. مەنغۇ ساندۇقۇمدا بىر ئالتۇن بىلەيزۈكۈم بار، شۇنى سېتىپ بولسىمۇ بىرەر مىڭ كوي جايلاپ بېرەرمەن. قالغىنىنى كىم بېرىدۇ؟ ئابلىزاخۇن بالام، سىلى بۇ بالىغا زادى ئىگە بولامىلا ـ بولمامىلا؟ ئەگەر ئىگە بولمىسىلا، بۇ بالىنى قانداق قىلىمىز؟

ئارىغا ئېغىر جىمجىتلىق چۈشتى، دادام خېلىغىچە زۇۋان سۈرمىدى. دادامنىڭ بىرەر ئىشنى جىددىي ئويلانغاندا ئوڭ مۆرىسىنى لىك ـ لىك كۆتۈرۈپ قويىدىغان ئادىتى بار ئىدى. شۇتاپتا مەن ئۇنىڭ مۆرىسىنىڭ لىك ـ لىك قىلىپ كەتكىنىنى كۆرۈۋاتقاندەك بولدۇم.

ــ ئايسخاچا، راست گەپنى قىلمىساق بولمايدۇ. گەپنى چوڭ قىلغان بىلەن ھۆددىسىدىن چىقىساق بولىدۇ. مەنمۇ جىق بولسا يىلدا بىرەر مىڭنى بېرەلەيمەن، ئۇنىڭدىن ئارتۇقىغا مەنمۇ ئامالسىز.

مېنىڭمۇ ئۆيۈم، ئائىلەم بار ئادەم، مېنىمۇ چۈشەنسىلە.

— شۇنچىلىك بولسىمۇ بېرەي دېگەنلىرىگە رەھمەت، بالام. قالغىنىغا ۋاقتى كەلگەندە خۇدايىم ئۆزى بىر نېمە دەر. بۇ گەپلەرنى قىلىپ ئولتۇرۇشۇمدا مېنىڭمۇ ئويلىغىنىم بار. سىلىمۇ بىلىلا، قېرى ئادەم دېگەن پىشىپ قالغان مېۋىگە ئوخشايدۇ، پىشقان مېۋە ساپىقىدا تۇرمايدۇ. كېچە رەھمەتلىك ئېرىمنى چۈشەپ قاپتىمەن. ياش ۋاقىتلىرى ئىكەن، ئۆيگە كىرىپ «چاپىنىم ئۆيدە قاپتۇ، شۇنى ئېلىۋالاي دەپ نە ـ نەدىن كېلىشىم» دەۋاتقىدەك، ساندۇقتىن چاپاننى ئېلىپ بەرسەم كىيىپ چىقىپ كېتىپتۇ. خۇدايىم ئامانىتىنى ئالىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئەتىگەندىن بېرى يۈرۈكۈم سىيلىپ، كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ تۇراتتى، خۇدا كۆڭۈللىرىگە سالغاندەك سىلى كەپقاللا، بەك خۇش بولدۇم. مېنىڭ ئولتۇرسام ـ قوپسام ئويلايدىغىنىم ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈپ ـ تارتىپ كەتسەم، مۇشۇ گۈلنىسا قانداق قىلار، بويۇن قىسىپ قالارمۇ دېگەندىن باشقا نەرسە ئەمەس، بالام.

— ئايىسخاچا، كۆڭۈللىرىگە كەلسىمۇ دەۋېرەي. ئۆز ۋاقتىدا بالىنى تالىشىپ گۈلسۈمنىڭ قىلمىغانلىرى قالمىغان. قانۇندىنمۇ بالىنى شۇنىڭغا بۇيرىغان. شۇنداق دېگەن بىلەن مەنمۇ قاراپ تۇرمىدىم، كىيىم ـ كېچەك ئېلىپ بەردىم، ئوقۇش پۇلىنى تۆلىدىم، بالامكەن دەپ. لېكىن بالىنىڭ قانۇنلۇق ئىگىسى تۇرۇپ، پۇل تۆلەپ دەردىنى تارتىدىغان يېرىگە كەلگەندە ماڭا ئىتتىرىپ قويسا، مەنمۇ خوپ دەپ ئولتۇرمايمەن جۇمۇ.

— ئابلىزاخۇن بالام، قانۇن دېگەننى ئادەملەر تۈزىۋالغان، لېكىن گۈلنىسانى سىلىگە خۇدايىم ئۆزى بەرگەن. ئاتا ـ بالىلىق مۇناسىۋەتنى ھېچكىم، قانۇنمۇ يوق قىلىۋېتەلمەيدۇ. مۇشۇ ئاجىز قىز بالا نېنىنى پۈتۈن يەيدىغان ئادەم بولسا سىلىگىمۇ ياخشى بولار؟

— ياخشى بولسا ئانىسىغا بولىدۇ، ماڭا بولامتى. بۇنىڭ مېنى كۆرىدىغان كۆزى يوق، دادام دېگىسىمۇ يوق... پۇل لازىم بولغاندا ئىزدەيدۇ بۇ مېنى!

ئۆزۈمنى ئاران تۇتۇپ ئولتۇراتتىم، دادامنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى خۇددى زەھەرلىك ئوقتەك يۈرىكىمگە بېرىپ قادالدى. مەن بىردىنلا دەلدەڭشىپ ئورۇنۇمدىن تۇردۇم:

— بولدى، بولدى، تالاشماڭلار! مەنلا يوقالسام، ھەر قايسىڭلارغا ئېغىرلىق سالمىسام بولامدۇ زادى! سىلەردەك ئادەملەرگە يېلىنىشتىن كوچىغا چىقىپ تىلەمچىلىك قىلغىنىم ياخشى.

مەن چىرايىنى تۇرۇپ مىت قىلماي ئولتۇرغان دادامنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ، ئىشىكنى جالاقشىتىپ يېپىپ چىقىپ كەتتىم. چوڭ ئاپام كەينىمدىن بىر نەرسىلەرنى دەپ توۋلاپ قالدى.

جان ئاچچىقىمدا ئاپتوبۇس بېكىتىگە بېرىپ قوزغىلىۋاتقان ئاپتوبۇسقا سەكرەپ چىقىۋالدىم. ئاپتوبۇسنىڭ نومۇرى، قەيەرگە بارىدىغانلىقى بىلەن ھېسابلاشماي، ئەڭ ئاخىرقى ئورۇنغا بېرىپ ئولتۇردۇم.

ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن سىرتقا قاراپ ئولتۇرىمەن. دېرىزىدىن كۆرۈنۈۋاتقىنى يوللار، دەرەخلەر، بىنالار ئەمەس، ئۆگەي دادامنىڭ سوغۇق قاراشلىرى، ئاپامنىڭ قورقۇپ ـ تىترەپ تۇرۇشلىرى، مەنمەنچى ئۆگەي ئانامنىڭ ئاشخانىسىدا تەنە گەپلەرنى، كەمسىتىشلەرنى ئاڭلاپ يەرگە قاراپ ئولتۇرغانلىرىم، ئۆتىنچى قەۋەتكە نەچچە قېتىم چىقىپ دادامنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى چېكىشكە پېتىنالماي چۈشۈپ كەتكەنلىرىم، قار يېغىۋاتقان جۇدۇنلۇق كۈنلەردە بىنا ئالدىدا كەچكىچە دادامنى ساقلاپ «قار مەلىكە» گە ئايلىنىپ كەتكەنلىرىم، نىياسەم مۇئەللىمنىڭ ئالىيىپ قاراشلىرى، جاندىن ئۆتكىدەك ئاچچىق گەپلىرى، نەرگىسئاي، مۇقەددەسلەرنىڭ كالپۇكلىرىنى قىيسايتىپ مەسخىرىلىك قاراشلىرى... ئىدى. ياشلىرىم تاراملاپ ئېقىپ، مەڭزىمنى بويلاپ ئاغزىمغا ئېقىپ كىرەتتى. شورلۇق، ئىسسىق ياشلىرىمنى يۇتۇپ ئولتۇرۇپ ئىچىمدە: «يېتەر ئەمدى! بولدى ئوقۇمايمەن، ھېچكىمنىڭ ئالدىغا يېلىنىپمۇ بارمايمەن. ئاشخانىلاردا يالىنىپ ئىشلەسەممۇ، مالاي بوپكەتسەممۇ...» دېگەنلەرنى ئويلايتتىم.

ئاپتوبۇس شەھەر سىرتىدا ئۇچقاندەك كېتىۋاتاتتى. يول بويىدىكى بوغدايلىقلار، تىكەنلىك سىم بىلەن قورشالغان كەڭرى چىملىق، دەرەخلىكلەر تونۇشتەك كۆرۈنۈپ بىردىنلا سەگەكلەشتىم. ئاپتوبۇس بىر ئۆستەڭ بويىدا توختىدى، مەن ئاپتوبۇستىن ئالدىراپ چۈشتۈم. بۇ دەل بىز ئەتىيازدا ساياھەتكە چىققان يەر ئىدى. ئۆستەڭنىڭ بىر تەرىپى ئاندا ـ ساندا يېشىل ئوت ـ چۆپلەر كۆرۈنۈپ قالىدىغان كەڭ كەتكەن تۈپتۈز دالا، يەنە بىر تەرىپى قاراڭغۇلىشىپ تۇرغان قارىياغاچلىق. بىز يۈگۈرۈشۈپ ماڭغان دالا شۇ پېتى تۇرۇپتۇ. ئەمما ئۇنىڭدىكى ئۈرگۈپ تۇرغان ياشلىق، شاد كۈلكىلەردىن ئەسەر يوق. مۇشۇ يەردە مەھمۇت مۇئەللىم ئوغۇللارنى باشلاپ يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ «قىزلار، يۈگۈرۈڭلار!» دەپ توۋلىغانىدى. نەرگىسئاي ھاسىراپ ئاۋۇ يەردە ئولتۇرۇۋالغان. ئەنە كۆۋرۈك، كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ مەردان مېنى سۇغا ئىتتىرىۋېتىمەن، دەپ قورقۇتقان...

كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ ئۆستەڭ بويىدىكى ياز ئاپتىپىنىڭ تەپتى سىڭگەن تاش ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم. ئاسماننىڭ غەربىدە ساڭگىلاپ تۇرغان قۇياش زېمىنغا ئاخىرقى نۇرلىرىنى سەپمەكتە ئىدى. كۆۋرۈكتىن قارىياغاچلىقىچە بولغان ئارىلىق كۆز ئالدىمدا پارقىراپ يېيىلىپ ياتاتتى. ئەتراپ شۇ قەدەر جىمجىت، ئۆستەڭ سۈيىنىڭ بىر خىلدا شارقىرىشىمۇ بۇ جىمجىتلىقنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەندەك بىلىنەتتى. سېھرىي كۈچكە تولغان ياپيېشىل قارىياغاچلىق بۇ جىمجىتلىققا ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىپ تۇراتتى... ئەنە، قارىياغاچلىقتىن ھاۋارەڭ تەنھەرىكەت فورمىسى، كالتە چاقماق يوپكا كىيگەن، قوڭۇر چاچلىرىنى ئارقىسىغا بىر تال قىلىپ بوغۇۋالغان ئوقۇغۇچى قىز، قارا كۆك تەنھەرىكەت كىيىمىنى كىيگەن ياش مۇئەللىم كۆرۈندى. قىز ئەخلەت تۆكۈۋاتقاندا مۇئەللىم سەل نېرىدا ئۇنىڭغا قاراپ تۇردى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن كۆيۈنۈش، مېھرىبانلىق چىقىپ تۇراتتى.

— گۈلنىسا، توختاڭ، بۇياققا كېلىڭ...

ئۇ، قىز ئوقۇغۇچىسىنىڭ چېچىغا ئەخلەتلەرنى يېپىشتۇرغان ھالدا ساۋاقداشلىرىنىڭ ئالدىغا بېرىشىنى خالىمىدى. ئۇ، قىزنىڭ چېچىغا يېپىشىپ قالغان نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئالدىدىغان چۈشۈپ تۇرغان جىڭگىلەك چاچلىرىنى قۇلىقىنىڭ ئارقىسىغا قايرىپ قويدى. قىزنىڭ قىزىرىپ، تەرلىگەن يۈزىگە ئامراقلىق بىلەن قاراپ ئىختىيارسىز ئۇنىڭ پېشانىسىنى سىلىدى. خۇددى ئۆزىنىڭ ساددا، غۇبارسىز، ئىشچان سىڭلىسىنىڭ پېشانىسىنى سىلىغاندەك...

مەن تاش ئورۇندۇقتا ئۆزۈمنى تاشلاپ كۆزۈمنى يۇمۇپ ئۇزاق ئولتۇردۇم. مەن مەھمۇت مۇئەللىمدەك بىر ئاكامنىڭ بولۇشىنى

نەقەدەر خالايتتىم ـ ھە. مەن كۆڭلۈمدىكى ھەممە گەپلىرىمنى ـ خۇشاللىقىم، خاپىلىقلىرىمنى ئۇنىڭغا ئېيتسام، يىغلىغۇم كەلسە ئۇنىڭ ئالدىدا يىغلىسام، ئۇ يوغان قوللىرى بىلەن ياشلىرىمنى سۈرتۈپ، بېشىمنى سىلاپ تەسەللى بەرسە...

مەن شۇ قەدەر يەككە ـ يېگانە، خۇددى تاشنىڭ قىسىلچاقلىرىدا ئۆسۈپ قالغان يالغۇز گىياھدەك. بۇ دۇنيادا مەن ئۈچۈن ھېلىمۇ چوڭ ئاپام بوپقاپتىكەن. ئۇ بولمىغان بولسا نېمە كۈنلەرنى كۆرەتتىمكىن.

چوڭ ئاپام يادىمغا كېلىشى بىلەنلا ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان كۈنگە قارىدىم. شۇ تاپتا ئۇ ئەنسىرەپ نېمە بوپكېتىۋاتىدىغاندۇ. دادام ئاللىقاچان پېشىنى قېقىپ كېتىپ بولدى. چوڭ ئاپام بىچارە ئاپامنىڭكىگە بارغاندۇ. ئىككىسى بىردەم مۇڭدىشىپ كۆز يېشى قىلىشىپ بولۇپ، رىزۋانگۈل بىلەن ئايگۈلگە تېلېفون قىلغاندۇ. ئۇلار كۆرمىدۇق دېسە تېپىرلاپ كېتىشكەندۇ...

ئەتراپقا سۈس كۆكۈم پەردىسى يېيىلدى. ئورمان تېخىمۇ قارىيىپ سىرلىق تۈس ئالدى. قورسىقىمنىڭ پىژىلداپ ئاچقىنىدىن چۈشتىمۇ بىر نەرسە يېمىگىنىم ئېسىمگە كەلدى. يانچۇقۇمدىكى بارى ـ يوق بىر كويىنى ئاپتوبۇسقا خەجلىۋەتتىم. ئەمدى يەنە ئاپتوبۇسقا چۈشۈپ ئۆيگە قايتقۇدەكمۇ، بىرەر نان ئېلىپ يېگىدەكمۇ پۇلۇم يوق. ئورمانلىق تەرەپتە يالاڭباشتاق ئۈچ ـ تۆت ئەركىشىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئۇلار مەن تەرەپكە قاراپ ـ قاراپ قويۇپ بىرەر ئىشنى مەسلىھەتلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. بىردىنلا قورققىنىمدىن ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلدى. ئورماندىن تۇرۇپلا ئاپتوبۇس بېكىتىگە قاراپ يۈگۈردۈم. بېكەتتە ئادەم[illegible]ق ئىدى. توپلىشىپ تۇرغان كىشىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئاپتوبۇسقا چىقىپ كېتىشتى. بېكەت يەنە چۆلدەرەپ قالدى. مەن ئاپتوبۇسقا ئەگىشىپ يۈگۈرۈشكە باشلىدىم. خۇددى چۈشۈمدە كۆرگەندەك بىر يەرلىرى تونۇش يوللار، ئېتىزلار، دەل ـ دەرەخلەر، بىنالار كۆز ئالدىمدىن يۈگۈرۈپ ئارقامغا ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. بارا ـ بارا ئېتىزلىق، ئوچۇقچىلىقلار يوقاپ، چىراغلىرى ۋاللىداپ تۇرغان ئاۋات كوچىلار قۇچاق ئاچتى. ئۇدۇلدىكى كوچىغا ئۆتۈپ يەنە بىر نەچچە بېكەت يول ماڭسام ئۆيۈمنىڭ ئەتراپىغا باراتتىم. كوچىنى كېسىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىمدا يېنىمدىن پىكاپ، ئاپتوبۇسلار غۇيۇلداپ ئۆتۈپ تۇراتتى. ئۇچقاندەك كېلىۋاتقان بىر تاكسىنىڭ يېنىدىن سۈركىلىپلا ئۆتۈپ كېتىۋېدىم، شوپۇر قولىنى شىلتىپ بىر نېمىلەرنى دەپ تىللىدى. ئىچىمدە مېنى ماشىنا سوقىۋەتسە، دوختۇرخانىنىڭ ئاپئاق كارىۋىتىدا سوزۇلۇپ ياتسام، ئاپام بىلەن دادام قىلمىشلىرىغا پۇشايمان قىلىپ تازا يىغلىسا... دەپ ئويلايتتىم. ئەمدى پىيادىلەر يولىدا ئىتتىك ـ ئىتتىك مېڭىپ كېتىۋاتاتتىم. بىر دوقمۇشقا كەلگەندە قەدەملىرىم ئىختىيارسىز توختاپ قالدى. توغرا، مەھمۇت مۇئەللىمنىڭ ئۆيى مۇشۇ ئەتراپتىكى بىر قورۇدا. بىر چاغدا سىنىپتىكى ئوغۇل ـ قىزلاردىن بىر نەچچىمىز ئۇنىڭ ئۆيىگە ئومۇمىي تەكرارغا ئائىت ماتېرىياللارنى ئالغىلى بارغانىدۇق. مۇئەللىم چوڭ ـ چوڭ، يورۇق ئۆيلەردە ئۆزى يالغۇز تۇرىدىكەن. ئۆيىدە خىلمۇخىل ئاۋاز ياڭراتقۇ، نۇرغۇن كىتاب بار ئىكەن. بۈگۈن مەن ئۇنىڭغا ئىمتىھانغا قاتناشمايدىغانلىقىمنى، بىرەر ئىش تېپىپ مۇستەقىل ياشاش قارارىغا كەلگەنلىكىمنى ئېيتىمەن. ئۇ ماڭا يول كۆرسىتىدۇ، تونۇش ـ بىلىشلىرى ئارقىلىق بىرەر خىزمەت تېپىشىپ بېرىدۇ...

قويۇق دەل ـ دەرەخلەر، گۈللەر بىلەن تولغان يوپيورۇق قورۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ، تونۇش بىنانى ئاسانلا تاپتىم. شۇ تاپتا چەتتىكى ئىشىكنىڭ 5 ـ قەۋىتىدىكى ئاشۇ ئۆينىڭ يوغان دېرىزىلىرى چىراغ نۇرىدا ۋاللىداپ تۇراتتى. بۇ، مۇئەللىمنىڭ ئۆيىدە بار ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى.

5 ـ قەۋەتكە يۈگۈرۈپ دېگىدەك چىقتىم. ئىشىك تۈۋىدە ئۇزاق ـ ئۇزاق تىنىپ بىردەم تۇرۇۋېلىپ، ئىشىكنى ئالدىرىماي ئۈچ قېتىم چەكتىم.

—كىم؟

بىر ياش ئايالنىڭ خوجايىنلارچە ئاۋازى، ئارقىدىن بىرىنىڭ شىپىداپ ماڭغان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. مەن تىۋىش چىقارماسلىققا تىرىشىپ پەلەمپەيگە ئۆزۈمنى ئاتتىم.

—ئىشىكنى چەككەن كىم؟ ھەي مەھمۇت، چىقىپ قاراپ باققىنە، ئىشىك تۈۋىدە ھېچكىم يوققۇ!—ئۇ بەختلىك، ئەركە ئايالنىڭ ئاۋازى ئىدى.

مەن يەنە ئالدىمغا قاراپ ماڭدىم. بايىقى بىر دەملىك دەككە ـ دۈككىدىن كېيىن كۆڭلۈم ئارامىغا چۈشۈپ تىنچلىنىپ قالغاندەك ئىدى. كۆز ئالدىمدا ستېرېئولوق ـ ئۆتۈشمە كۆۋرۈكلەر، ئورماندەك قاتار قەد كۆتۈرگەن ئاسمانپەلەك بىنالار، سان ـ ساناقسىز ماشىنا ئۇيياقتىن بۇياققا غۇيۇلداپ ئۆتۈشۈپ تۇرغان كەڭ، يورۇق كوچىلار، ئاجايىپ ـ غارايىپ ئېلانلار بېرىلىۋاتقان غايەت زور سېپىرلاشقان ئېكرانلار يېيىلىپ تۇراتتى. كۈندىن كۈنگە ئۆزگىرىپ ناتونۇش تۈس ئېلىۋاتقان بۇ شەھەر بىر ئارقا كوچىدا، ۋەيرانە قورۇدىكى بىر يېرىم ئېغىزلىق ئۆيدە ياشايدىغان چوڭ ئاپام ئىككىمىز بىلەن مۇناسىۋەتسىزدەك ئىدى. بىز خۇددى بارغانچە نيۇ ـ يوركقا ئوخشاپ قېلىۋاتقان بۇ شەھەرنىڭ ئىچكىرىسىدىكى يېگانە ئارالدا ياشاۋاتقان سەرگەردانلارغا ئوخشايتتۇق.

مەن سائەت ساتىدىغان بىر دۇكاننىڭ ئەينەك دېرىزىسىدىن سائەتنىڭ كىچىك تىلى 11 نى كۆرسىتىپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. مەن ئەزەلدىن مۇنداق كەچكىچە كوچىدا يۈرۈپ باقمىغانىدىم. قورسىقىم ئاچ، ھېرىپ ھالىمدىن كەتكەن بولسامۇ، ئۆيگە قايتقۇم، ئىمتىھان، ئوقۇش پۇلى توغرىسىدىكى گەپلەرنى قايتا ئاڭلىغۇم يوق ئىدى. يول بويىدىكى كىچىك بوتكىلار، دۇكانلار بىر ـ بىرلەپ تاقالدى، كوچىدا ئادەم بارغانسېرى ئاز قالدى. سەل نېرىدىكى ئوتتۇراھال بىر دۇكانلا تېخىچە ئوچۇق تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىشىك، دېرىزىسىدىن چۈشكەن ئىللىق چىراغ نۇرى دۇكان ئالدىدىكى بىر پارچە يەرنى يورىتىپ تۇراتتى. قارىغاندا ئۇ ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنى رېمونت قىلىدىغان دۇكان بولسا كېرەك، دۇكان ئىچىگە تېلېۋىزور، توڭلاتقۇ دېگەندەك نەرسىلەر تىزىلىپ كىتىپتۇ. بىر چەتتىكى پۈكەي ئالدىدا ياش بىر ئۇستا قاپقىقى ئېچىۋېتىلگەن تېلېۋىزور بىلەن ھەپىلىشىپ ئولتۇرىدۇ. «رېمونتچىلىقمۇ بولىدىغان ئىش. مانا بۇ بالىمۇ مەن قۇراملىق ئىكەن، بىر ئوبدان رېمونتچىلىق قىلىۋېتىپتۇ. ئەگەر مەن ئوغۇل بالا بوپقالغان بولسام رېمونتچىلىقنى ئۆگىنەتتىم» دەپ ئويلاپ تۇرسام، ياش ئۇستا بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قارىدى. ھەر ئىككىمىز ھەيران بولۇپ بىر پەس تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدۇق.

—رۇستەمغۇ سەن! سەن ئەسلى مۇشۇ يەردە ئىشلەۋېتىپسەندە...

—ۋۇي سەن... سەن بۇ يەردە نېمە قىلىسەن!—رۇستەم دەرھال

www.uyghurkitap.com

گورنىدىن تۇردى.

دۇكانغا كىرىشىپتىپ بېشىم قايغاندەك بولدى، دەلدەڭشىپ بېرىپ بىر گورۇندۇققا ئارانلا ئولتۇرۇۋالدىم.

— گۈلنىسا سەن... نېمە بولدۇڭ، مىجەزىڭ يوقمۇ؟

رۇستەمنىڭ چىرايىدا ئەنسىزلىك ئەكس ئەتتى.

— سۆزلىسەم گەپ تولا، يىگىدەك نەرسەڭ بولسا بەرگىنە ماڭا...

رۇستەم ھودۇقۇپ، دۇكاننىڭ ئىچىدە بىر پىرقىرىشىپتىپ يەنە ئالدىمغا كەلدى. ئۇنىڭ ئاشۇ ئۇزۇن قوللىرىنى قويغىلى يەر تاپالمىغاندەك تۇرقى ماڭا ئاجايىپ تونۇش ئىدى.

— دۇكان... دۇكاننىڭ ئىچىدە يىگىدەك نەرسە يوق. مەن سېنى بىر يەرگە ئاپىراي.

— يىراقمۇ؟

— ياق، مۇشۇ يەردىلا.

رۇستەم مېنى دوقمۇشتىكى چاققانغىنە بىر ئاشخانىغا باشلاپ كىردى. ئاشخانىنىڭ ئىشىكىگە «كېچە ـ كۈندۈز مۇلازىمەت قىلىمىز» دەپ يېزىلغانىدى. ئىككىمىز چەتتىرەكتىكى شىرەگە كېلىپ ئولتۇردۇق. بىر مۇلازىم بالا ئۆيىقۇسىرىغان ھالدا بىر چەينەك چاي بىلەن ئىككى پىيالىنى ئالدىمىزغا قويۇپ نېرى بېرىپ تۇردى. رۇستەم تاماقنى بۇيرۇتۇپ بولۇپ ماڭا قاراپ جىممىدە ئولتۇردى. مەن ئىسسىق چايدىن بىر نەچچە ئوتلام ئىچىپ بولۇپ ئۇنىڭغا:

— مەن بۈگۈن ئۆيۈمدىن يامانلاپ چىقتىم. مەن ئىمتىھانغا قاتناشمايمەن، مەنمۇ سەندەك ئىش تېپىپ ئىشلەيمەن، ـ دېدىم. رۇستەم ئۈندىمىدى.

— بايام مېنى كۆرۈپ ھەيران قالدىڭ ـ ھە؟

— راست ھەيران قالدىم، قورقتۇم. سەن بىلمەيسەن، كېچىلىرى بۇ كوچىدا ھەر خىل ئاياللار، قىزلار تەمتىرەپ يۈرىدۇ. كۆپ قىسمى جەنۇب تەرەپتىن كەپقالغانلار، ھەر خىل ناشايان ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار...

— ئاتا ـ ئانام ئوقۇش پۇلۇمنى كۆتۈرەلمەيدۇ، ھەر قانچە تىرىشقىنىم بىلەنمۇ بىكار. مەن بەك تەلەيسىز ئىكەنمەن.

رۇستەم يەنە ئۈندىمىدى.

— سېنى يەنە مەكتەپكە قايتىپ كېلىدىكەن، دەپ ئاڭلىغاندۇق.

— مەھمۇت مۇئەللىم مېنىڭ ئىشىمنى شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىدىكىلەرگە دەپتىكەن. ئۇلار دوختۇرنىڭ ئىسپاتىنى ئەكەلسۇن، دەپتۇ. مۇئەللىم بىر كۈنى مېنى دوختۇرخانىغا ئاپاردى. نېمە بولغىنىنى بىلمىدىم، دوختۇر مەندىن ئىككى ئېغىز گەپ سورا ـ سورىمايلا ئەقلىي ئىقتىدارى كەمتۈك ئىكەن، دەپ ئىسپات يېزىپتۇ. مۇئەللىم تاس قالدى ئۇ دوختۇر بىلەن سوقۇشۇپ قالغىلى. مۇئەللىم باشقا دوختۇرخانىغا بارايلى، دېگەنىدى، مەن ئۇنىمىدىم. شۇنىڭ بىلەن...

رۇستەمگە چەكچىيىپ قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتىم. رۇستەمنى ھەر نېمە دېسە ئىشىنەرمەن، لېكىن ئەقلىي ئىقتىدارى كەمتۈك دېسە ئىشەنمەيمەن.

— رېمونتچىلىق تەسمىكەن؟

— ئاسان ئىش نەدە دەيسەن، لېكىن بارا ـ بارا خېلى ئېپىنى ئېپىپ قالدىم.

تاماق ۋاقتىدا ئۇ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. تاماقتىن كېيىن چاي ئىچىپ بولۇپ يېنىدىن بىر قاپ تاماكا ئالدى.

— خاپا بولما، سېنىڭ ئالدىڭدا ئەدەپسىزلىك بولدى.

— چېكىۋەر، مەن سېنىڭ چېكىدىغىنىڭنى بۇرۇنلا بىلەتتىم.

ئۇ كۈلۈپ قويدى. تاماكىنى چېكىپ ئويلىنىپ بىر پەس ئولتۇرغاندىن كېيىن:

— ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆزۈتنىڭ كېرىكى يوق. رەنجىسەڭمۇ دەۋېرەي، سەن بۈگۈن توغرا قىلماپسەن، قىز بالا ئۆيىدىن چىقىپ كېتىش ئۆلۈمدىن ئېغىر ئىش، ـ دېدى.

— سەن مېنىڭ كۆرگەن كۈنلىرىمنى بىلمەيسەن...

— بىلىمەن، تازا بىلىمەن. شۇنداق شارائىتتا تۇرۇپمۇ ئۆزۈڭنى تاشلىۋەتمىگىنىڭگە، دەرستە ئۆتكۈرلۈكىڭگە ھەۋەس قىلاتتىم. تولا ۋاقىتلاردا ئاشۇ مۇشتۇمدەك قىز بالىچىلىك بولالمىدىمەن، دەپ ئۆزەمگە سېنى ئۈلگە قىلاتتىم.

— سەن بىلمەيسەن...

— ياق، سەن بىلمەيسەن، تەڭتۇش ساۋاقداشلىرىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشنىڭ، ئوقۇيالماسلىقنىڭ دەردىنى سەن بىلمەيسەن، ئىش ئىزدەپ بىر كىملەرگە يالۋۇرۇپ يۈرۈشنىڭ، قارا كۈچۈڭگە تايىنىپ نان تېپىپ يېيىشنىڭ تەسلىكىنى سەن بىلمەيسەن، خوجايىنلار، پۇلدارلار كۈچىگە ئىشىنىپ دەپسەندە قىلىۋاتقان قىزلارنى سەن بىلمەيسەن، كېيىن ئۈستى دەپ قالىدىغىنىڭنى تېخىمۇ بىلمەيسەن!

— ئەمىسە مەن قانداق قىلىمەن؟ پۇل بولمىسا خەق بىكارغا ئوقۇتۇپ قويامتى؟

— سەن ئاۋۋال ئىمتىھاندىن يۇقىرى نومۇر بىلەن ئۆت. مېنىڭچە، ۋاقتى كەلگەندە ئاتا ـ ئاناڭ قاراپ تۇرمايدۇ. ئۇلارنىڭ يۈرىكى تاش ئەمەستۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر ئوقۇش ئۈچۈن قەرز پۇل ئالغىلىمۇ بولىدۇ، دەيدۇ. يەنە... مەنمۇ بار. مەنمۇ ساڭا پۇل قەرز بېرىپ تۇرالايمەن.

— سەن؟ ماڭە نېرى...

— مەن ھازىر مىڭ كوي يىغدىم، سەن ئوقۇشقا ماڭغىچە يەنە مىڭ كوي يىغىمەن. راست گەپ. تېخى بارا ـ بارا جىقراق يىغالايدىغان بولىمەن.

مەن پاكىز يالتىراق يېپىلغان ئۈستەلگە بېشىمنى قويۇۋېلىپ تارامىلاپ ئېقىۋاتقان ياشلىرىمنى يوشۇردۇم. رۇستەم ئالدىمدا جىممىدە قاراپ ئولتۇردى. مەن بېشىمنى كۆتۈرگەندە ئۇ قولۇمغا بىر پارچە يۇمشاق قەغەزنى تۇتقۇزدى:

— يۈز ـ كۆزۈڭنى سۈرتۈۋەت. بىز ماڭايلى. چوڭ ئاپاڭ ئەنسىرەپ نېمە بوپكەتكەندۇ بۇ چاغقا.

بىزنىڭ قورۇنىڭ ئالدىغا كەلگەندە رۇستەم توختاپ ماڭا قارىدى:

— ئەمدى ھەر قانچە ئىش بولسىمۇ ئۆيدىن يامانلاپ چىقمايمەن دەپ قەسەم ئىچ، بولمىسا مەن ئۆيۈڭنىڭ ئالدىدىن كەتمەيمەن.

— قەسەم ئىچتىم: بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز ئۆيدىن يامانلاپ چىقمايمەن! بولدىمۇ دىۋە؟


— ھەي گۈلنىسا، گۈلنىسا...

2005 ـ يىل فېۋرال، ئۈرۈمچى

---

ئاپتور: ش ئۇ ئا ر يازغۇچىلار جەمئىيىتى رەئىسىنىڭ مۇئاۋىنى

www.uyghurkitap.com



# پىتلار نەگە كەتتى؟

(ئەبجەش يازما)

تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم تايماس

بىز شۇ يەڭلىغ سۆيۈملۈك ساراڭ،
ئۆز يولىنى ئۆزى چىتلىغان.
رەڭگىرويى كۆركەم ۋە لېكىن
دۇملىنىشتە روھى پىتلىغان.

—«سۆيۈملۈك ساراڭ» داستانىمدىن

ئادەم گەرچە ئۆزىنى بۇ دۇنيادىكى ئەڭ مەدەنىيەتلىك، ئەڭ ئىجادكار، ئەڭ ئىقتىدارلىق، ئەڭ...ئەڭ...دەپ ھېسابلىسىمۇ، لېكىن خۇددى نۇر بار يەردە سايە بولغىنىغا ئوخشاش، ئادەم بارلىكى يەردە ئەڭ مەدەنىيەتسىزلىك، ئەڭ قالاقلىق، ئەڭ مەينەتچىلىكلەر بىللە مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ. جۇملىدىن ئۆزىنى ئەڭ مەدەنىيەتلىك، ئەڭ پاكىز، دەپ ھېسابلايدىغان ئادەملەر ئىسمىنى ئاتاشتىنمۇ نومۇس قىلىدىغان پىتلار ئەلمىساقتىن ئادەم تېنىنى ماكان قىلىپ، ئادەملەر بىلەن بىللە ياشاپ كەلگەن. بۇنى جۇڭگونىڭ خەلقئارا كاتتا كىنو مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن «قىزىل قوناقلىقتا» دېگەن فىلمى بىلەن ئەل ـ ئاۋامنىڭ كۆڭلىگە ھەققىي ياققان «كاڭشىنىڭ ئەل ئىچىدىكى خۇپىيانە زىيارىتى» دېگەن فىلىملىرىدىنمۇ ئوچۇق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئەمما رېئال تۇرمۇشنى ئىنچىكە كۆزىتىشكە ئادەتلەنگەن كىشىلەر ھېس قىلالايدۇكى، 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىشىشى بىلەن تەڭ، پىتلار كىشىلەر تۇرمۇشىدىن سىرلىق ھالدا غايىب بولدى. ئەجەبا، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئىنسانلارنى يىرگەندۈرىدىغان ئىسمىدىن نومۇس قىلىپ، يېڭى ئەسىرگە بىز ئىنسانلار بىلەن بىرگە كىرىشتىن ۋاز كەچكەنمىدۇ؟ ناھايىتى ئېنىقكى، مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشى بۇ سوئالغا: «پىتلارنىڭ غايىب بولۇشى ئىنسانلار تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ، تازىلىق، يېمەك ـ ئىچمەك ۋە باشقا جەھەتلەردىنمۇ ئالاھىدە ياخشىلىنىش بولغانلىقىدىن» دەپ جاۋاب بەرمەي قالمايدۇ. بۇنى ئاساسسىز گەپ دېگىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

ئەمما كەمىنە مۇئەللىپنىڭ قارىشىچە، پىتلارنىڭ يوقاپ كېتىشىدە يەنە مۇنداق ئىككى سەۋەبمۇ بار: بىرى، كۆرۈنۈشتە يېمەك ـ ئىچمەك ۋە تازىلىققا يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىلگىنى بىلەن، ماھىيەتتە بۇ خىل ئەھمىيەت بېرىش تەبىئىيلىكتىن يىراقلىشىپ، سۈنئىيلىككە قاراپ تەرەققىي قىلدى: قاسساپنىڭ قولىدىكى گۆشلەر ئاساسەن بورداقچىلارنىڭ چىگىت شاكىلى، كۇنجۇر ۋە ئاق (خىمىيۋى) ئوغۇت سېپىپ

## ئاچچىق كۈلكىلەر

تەييارلانغان يەم-خەشەكلەر بىلەن بوردالغان قوينىڭ گۆشى بولغاچقا، زەھەرلىك دورىلار بىلەن دورىلانغان چېكەتكىنى ئايرىۋېلىنغان يەم-خەشەك تەبىئىيكى، قويلارنىمۇ زەھەرلىدى. بورداقچىلارنىڭ قوتىنىدا بورداق قويلارنىڭ ئادەتتە ئۈچ-تۆت ئايدىن ئېشىپ كەتسە سىيەلمەي، ئىزىدا چۆرگىلەپ يىقىلىدىغان بوپقېلىشى، يۇقىرىقى پىكرىمىزنىڭ دەلىلى. ئاشلىق مەھسۇلاتلىرىمۇ ئادەمگە پايدىلىق بولۇشنى ئەمەس، مەھسۇلات سانىنى ئاشۇرۇشنى كۆزلەپ تېرىلىپ، ھەرخىل دورىلار ۋە خىمىيۋى ئوغۇتلارغا زورلانغاچقا، مەھسۇلات ئازدۇر-كۆپتۇر ئاشقان بىلەن، ئوزۇقلۇق قىممىتى تۆۋەنلىدى. ئىلگىرى تەبىئىي ئېتىزلاردا كۈن نۇرىغا تويۇنۇپ ئۆسىدىغان كۆكتاتلارمۇ پارنىكقا ماكانلىشىپ، سۈنئىي ئۆستۈرۈلىدىغان بولدى. بۇلارنى ئاز دەپ توڭلاتقۇ، كىرئالغۇ، تېلېۋىزورلارنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، ئېلېكترونلۇق بۇلغىنىشمۇ كۆپەيدى. بۇ بىر قاتار زىيادىلىق ئىستېمالغا ئىنسانلار تېببىي پەننىڭ ياردىمىدە تاقابىل تۇرالىغىنى بىلەن، ئاجىز تېنىدىن باشقا ھېچنېمىسى بولمىغان كىچىك ھاشاراتلار بەرداشلىق بېرەلمىدى. نەتىجىدە پەقەت پىتلارلا ئەمەس، ھەتتا غورىلاي، تورۇلغا قاتارلىق ئۇچار قۇشلارمۇ سىرلىق يوقالدى. پاقا، كىرپە قاتارلىق كىچىك جانلىقلار ئىلگىرى دائىم ئۇچراتقىلى بولىدىغان جايلاردا ئەمدى كۆزگە چېلىقماس بوپقالدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى كۆزلەرنى قاماشتۇرىدىغان «تەرەققىيات» دېگەن ئالتۇن ھەل يالىتىلغان ۋىۋىسكا ئېسىلغان ئايىغى چىقماس «داغدام يول»لاردا بىر-بىرىدىن قىزغىنىشىپ، ئالدى-كەينىگە قاراپ بېقىشقىلا ئەمەس، ھەتتا ئۆلەر-تىرىلىشىگە قاراشقىمۇ ئۈلگۈرمەي «ئۇچقاندەك ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان» ئىنسانلارنىڭ بارغانچە ئۆز-ئۆزىدىن يىراقلاپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى بوپقالدى. بۇ پىكرىمىزنى ئىسپاتلايدىغان يەنە بىر دەلىل شۇكى، دېھقانچىلىق دورىسى، ئاق (خىمىيۋى) ئوغۇت، پارنىك، تېلېۋىزور... دېگەنگە ئوخشاش تەرەققىيات مېۋىلىرى تېخى يېتىپ بارمىغان يىراق ۋە خىلۋەت تاغلىق رايونلاردىكى ئەسلى تەبىئىي ھالىتى بويىچە ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ماكانىغا بېرىپ، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كەلگەن ئىشەنچلىك ئادەملەرنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئۇ يەرلەردىكى كىشىلەردە ھازىرمۇ پىتلاش ھادىسىسى مەۋجۇد ئىكەن.

دېمەك، پىتلارنىڭ بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدىن سىرلىق غايىب بولۇشىنى بىز ئىنسانلار تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىپ، ئىلگىرىكىگە قارىغاندا كۆپ پاكىزلاشقانلىقىدىن دېگەندىن كۆرە، ئاشۇ ياخشىلىنىش، ئاشۇ پاكىزلىشىشنىڭ سۈنئىيلىككە قاراپ تەرەققىي قىلىپ، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ۋە تەبىئىيلىكتىن بارغانچە يىراقلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن دېگەن تۈزۈك (ناۋادا، راستىنلا پاكىزلىشىش ئىشقا ئاشقان بولسا، ئەيدىز، سارىسقا ئوخشاش ئىپلاس كېسەللەر پەيدا بولمىغان بولاتتى).

پىتلارنىڭ ماددىي تۇرمۇشىمىزدىن سىرلىق غايىب بولۇشىدىكى يەنە بىر سەۋەب — مېنىڭچە، پىتلارنىڭ تېشىمىزدىن ئىچىمىزگە كۆچكەنلىكىدە. بۇ قارىماققا تولىمۇ بىمەنە گەپتەك تۇيۇلسىمۇ، لېكىن سوغۇققانلىق بىلەن ئويلاپ باقساق، ئۇنچىۋالا ئاساسسىزمۇ ئەمەس. تەبىئىي پەندە «ماددا يوقالمايدۇ، بەلكى مۇئەييەن شارائىتتا باشقا ماددىغا ئۆزگىرىدۇ» دەيدىغان گەپ بار. بىر ماددا مۇئەييەن شارائىتتا باشقا بىر ماددىغا ئۆزگەرگەن يەردە، بىر جانلىق مۇئەييەن شارائىتتا بىر ماكاندىن ئىككىنچى ماكانغا كۆچەلمەسمۇ؟ گەپنىڭ پوسكاللىسىنى قىلغاندا، خۇددى مۇشۇ ئەبجەش يازمىمىزنىڭ بېشىدىكى مۇقەددىمە ئورنىدا بېرىلگەن بىر كۇپلېت شېئىردا ئەكس ئەتتۈرۈلگەندەك، سىرتقى رەڭگى-رۇخسارىمىز شۇنچە كۆركەم، چىرايلىق كۆرۈنگىنى بىلەن، زامانىمىزدا باش كۆتۈرگەن ھەممىدە پۇلغا قاراش، مەنپەئەتپەرەسلىك، مەنسەپپەرەسلىك، ئېتىقادسىزلىق، ئەخلاقسىزلىق قاتارلىق ساناپ تۈگەتكۈسىز ئىللەتلەر بىلەن بۇلغانغان ئىچكى دۇنيايىمىزدا پىتلار مىژىلداپ كەتتى. بىچارە پىتلارغىمۇ نېمە ئامال؟ خۇددى ئېغىل-قوتاندا گۈل ئۈنمىگەندەك، پىتلارمۇ پاكىز يەردە ياشىيالمايدىغان تۇرسا، تۈرلۈك-تۈمەن يۈز سۇۋۇنلىرى ۋە مايلارنىڭ كۈچى بىلەن كۈندىن كۈنگە پارقىراپ، خىلمۇ خىل ئەتىرلەرنىڭ پۇرىقىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن بەدەنلىرىمىزدىن كۆچۈپ، سۇپۇن بىلەن يۇيۇلغىلى، ئەتىر بىلەن خۇشبۇي قىلغىلى بولمايدىغان ئىچىمىزگە ماكانلاشمىسا قانداقمۇ ھايات كەچۈرەلەيدۇ؟ بەلكىم تېخى تونۇلمىغان دېھقان ئاپتور ياسىنجان سابىرنىڭ «سېسىپ كەتسە يۈرەك-باغرىمىز، ئۈستىمىزگە ئەتىر سېپىمىز» دېگەن مىسرالىرىمۇ يۇقىرىقى پىكرىمىز بىلەن تومۇرداش بولسا كېرەك.

تېرىلەرنىڭ كۈندىن كۈنگە پارقىراپ كۆزلەرنى قاماشتۇرۇشىنىڭ ئەكسىچە، قەلبلەرنىڭ كۈندىن-كۈنگە سېسىپ-زەئىپلىشىپ ئادەم سەسكەنگۈدەك دەرىجىگە بېرىپ يېتىشى، نۆۋەتتە يالغۇز بىزدىكىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل دۇنيادىكى ئورتاق مەسىلىگە ئايلاندى. غەربنىڭ «جىنسىي ئەركىنلىك مەدەنىيىتى»نىڭ تەسىرىدە دۇنيا مىقياسىدا يامرىغان ئەخلاقىي بۇزۇلۇشتا، ياراتقۇچى ھەربىر ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ كۈندىلىك مۇھىم جىسمانىي ئېھتىياجىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشى ھەممىدە ھاياتلىقتىكى ھېچنېمىگە تەڭ قىلغىلى بولمايدىغان شېرىن لەززەتنىڭ ھوزۇرىنى تېتىشى، شۇنداقلا كەلگۈسى ئەۋلاد قالدۇرۇشى ئۈچۈن بەرگەن ئەڭ مۇھىم ئەزالارنى تاۋارغا ئايلاندۇرۇپ سېتىپ خەجلەيدىغانلار بۈگۈنكى كۈندە دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدىن تېپىلىدىغان بوپكەتتى. ئاشۇنداقلارنىڭ ۋالىداپ تۇرغان ئۈستۈبېشىغا قارىسىڭىز، ئەيىب تاپالمايسىز. ئەمما ئۇلارنىڭ پىتلاپ كەتكەن ئىچكى دۇنياسىنى كىممۇ پاكىز دېيەلەيدۇ؟؟

بۇلاردىن باشقا، خورۇئىن، ئەيدىز قاتارلىق جانغا زامىن زەھەر-كېسەللەرنى نە-نەلەردىن دىيارىمىزغا توشۇپ ۋە باشلاپ كېلىپ ئۆزىنىڭ قان-قېرىنداشلىرىغا سېتىۋاتقان ۋە يۇقتۇرۇۋاتقانلار؛ ئۆزىنىڭ قان-قېرىنداشلىرىنىڭ جانجىگەر پەرزەنتلىرىنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئاپىرىپ سېتىۋاتقانلار؛ ئاغزىدا ئۆزىنى خەلقنىڭ چاكىرى دەۋېلىپ، يۇقىرىدا پارتىيە-ھۆكۈمەتنى، تۆۋەندە ئاممىنى ئالداپ، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ پارا ئېلىش، خىيانەت قىلىش ئارقىلىق خەلقنىڭ قېنىنى شورىۋاتقانلار؛ خەلقئارا مۇساپىرلار لاگېرلىرىدا قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقى بولمىغان بىگۇناھ باللارنى، ئاجىز ئانىلارنى قىرىپ تاشلاپ، بۇنى «تېررورلۇق ھۇجۇمىدىن ئاكتىپ مۇداپىئەلىنىش» دەپ ئاتىۋالغانلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا ئىچكى دۇنياسى پىتلاپ كەتكەنلەر بولۇپ، گەرچە بۇنداق مىساللار بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ھەربىر بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىدىن تېپىلىپ تۇرسىمۇ، گەپنى يەنە ئۇزارتىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك.

قارىغاندا، نۆۋەتتە ئىنسانىيەت دۇچ كەلگەن روھىي پىتلاش ھادىسىسى تېخى پات يېقىندا شىپالىق دورىغا ئېرىشىدىغاندەك ئەمەس. چۈنكى، ئىنسانىيەت «تەرەققىيات» دېگەن ھەل بىلەن بېزەلگەن ۋىۋىسكا ئېسىلغان ئايىغى چىقماس يولدا شۇ قەدەر ئۇزاپ كەتتىكى، ئىلگىرى «ھەقىقەت بىر» دېگەن ئۇقۇملار نە-نەلەردە قېلىپ، ھەركىم، ھەرقەۋم، ھەتتا بەزى مىللەتلەر ۋە دۆلەتلەرمۇ ھەقىقەتنى ئۆز ئېھتىياجىغا ئاساسەن يېڭىۋاشتىن شەرھلەيدىغان بوپكەتتى. شەك-شۈبھىسىزكى، بۇ خىل ئايىغى چىقماس تالاش-تارتىشلار ئېچىنىشلىق ئۇرۇشلارنىڭ پىلتىسىگە ئوت ياقىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىنسانىيەت ئۈچۈن روھى پىتلاپ كەتكەندىن كۆرە، تاشقى بەدىنىنىڭ پىتلىغىنى ياخشىراق ئىدى. ئەپسۇسكى، بىز ئىنسانلار كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان تاشقى بەدەننىڭ پاكىزلىقىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئادەتتىكى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان ئىچكى دۇنيايىمىزغا يېتەرلىك ئېتىبار بەرمىگەچكە، پىتلارمۇ ئۆزى ئۈچۈن بىخەتەر بولغان جايغا كۆچتى، خالاس.

2004-يىلى 28-ئاپرېل، مەكىت

---

ئاپتور: مەكىت ناھىيىلىك كۇتۇپخانىنىڭ خىزمەتچىسى



# مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، خانىش ئامانىسا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىي، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر رېستوراندا

## ئابلەت قەييۇم

ھەشەمەتلىك رېستوران. مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، خانىش ئامانىسا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىي، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر قاتارلىق مۆھتەرەم زاتلىرىمىز تامنىڭ «تۆر»ىدىن ئورۇن ئالغان. بۇ كاتتا مەنزىرە رېستورانغا ئالاھىدە تۈس قوشقان بولۇپ، قەدەم تەشرىپ قىلغان ئادەمنى ناھايىتى مەدەنىي سورۇندا تۇرۇۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرىدۇ. شۇ خىل تۇيغۇنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك، دەسلەپىدە ئەدەب خېلى ياخشى ساقلىنىدۇ. بىرئاز ئۆتكەندىن كېيىن يەپ ـ ئىچىش، كەيىپ ـ ساپا باشلىنىدۇ. زال ئىچىنى تاماكا ئىسى، ھاراق بۇسى بىر ئالىدۇ. تام تۆرىدىكى ئۇلۇغلىرىمىز ئۇنتۇلىدۇ. ئادەمنى تۇنجۇقتۇرىدىغان ھاراق، تاماكا بۇسىغا «ھۆ» قىلغۇدەك بىزەپ گەپلەر،

### ئەجدادلار غەزىپى — تارىخ غەزىپى

چاكىنا قىلىقلار قوشۇلىدۇ. بۇ چاغدا رېستوران ئەھلى مۆتىۋەر ئەجدادلىرىمىز ئالدىدا: «مانا بۇ بىز، سىلەرنىڭ ئەۋلادلىرىڭلار، خاتىرجەم بولۇڭلار، كۈنىمىز ياخشى، پاراغەت ئىچىدە ياشاۋاتىمىز» دەپ نامايىش قىلىۋاتقاندەك، پېشۋا ئەجدادلىرىمىزنىڭ شىرزات سىماسى ئۇلارنىڭ بۇ ئەپتى ـ ئەلپازىغا ئېچىنىش ۋە يىرگىنىش نەزىرى بىلەن قاراپ، تەنقىد ۋە غەزەپ ياغدۇرۇۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. شۇنداق، ئۇلار ھەقىقەتەن تەنقىد ۋە غەزەپ ياغدۇرۇۋاتىدۇ:

مەھمۇد كاشغەرىي: ئەجدادلىرىمىز ۋە بىز بۇنىڭدىن ئىرا ـ ئەسىرلەر مۇقەددەم دۇنياۋىلىشىش يولىنى ئاچقان. مەدەنىيەت بەيگىسىدە كاتتا شۆھرەت قازانغان. ھالبۇكى، كەلگۈسىمىز سىلەرنىڭ قولۇڭلارغا كەلگەندە، دۇنياۋىلىشىشقا ئالاقىدار ئىشلارنى توغرا تەرتىپتە بىر ياقلىق قىلالماي، تىل ۋە مەدەنىيەتتە ئەبجەشلىشىپ، ھاماقەتلەرچە ياشاپ يۈرۈپسىلەر. مۇشۇنداق بولۇۋەرسە، كەلگۈسىمىزدىن نە ئۈمىد؟! تەرەققىيات بىلەن يوقلىشىنىڭ نېمە پەرقى؟!...

يۈسۈپ خاس ھاجىپ: بۇنىڭدىن 1000 يىللار نېرى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

«قۇتادغۇبىلىك»نى يېزىپ سىلەرگە قالدۇرغانىدىم. ھەرھالدا سىلەر تاشلىۋەتمىدىڭلار، بىر گەپنىڭ ئىككىسىدە «قۇتادغۇبىلىك»، «يۈسۈپ خاس ھاجىپ» دەپ يۈرۈۋاتىسىلەر. ھەر قېتىم بۇ سۆزلىرىڭلارنى ئاڭلىسام قورۇنۇپ كېتىمەن. چۈنكى مەن «قۇتادغۇبىلىك»نى ئۆزۈم ئۈچۈن ئابىدە بولسۇن، دەپ يازمىدىم. ئۇ ئارقىلىق شۆھرەتلىنىش غەرىزىممۇ يوق. نەق گەپنى ئېيتسام، سىلەرنىڭ ئۇنى ساقلىغىنىڭلارنى، ھە دېسە مەدھىيىلەپ ماختىغىنىڭلارنى ھەقىقىي تۈردە ئۇلۇغلىغانلىق، قەدىرلىگەنلىك، ھۆرمەتلىگەنلىك، دەپ قارىمايمەن. پەقەت ئۇنىڭدا ئېيتقانلىرىمنى ئوبدان مۇلاھىزە قىلىپ، ئۇ ئارقىلىق ئۆزۈڭلەرگە شان-شەرەپ كەلتۈرسەڭلەر ئاندىن ھەقىقىي ئۇلۇغلىغان بولىسىلەر. بىراق ھازىرقى ھالىتىڭلار بىلەن «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ نادوست تەرىپىدە تۇرۇۋېتىپسىلەر. شۇنداق ئىكەنلىكىنى كىتابنى بىر ئوقۇپ، ئۆزۈڭلەرنى بىر «ئوقۇ»ساڭلار بىلەلەيسىلەر. بۇنىسى ئۆزۈڭلەرنىڭ ھىممىتىگە باغلىق، شۇڭا سىلەرگە كۆپتىن كۆپ مەدەت تىلەيمەن.

خانىش ئامانىسا: سىلەر «رېستوران» دەپ ئاتايدىغان بۇ سورۇندا تۇرۇۋاتقىنىمغا بىر قانچە يىللار بولدى. تۇرۇۋاتقىنىمغا ئەمەس، بەنت قىلىنغىنىمغا دېسەم تېخىمۇ مۇۋاپىق. چۈنكى مېنىڭ بۇ سورۇندا تۇرۇشقا زادىلا رايىم يوق. كۈندە كۆرىدىغىنىم تامامەن دېگۈدەك ئىچىمنى ئاچچىق قىلىدىغان ئىرادەمگە يات ئىشلار. بولۇپمۇ خانىم-قىزلاردىكى ئاياللىق نازاكەت، ئاياللىق سالاپەتنىڭ سۇسلۇقى، ھاياسىزلىقنىڭ ئېغىرلىقى ۋۇجۇدۇمنى لەختە-لەختە قىلىۋېتىدۇ.

بىز بېشىمىزغا سەنئەت تاجى قونغان، سەنئەت بىلەن تۆرەلۈپ، سەنئەت بىلەن ئۆتىدىغان سەنئەتخۇمار خەلق. پۈتمەس-تۈگىمەس خەلق ئاھاڭلىرى ۋە ئۇنىڭ جەۋھىرى مۇجەسسەمى بولغان ئون ئىككى مۇقام بۇنىڭ دەلىلى. سەنئەتخۇمار خەلق سەنئەتكە موھتاج بولسا، سەنئەت سورۇنغا موھتاج. دەرۋەقە، بىزنىڭ مەرىكە-مۇراسىملىرىمىز سەنئەتنىڭ سورۇن ئېھتىياجىغا ماس ھالدا ناھايىتى كۆپ. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى كاتتا سەنئەت پائالىيىتى. بىزدە نەغمە-ناۋالارنىڭ خاراكتېرىمۇ شۇ دەرىجىدە سورۇنلاشقانكى، ھەر بىر مۇراسىمنىڭ ھەر بىر تەرتىپىدە شۇنىڭغا مۇناسىپ نەغمە-ناۋالار ئىجرا قىلىنىدۇ. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە سىلەرنىڭ مەرىكە-مۇراسىم سەنئەتلىرىڭلار بەكلا ئوساللىشىپ كېتىپتۇ. يېيىش-ئىچىشنى ئاساس قىلىدىغان، ئۇدۇل كەلگەننى ئېيتىپ چالىدىغان، ھەتتا تويدا ھازا ئاچىدىغان (ھازا ناخشىلىرىنى ئېيتىدىغان) بىنورمال كەيپىيات ئومۇملىشىپ، سىلەرگە نىسبەتەن نورمالسىز تۇيۇلمايدىغان دەرىجىگە يېتىپ بېرىپتۇ. مۇشۇنداق كېتىۋەرسەڭلەر كېيىنچە بىز سىلەرنى نېمىگە ئاساسەن بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىز دېيەلەيمىز؟! سىلەر ھەم نېمىگە ئاساسەن بىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ ۋارىسلىرى دېيەلەيسىلەر؟!

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى: كۈلكىنىڭ ئاچچىقى، يىغىنىڭ تاتلىقى بولىدۇ. شۇ تاپتا سىلەر خۇدىڭلاردا يوق كۈلۈۋاتىسىلەر، بۇنداق كۈلكىلەر توغرىلىق:

قانچىلار ياتسا بۇلۇڭدا ئارسىز ئىچپۇن شوراپ،
قانچىلار شوپاڭدا ئىچسە مەست بولۇپ خەمرە-شاراب.
ئەي چىراغۇ، ئەي ھاراق، بارمۇ نومۇس، بەرگىل جاۋاب،
سەن بىلەن بولمامدىكەن بۇ ھالىمىز زەبۇن-خاراب.

دەپ يازغانىدىم. بۇ مېنىڭ تاتلىق يىغام ئىدى. ئەمدىلىكتە سىلەرنىڭ بۇ ھالىڭلارنى كۆرۈپ، ئاچچىق كۈلۈشكە مەجبۇر بولۇۋاتىمەن. سىلەر زادى ھوشۇڭلارنى تاپارسىلەرمۇ؟! دەۋر تەقەززاسىغا تەڭكەش بولۇپ، تەرەققىيات، ئىستىقبال ئۈستىدە تەخىرسىزلىك بىلەن ئويلىنارسىلەرمۇ؟! جان كۆيەرلىك بىلەن ئىزدىنەرسىلەرمۇ؟! ياكى دەججالنىڭ نەغمىسىگە ئۇسسۇل ئويناپ، ئۆز-ئۆزۈڭلەرنى ئالداپ، نادانلىقتا ئەسىر بولۇپ ئۆتۈۋېرەرسىلەرمۇ؟!

سىلەردىن سوراپ باقاي: نېمە ئۈچۈن مېنى ئەجدادلىرىم قاتارىدا بۇ سورۇنغا دائىملىق «مېھمان» سۈپىتىدە «چاقىر»دىڭلار؟ بىمەنە قىلىقلىرىمىزدىن ئاچچىق يۇتسۇن دەپمۇ؟ ئەلگە چىقىپ قالغان نام-ئاتىقىم سەۋەبلىكمۇ؟ ئەگەر مېنى مېھمان بولۇشقا مۇناسىپ دەپ قارىساڭلار، رېستورانىڭلارغا ئەمەس، ياخشىسى روھىڭلارغا چاقىرىڭلار، مېنىڭ چىن ئارزۇيۇم سىلەرنىڭ روھىڭلاردا «مېھمان» بولۇش. شۇ چاغدا ماڭا ھەقىقىي تاتلىق كۈلكىلەر نېسىپ بولىدۇ.

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: مەن سىلەرنىڭ مەرھۇم زاماندىشىڭلار، تېخى يېقىندىلا ئاراڭلاردا ئىدىم. سىلەر بىلەن رېستورانلاردا، تامدا ئەمەس، شىرە چۆرىسىدە بىللە ئولتۇرغانىدىم. ئۆزۈم رېستوراندا بولسامۇ، سىلەرنى رېستوران بىزەپچىلىكىدىن ئاگاھلاندۇراتتىم. رېستورانلارنىڭ مەدەنىي سورۇن بوپقېلىشىنى، مىللىي مەدەنىيىتىمىزدە ئىجابىي رول ئوينىشىنى ئۈمىد قىلغانىدىم. مانا ئەمدى تامنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئېلىپ، سىلەر بىلەن ھەر ۋاقىت بىللە بولۇۋاتىمەن. تام تۆرىدىن ئورۇن بەرگىنىڭلار بەلكىم ھۆرمەتمىدىندۇ. ئەجەبا، كۆز ئالدىمدا ئەقىللىق تۇرۇپ، ئەقلىڭلارنى يوقىتىپ، نومۇس-ھايانى تەتۈر سويۇپ، رەسۋاچىلىقتا رەققاس بولۇپ يۈرگىنىڭلار نېمىدىندۇر؟

بۇ نۇقتىدا سىلەرگە دەيدىغىنىم، ئەگەر مېنى ئۆزۈڭلەرگە يېقىن تۇتقىنىڭلار، رېستورانىڭلارنىڭ تۆرىدىن ئورۇن بەرگىنىڭلار مېنى ھۆرمەت قىلغىنىڭلار بولسا، مېنى ئەمەس، ئالدى بىلەن ئۆزۈڭلەرنى ھۆرمەت قىلىڭلار...


سورۇن ئەھلى ئۇستاز ئەجدادلىرىمىزنىڭ سۆزلىرىگە دىققەت قىلمىدى بولغاي، كەيپ-ساپا، خۇلقى-خاتالىقلىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. بۇزرۇكۋارلىرىمىز ئۇلارغا قاراپ ئېغىر ئۇھسىندى. ئۆزلىرىنى مەدەنىيەت زىتلىقى بىلەن تولغان رېستوران كەيپىياتىدا كۈنلىرى رېستوران خۇمارى بىلەن ئۆتۈۋاتقان رېستوران بەندىلىرى قاتارىدا كۆرۈپ تولىمۇ خورلۇق ھېس قىلىشتى.

2004-يىل 1-نويابىر، شەھىرى تۇرپان

---

ئاپتور: تۇرپان تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




# سەھرا، بەرقىي ۋە ئۈرۈمچى

ئەخمەتجان خۇما

سەھرالىقلارنىڭ تىلى ۋە دىلى بويىچە ئېيتقاندا، شەھەرلىكلەر قۇۋ، ھاكاۋۇر، ئۇچىسى ئاپتاپ كۆرمەيدىغان خەق. قارىسىلا بۇ بىر جۈملىدىن شەھەرلىكلەرنى يامان ئادەم دېگەن مەنە كېلىپ چىقىدىغاندەكلا تۇرىدۇ. مادامىكى، تىلىمىزدىكى سۆزنىڭ تۈرلىنىشى ۋە ماھىيەتلىك تەپەككۇر نۇقتىسىدىن قارىساق، تاشقى مەنىگە چوڭقۇر ئىچكى مەنە يوشۇرۇنغان. قۇۋلۇق ئەمەلىيەتتە پاراسەتتىن كېلىدۇ. پەقەت ئەقىل ـ پاراسەتلىك، تەدبىرلىك، چېچەن ئادەملەردىلا قۇۋلۇق بولىدۇ. ساددا، گول، گالۋاڭ، نادان كىشىلەر ھەرگىزمۇ قۇۋلۇقنى بىلمەيدۇ ھەم قاملاشتۇرالمايدۇ. ھاكاۋۇرلۇق ئىككى خىل بولۇپ، بىرى، كۆرۈنۈشى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىن ئاشكارا ئىپادىلىنىدۇ، بۇ چاكىنا ھاكاۋۇرلۇقتۇر. مۇنداق خىلدىكى كىشىلەر چاكىنىلاردۇر. يەنە بىرى، كۆپىنچە ھاللاردا بىلىملىك، ئىقتىدارلىق كىشىلەر باشقىلارغا ئاسانلا ھاكاۋۇرلۇق قىلغاندەك تۇيغۇ

## ئوقۇرمەنلەر چايخانىسى

بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلاردىكى ئۆزىگە ئىشىنىش، مۇستەقىل پىكىر قىلىش، ئېقىمغا ئەگەشمەيدىغان ئۆز سۆزلۈك، «خەق نېمە بولسا مەنمۇ شۇ» ئىدىيىسىدىكى كىشىلىرىمىزدە شۇنداق خاتا تەسىرات پەيدا قىلغان. ئۇچىسى ئاپتاپ كۆرمەسلىك ئەمەلىيەتتە سالاپەتتىن دېرەك بېرىدۇ. مۇنداق قارىغاندا، سەھرالىقلار ئۆزلىرىنىڭ شەھەرلىكلەرگە بولغان قارىشىنى ئەنە شۇنداق تەتۈر ئىپادىلىگەن. ياكى ئۇلارنىڭ قارىشىغا ياقتۇرۇشمۇ، قايىللىقمۇ ئارىلىشىپ كەتكەن. چۈنكى ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرى دوپپىدەك مەھەللە، كۆز يەتكۈزگىسىز جاڭگاللارغا كۆمۈلۈپ كەتكەچكە، ئۈرۈمچىدەك كاتتا شەھەر ۋە ئۈرۈمچىلىكلەرنى بەزىدە نۇرغۇن سەھرالىق تەسەۋۋۇر قىلىشتىنمۇ قورقىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئۈرۈمچى تېلېۋىزوردىكى بىر كىنو. سەھرا كۆز ئالدىدىلا يېيىلىپ ياتقان زېمىنى كەڭ، قوينى ئۇنىڭدىنمۇ كەڭ، بەرىكەت، سېخىيلىق، ئۈملۈك، ئاق كۆڭۈللۈككە تولغان ماكان. قىزىق يېرى شۇكى، بارلىق خاسىيەت ۋە ئېزگۈلۈكلەر سەھرادا بىخلىنىپ، نوتا بولاي دېگەندە ھەۋەس بىلەن شەھەرگە كىرىپ يېتىلىپ، ۋايىغا يېتىپ مېۋە بېرىدۇ. بەزىدە بۇنىڭدىن ھەيران قالىدۇ كىشى. ئادەمدىن ئىبارەت تىنىمسىز يېڭىلىنىش تۇيغۇسى ۋە نەپسى غالىبلىقتا ئىگە مەخلۇقنىڭ ئەزەلدىن سەھراغا پاتمىغانلىرى

شەھەرگە كىرىپ، ئۆزىنىڭ كۆچىتىنى ئۆزى تىكىپ ئىلمىي كامالەت ئىزدىگەن ۋە ئىزدىنىش روھىغا تويۇنغانلىرى باراقسانلاپ مېۋە بېرەلىگەن. شەھەرگە ئۆزىنى تىكەلمىگەنلەر يامانلاپ سەھراغا بېرىۋالغان ياكى ھەيدەلگەن. ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىيمۇ ماڭا ۋە نۇرغۇن سەھرالىققا ئوخشاشلا سەھرا بالىسى. ئەمما ئۇ ھازىر ئۈرۈمچىلىك بوپكەتتى. ئۇنىڭ تۇرمۇشى، تەپەككۇرى، ھەرىكىتى... شەھەرگە سىڭىپ كەتتى. شۇڭا ئۇ كىچىك تۇرۇپ چوڭلا ئادەم بوپكەتتى. شۇنداق بىر غەلىتىلىك بار: ئادەمنىڭ سەھرادا چوڭ بولمىقى بەكمۇ تەس. بالىلار بالا پېتى، چوڭلارمۇ خېلى ياشقىچە چوڭ بولالماي بالا پېتى قېلىۋېرىدۇ. شۇڭا تامغا دۈمبىسىنى چاپلاپ ئەتىدىن كەچكىچە قۇرۇق پاراڭ سوقۇۋاتقانلار گاھى دېيىشىپ قويۇشتىن مۇستەسنا بولالمايدۇ:

ــــھېلىقى ئابلەت دېگەن بالىمۇ؟

ــــشۇ بولماي ئەمسە! ئى بالىلاردىن كىچىك بالا ئۇ تېخى!

ــــ...

بۇ يەردە گەپ كۆپىنچە ئادەمنىڭ ياش پەرقىدە چۆرگىلەپ، ئۈرۈمچىدىكى ئابدۇلئەھەدنىڭ ئاللىقاچان بالىلىقنى ئۇنتۇپ، چوڭ بوپكەتكىنىگە نى زامان بولغىنىنى ئاۋۇلار بىلمەيلا قېلىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئابدۇلئەھەدنىڭ چوڭلۇقى ئۇنىڭ تەپەككۇردا پىشىپ قالغان قەلىمىدە. مەنمۇ دەل سەھرالىقلارغا خاس تونۇپ بولالماسلىقتەك يېشىغا تىكىلىپ تۇرۇۋېلىش خاراكتېرىم بىلەن ئۇنىڭ ماقالىسى ئېلان قىلىنسا: ھە، ھېلىقى بىزدىن كىچىك ئابلەتمۇ، دەيمەن ئۆزۈمچە. بىزمۇ يازالايمىز ئۇنداق ماقالىنى، دەپ كۆڭلۈمنى خۇش ئېتىپ قويىمەن. لېكىن تەسەۋۋۇرۇم سەھرادىن، تەپەككۇرۇم جاڭگالدىن ھالقىيالمىغاچقا، ئاغزىمنى تاتلىق ئېتىپ قېلىۋەردىم. شۇنداق كېتىۋېرىپ، تۇيۇقسىزلا ئۆزۈمنىڭ بالا پېتى قېلىۋاتقانلىقىمنى سېزىپ قالدىم ـ دە، ئابدۇلئەھەدنى ئۆگىنىش، تەكشۈرۈپ بېقىش ئىستىكىدە ئالدىراپ قالدىم...

ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىي دەسلەپ ئىجادىيىتىنى شېئىر يېزىشتىن باشلىغان. ئۇنىڭ ئىسمىنى «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»دىن كۆرگىنىمگىمۇ خېلى يىللار بوپقالدى. «قىز پەسلى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشردىن چىققاندا، ئۇ شائىر بولاي دەپ قالغانىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، بۇ كىتاب ئىجابىي باھالارغىمۇ ئېرىشكەن. لېكىن مەن بەرقىينىڭ شېئىر ئىجادىيىتىگە باشقىچە قارايمەن. ئۇ شېئىرىيەتتە خېلىلا ئىجتىھات بىلەن قەلەم تەۋرەتكەن ھەم يېڭىلىق يارىتىشقا تىرىشقان بولسىمۇ، تەقلىدچىلىكتىن ھالقىپ كېتەلمىدى، شۇنداقلا خاس بىر پەللە يارىتالمىدى. بەلكىم تەپەككۇرغا باي، كۆزىتىشكە ماھىر بەرقىي شېئىرىيەت ئىجادىيىتى داۋامىدا سىناپ بېقىش ئىستىكىنىڭ تۈرتكىسىدىن بولسا كېرەك، ئىجتىمائىيەت ۋە ئەدەبىيات ھەققىدىكى ماقالىلەرنى يازدى ۋە تېزدىن ئۇتۇق قازىنىپ خاسلىق ياراتتى. بەرقىينىڭ ئۆزىنى تونۇشى بىر خىل قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان سەكرىشتۇر.

ئەزەلدىن جەمئىيەتنى ئەدەبىيات ئارقىلىق تونۇش، كۆزىتىش ۋە چۈشىنىشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن خەلقىمىز يېتۈك ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى قاتارلىق نەشر ئەپكارلارنى ئاساسلىق سەھنە قىلىپ ئېلان قىلغان ئۆزىمىزنى تونۇش تېمىسىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى تازا قوبۇل قىلالمىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ چاغلاردا بىزدە ئۆزىمىزنى تونۇش ئەمەس، ئەجدادلار تۆھپىلىرى ئارقىلىق پەخىرلىنىش ھېسسىياتىمىز كۈچلۈك ھەم چېكىگە يەتكەن، ئەمما تەپەككۇرىمىز تېخى گۆدەك بولغاچقا، ئىلىم ساھەسىدىكى ئەللامىلىرىمىزمۇ بۇ خىل يوشۇرۇن تەپەككۇر، ئېغىر سالماقلىق ئىگە تەشەببۇسنى دېگەندەك چۈشىنەلمىدى ۋە قوبۇل قىلالمىدى. شۇنىڭ بىلەن مەرھۇم ئالىمىمىز تەنھالىق سېپىرىدە ھالسىراپ، بارلىق ئاھانەتلەر ۋە پىتنە ـ پاساتلارنىڭ مەركىزىگە ئايلىنىپ قالدى. خۇداغا شۈكۈر، ئالىمنىڭ چىرىغى ئۆچەي دېگەندە زامانىمىزدىكى ياش پەيلاسوپ، تۇرگۇن مۇتەپەككۇر، سوغۇققان شائىر ئابدۇقادىر جالالىددىن ئەپەندى قەلەمنى قولىغا ئالدى. جاھان ئۆزگىرىشلىرىگە ھاڭ ـ تاڭ قېلىشقا يۈزلەنگەن خەلقىمىز 1990 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ئۆزىگە يۈزلىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى غۇۋا سېزىشكە مۇۋەپپەق بولۇۋاتقاندا، ۋاقىت ھايىت ـ ھۇيت دېگۈچە يېڭى ئېرا، يېڭى ئەسىرگە تاقاپ قالدى. بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە ئابدۇقادىر جالالىددىن، ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىي، ئەسەد سۇلايمان، داۋۇت ئوبۇلقاسىم قاتارلىق يېتىلىۋاتقان ياش مۇتەپەككۇرلىرىمىز «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ئۇيغۇر جەمئىيىتى، ئۇيغۇر روھىيىتى ۋە كەلگۈسىگە نەزەر سېلىپ، چۆچۈش ھېسلىرىنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئىپادىلەپ، ئۇيغۇر روھىغا زەخمەك ئۇرۇشتىن مۇئەييەن نەتىجىگە ئېرىشىپ، بىر ئاز ھاردۇقى چىققاندەك بولدى. ئۇلارنىڭ تەتقىقاتتىكى تۇتقان يولى ئۇيغۇر جەمئىيىتى، پسىخىكىسى، ئىدېئولوگىيىسى، تارىخىي تىندۇرمىلىرىنى جۇڭگو ۋە خەلقئارالىق سېلىشتۇرما نۇقتىسىدىن كۆزىتىپ، مۇلاھىزە قىلىش؛ ئۇسۇلى ئالدىراقسانلىق، يېنىكلىك، بېكىنمىچىلىك ۋە ئۆزىنىلا ئەلا بىلىشتىن ياكى ئۆزىنى زىيادە چوكۇرۇشتىن ساقلىنىش؛ مۇددىئاسى بىزگە ئۆزىمىز ۋە دۇنيانى تونۇتۇش ئارقىلىق بۈگۈنىمىز، مەۋجۇدلۇقىمىز ۋە كېلەچىكىمىز ھەققىدە ئويلىنىشقا دەۋەت قىلىش بولدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن دۇنيانى چۈشىنىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىمىزگە نەزەر سېلىپ كۆزەتتى، روھىمىزنى قېزىپ چىقتى؛ شۇنىڭغا ماس ھالدا چەت ئەللەرنىڭ ئىدىيە ئويغىنىشى ۋە ئىنسان تەپەككۇرىنى قوزغىتىش خاراكتېرىدىكى مۇپەسسەل ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىنىڭ ئىزدىنىش سەمەرىلىرىنى ئاۋام قوبۇلىغا تەقدىم ئەتتى. ئەلۋەتتە، بۇۋاقىتقا كەلگۈچە ئابدۇرېھىم دۆلەت، ئادىل ئابدۇقادىر قاتارلىق بىر تۈركۈم ياشلارمۇ ئۇلارنىڭ ئىزىدىن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا بۇ يېڭى ئېقىمنى تېخىمۇ جانلاندۇردى. ھازىرغىچە ئۇلارنىڭ ئەكېلىشپەرۋەرلىك (ئابدۇقادىر جالالىددىن ئىشلەتكەن ئاتالغۇ) روھى بويىچە «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى»، «زارا ئاستىر شۇنداق دەيدۇ»، «ئەپلاتون پاراڭلىرى»، «ھاياتقا تەھلىل، قىسمەتكە ئاچقۇچ»، «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنياۋى تەرتىپنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى»... قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەرنى بىزگە تونۇشتۇرۇشى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە زور داۋالغۇش پەيدا قىلدى. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ تەپەككۇر ھاسىلاتلىرىنىڭ خەلقىمىزگە كۆرسەتكەن تەسىرى ئەدەبىياتنىڭ تەسىرىدىن ئارتۇق بولسا بولدىكى، تۆۋەن بولمىدى. شۇڭا دېيەلەيمىزكى، ئۇلارنىڭ تەپەككۇرى بىزدىن كۆپ مۇرەككەپ، كۆپ قىرلىق ھەم چوڭقۇر بولۇپ، زامانىمىزدىكى ئەللامىلاردىن بولۇشقا مۇناسىپ. ئاۋامنىڭ ئۇلارغا بولغان ھۆرمىتى، ئىخلاسى كۈنسېرى ئېشىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى قەدىرلىشىمىز، ئاسرىشىمىز، ئۇلۇغلىشىمىز دېگەندەك ئەمەس. بۇ ئالدى بىلەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ زامانىۋى روھىي پاجىئەلىرىنىڭ ئەڭ روشەن ئىپادىلىنىشى. بۇ خىل پاجىئە خەلقىمىزنىڭ بۇ ياش مۇتەپەككۇرلارغا بولغان قىزغىن ئىخلاسى بىلەن بارا ـ بارا ئۆچۈپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ. ئەنە شۇنداق مۇتەپەككۇرلارغا

بولغان ئىخلاسنىڭ كۈچىيىشى ئۇيغۇر مەۋجۇدلۇقىنىڭ بىر مۇھىم كاپالەتى. بىر دۆلەتنىڭ پادىشاھى بولمىسا بولمىغىنىدەك، پۈتكۈل ئەلگە روھىيەت تۈغى ـ مەشئىلى بولىدىغان، ھەممە ئېتىراپ قىلىپ ئىخلاس قىلىدىغان ئەدىب ـ ئالىملىرى بولۇشىمۇ ئىنتايىن زۆرۈر. ئەھمەد زىيائىي، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، زوردۇن سابىرلار ئۆلۈپ كەتتى. ئۇلار بىزنىڭ روھىيەت مەشئەللىرىمىز، مەنىۋىيىتىمىزنى نۇرلاندۇرغۇچىلار ئىدى. ئېسىمىزكى، ئۇلار ياندۇرغان مەشئەل ئىز باسقان ياش كۈچلەرنىڭ قولىدا تېخىمۇ لاۋۇلدىغۇسى.

ئەسلى گېپىمىزگە كەلسەك، ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىي خوتەن سەھراسىدىن ئۈرۈمچىگە بارغىنىدا تېخى بىر بالا، تەپەككۇرى خوتەندىن ھالقىپ كېتەلمەيدىغان جاھان كۆرگۈچى ئىدى. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئەمدىلا ئۈچۈرما بولۇش ئالدىدا تۇرغان باچكا ئىدى. يىللار ئۆتۈپ ئۇنىڭ تەپەككۇرى ئۈرۈمچىگە ماسلاشتى ۋە نەزىرىمىزدىكى بۇ چولڭ شەھەردىن ھالقىپ خەلقئارالاشتى. ئەلۋەتتە، بۇنىڭ ئۈچۈن بەرقىينىڭ قانچىلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنى ئۆزىلا بىلىشى مۇمكىن، بىز پەقەت تەسەۋۋۇر قىلىپ باقالايمىز، خالاس.

بەرقىينىڭ «كۆز ئىچىدىكى كۆز، سۆز ئىچىدىكى سۆز» (بۇ كىتاب ئاپتورنىڭ ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرى ئاساسىدا 2003 ـ يىلى ئىيۇلدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغاندى. ـ مەسئۇل مۇھەررىردىن) ناملىق كىتابىدىكى «ئۇيغۇرچە ۋاقىت ئۇيغۇر روھىنىڭ ئەينىكىمۇ؟» ماۋزۇلۇق ماقالىسى بەلكىم ئۇنىڭ ئۇيغۇر روھىدىن ساماغا ئۆرلىشىنىڭ پەلەمپىيى بولسا كېرەك. ماقالىدە دېيىلىۋاتقان مەسىلە ۋاقىت ھەققىدە بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۇيغۇر روھىيىتىنىڭ چاڭ ـ توزانلىرىدىن كۆمۈلۈپ قالغان مىللەت پىسخىسىدىكى ئاجىزلىقلارنى سىلىشتۇرما ئارقىلىق قامچىلاشقا ئۇرۇنغان. ئۇنىڭ بۇ خىل ئۇرۇنۇشى بارا ـ بارا نوقۇل تەنقىدتىن مىللەت روھىدىكى غەلىدە ـ غەشلەرنى چۆچۈش، ئىزتىراپ بىلەن چوڭقۇر ھېسداشلىق، مۇھەببەت بىلەن قېزىپ چىقىش، سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىساد، پەلسەپە، ئېتىكا، مائارىپ، ھاياتلىق، ئەدەبىيات، قاتلاملارئارا مۇناسىۋەت... سېرى كېڭىيىپ، تەپەككۇرى بىلىقچىنىڭ توردەك يېيىلىپ باردى ھەم يىغىلىپ تۈردى. بۇ خىل يېيىلىش ۋە يىغىلىش ئۇنىڭ كۆزىتىش، تەپەككۇر قىلىش ۋە بۇلارنى جەم قىلىش جەريانىدۇر. دىققەت قىلساق، ئۇنىڭ روھى ۋە قەلىمىگە خەلقىمىزنىڭ مىللىي خاراكتېرى، جاسارىتى، ئەنئەنىلىرى، پىسخىكىسى، ئېتىقادى، ئېچىۋېتىلگەن دۇنيا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئارىلىقى، كېلەچىكى، قىسمەتلىرى، كۆرگۈلۈكى... تىنىپ كەتكەچكە، تەنىمىز غىدىقلىنىپ تۇرىدىغان تەپەككۇرى ئۇنى ئۈزلۈكسىز تور يېيىش ۋە يىغىپ تۇرۇشقا ئۈندەپ، دېڭىزچى بوپقالدى. شۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇ ھەقىقىي تەكلىماكاننىڭ ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردە دېڭىز ئىكەنلىكى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا زاھىر بولغانمىدۇ؟) دېڭىز چەكسىزلىكى ۋە سىرلىقلىقى بىلەن قەدىمدىن تارتىپ ئىنسانلارنى ئۆزىگە تارتىپ كەلگەن. ھەيۋەتلىك دولقۇنى ۋە دەھشەتلىك بورىنى بىلەن ئىنسانلارغا قورقۇنچ، ۋەھىمە، شۇنداقلا جاسارەت، ئىرادە بەخش ئېتىپ كەلگەن. ئۇنىڭغا پەقەت جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرغان، تەۋەككۇل قىلىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان قورقۇمسىز ئەزىمەتلەرلا شۇڭغۇپ كۆرۈشكە، جاۋاھىر ئىزدەشكە، چىدام ۋە ئەقىل بىلەن سۈزۈپ چىقىشقا جۈرئەت قىلالايدۇ. بىزدەك مەھەللىمىزدىكى كۆلچەكتىن باشقىنى كۆرۈپ باقمىغان، داۋان ئېشىپ باقمىغانلار ئۈچۈن ئۇ يېقىنلاشقىلى

بولمايدىغان تىلسىم. شۇڭا بىز پەقەت دېڭىزچىلار سۈزگەن جاۋاھىرلارنى تاماشا قىلىپ، ئۇلارنىڭ جاسارىتىگە تەھسىن ئېيتىش ئارقىلىقلا ئۆزىمىزگە تەسەللىي ئىزدەيمىز. بەرقىي بۇ پايانسىز دېڭىزدىن نامراتلىقنىڭ يىلتىزىنى سۈزۈپ چىققاندا، ئۇيغۇر جەمئىيىتى نامراتلىق روھىيەت دېڭىزىدىن ئەمەس، تۇپراقتىن، پېشانىسىدىن ئىزدەپ تېپىپ يۈرگەندى.

«بار پۇلنى جايىدا خەجلەشنىڭ ئۆزىمۇ پۇل تېپىشتۇر.»

«قازاق پۇل تاپسا تايغا مىندۇ، ئۇيغۇر پۇل تاپسا لايغا مىندۇ.»

بەرقىي بۇ قۇرلارنى خىيالىغا كەلگەنچە قەغەزگە تىزىپ قويمىغان، بەلكى كۆزىتىش ئارقىلىق ئۇيغۇر روھىيىتى، پىسخىكىسى، ئادىتى، خاراكتېرىدىن يۇلۇۋالغان. بۇ ھەقىقەت، بۇ رېئاللىق. بىزدە پۇل تاپساقلا قورۇ ـ جاي، كاتتا ئىمارەت سېلىش ئەنئەنە. تاپقىنىمىزنى يەنىمۇ كۆپەيتمەي ياكى خاسىيەتلىك ئىشلارغا سەرپ قىلماي تامغا چاپلاپ قويۇپ، «ئىككى نان تاپساق بىرىدە داپ چالساق» ئەلۋەتتە نامرات بولىمىزدە! (قاراڭ: ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىي: «نامراتلىقنىڭ يىلتىزى نەدە؟»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى» 2002 ـ يىل 2 ـ سان؛ «كۆز ئىچىدىكى كۆز، سۆز ئىچىدىكى سۆز»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىل ئىيۇل نەشرى)

بىزنىڭ ساددا، گول، ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇرىمىزغا سىغمىغۇدەك دەرىجىدە تېز ئۆزگىرىپ، يېڭىلىنىپ تۇرۇۋاتقان دۇنياۋى ئىقتىساد، سىياسىي، پەن ـ تېخنىكىدىكى تەرەققىيات ۋە كەسكىن رىقابەتنى ئۆتكۈر نەزىرى بىلەن كۆزىتىۋاتقان بەرقىينىڭ تەپەككۇر پەللىسىگە يېقىنلىشىشقا ئۇرۇنۇشۇم كۆلكىلىك بىر ئىش بولسىمۇ، چامامنىڭ يېتىشىچە ئەگىشىپ باققۇم كەلگەندە شۇنداق بىر تەڭقىسلىق بىلەن گاڭگىراپ قالدىم. ناۋادا بەرقىينىڭ چوڭقۇرلۇقىغا كۆزۈم يەتمەي، ناخشىنى چالا تولاپ قويسام كۈلكىگە قالارمەنمۇ؟ كۆڭلۈمدىكى ئىزتىراپ بىلەن قىزىقىش توقۇنۇشقاندا، ئىچىمنى تىڭشاپ باقسام، بەرقىي ھەققىدە گەپ قىلغۇملا كېلىپ تۇردۇ. تۇرۇپلا ئىككىمىزنىڭ ئارىلىقى قانچىلىكتۇ دېگەننى ئويلاپ قالدىم ۋە مۇنداق تەسەۋۋۇر قىلدىم: ئىككىمىز تەڭ يولغا چىققان كارۋان بولساق، بەرقىي مەندىن نەچچە كۈنلۈك يولنى ئىلگىرى بېسىپ مەنزىلگە يېتەي دەپ قالغان، مەن تېخىچە يولغا چىققان جايدىن ئۈزۈيالماي چۆمۈلدەك تېپىرلاپ يۈرۈيمەن. بەرقىي مىسالى بىر زەردار بولسا، مەن جېنىنى ئاران بېقىۋاتقان گاداي. بايلارنىڭ گادايلار ھەققىدە گەپ قىلىشى قىل سىغماستۇر. لېكىن گادايلارنىڭ بايلار ھەققىدە گەپ قىلىشى بەسىي مۈشكۈل. گەپ قىلىشقا توغرا كەلگەندىمۇ ئىنتايىن ئېھتىياتچان بولۇشى زۆرۈر. شۇنداق ئىكەن، پېقىردەك بىر گادايىنىڭ بەرقىيدەك «زەردار» ھەققىدە گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلىشىنىڭ ئۆزىمۇ چوڭ ئىش. باي بىلەن گادايىنىڭ پەرقى كونكرېت قارىساق، كىيىم ـ كېچەك، يۈرۈش ـ تۇرۇش، يېمەك ـ ئىچمەك، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، ئورۇن ـ مەرتىۋە، نوپۇز، مال ـ دۇنياسىدا روشەن كۆرۈلسىمۇ، ماھىيەتلىك پەرقى يەنىلا ئۇلارنىڭ روھى، ئەقىل ـ پاراستى، ئىش ـ ئەمەلىدە. باي ئەقىل ـ پاراسەتلىك، بىلىملىك (بىلىم دېگەننىڭ چېكى يوق)، تەدبىرلىك، ئىشچان، ئىرادىلىك بولغىنى ئۈچۈن پۇل تاپقان. نامرات ھۇرۇنلۇقى، تەدبىرسىزلىكى، پاراسەتسىزلىكى بىلەن گاداي قالغان ھەم ئۆمۈربويى ھەتتا ئەۋلادمۇئەۋلاد شۇ پېتى كېتىدۇ. بىزدىكى 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرى باستۇرۇلغان بايلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ 1980 ـ يىللاردىن كېيىن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ يەنە بېيىپ كەتكەنلىكى، ئاتا مىراس بەزى نامراتلارنىڭ

ھازىرغىچە قۇتقۇزۇشقا تەلمۈرۈپ ياشاۋاتقانلىقى ئوچۇق دەلىل. قەدىمىدىن شۇنداقمۇ ياكى كېيىن شۇنداق بولغانمۇ، باي ۋە نامراتلار ئىككى قۇتۇپ بولۇۋېلىپ، ئۆزئارا بىر - بىرىنى يارىتماي كەلدى:

—ئى ئىمىن قەلەندەرنىڭ بالىسىما؟

—تۈنۈگۈن بىز بىلەن مەدىكار ئىشلەپ يۈرۈيتتى.

—بۈگۈن تۆت تەڭگە تېپىپ بىزنى كۆزگە ئىلماس بوپكەتكىنىنى!...

گادايلار شۇنداق دەپ روھىمىزنى ئاۋۇندۇرۇپ يۈرسەك، بايلار دەيدۇ:

—چاپىنى تىزىدىن ئاشمايدىغان كۆكتۆش...

ئىلىم، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىمۇ «باي ۋە گاداي»لار بىر - بىرىنى يارىتماسلىق مەۋجۇد. كۆپىنچە، گادايلار بايلارغا ھەسەت بىلەن قاراپ، ئاسانلىقچە ئېتىراپ قىلمايدۇ. مەنمۇ چىدىماسلىقىمنى قاياقتىندۇر پەيدا بولغان زور جاسارەت بىلەن يېڭىپ، بەرقىينىڭ ھەشەمەتلىك «قورۇ»سىغا ئاستا قەدەم باستىم. قارىسام، بۇ ئىمارەت ئىجتىھات، قان - تەر ۋە چىدام - غەيرەتنىڭ مەھسۇلى ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن تام - تورۇسلىرىدىكى نەقىشلەرگە ھەيران ۋە قايىللىق بىلەن قاراپ، ئۆزۈمچە باھالاشقا تۇتۇندۇم. بۇ كاتتا ئىمارەت، ئېچىلىپ تۇرغان دەرۋازىدىن مۇقەددەس ھېيتگاھ جامەسى كۆرۈنۈپ تۇرغان «كۆز ئىچىدىكى كۆز، سۆز ئىچىدىكى سۆز» ئىدى. مەن خىيالىمدا ئاشۇ دەرۋازىنىڭ ئالدىدا ھەۋەس بىلەن تۇرغان كىشىنى ئۆزۈم دەپ تەسەۋۋۇر قىلدىم.

بەرقىينىڭ كۆزىنىڭ ئىچىدە كۆزى ھەم سۆزىنىڭ ئىچىدە بىز ئويلىنىپ كۆرۈش، مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈش ھەم ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ كۆرۈشكە ئەرزىگۇدەك دۇردانە سۆزلىرى بار. بۇلار رېئاللىقىمىز، ئەنئەنىمىز، تارىخىمىز، كەلگۈسىمىز، تەقدىرىمىز ھەققىدىكى مەسئۇلىيەتچانلىق، قىزغىنلىق، مۇھەببەت بىلەن تولغان ئاگاھلاندۇرۇش؛ مائارىپىمىز، ئەخلاقىمىز، ئادىمىيلىكىمىز، ئەدەبىياتىمىز، تەنتەربىيە، سەنئەت... ھەققىدىكى پەخىرلىك، ئىزتىراپلىق ھاسىلاتلار ئىدى. ئۇ بىزگە مەۋجۇدلۇقىمىز ۋە كېلەچىكىمىز ھەققىدە بېشارەت بېرىپ، روھىي تراگېدىيىمىز، رېئالنىي پاجىئەلىرىمىزنى كۆرسىتىپ، ھەر بىر ئۇتۇقىمىزدىن ئالەمچە لەززەتلىنىپ، نېمە قىلىش ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزىدۇ.

**1. ساغلام كرىزىس ئېڭى - مىللەت مەۋجۇدلۇقىنىڭ ئۇل تېشى.**

20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىكى ئىدىيە ئازادلىقى - ئېچىۋېتىش ئېڭى دولقۇنىدا ئۇيغۇر جەمئىيىتى مىسلىسىز تەڭداشسىزلىق ئېڭىنىڭ داشقاينىقىدا يۇرۇقلاپ، ھەممە كىشىنىڭ ئېڭىدا دۇنيادا بىزدىن ئۇلۇغ مىللەت يوق دېگەن بالىلارچە قاراش ھۆكۈمران بولدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ھەتتا ئۇيغۇر تىلى دۇنيا تىلى بولىدىكەن، دەپ ئاغزىمىزنى تاتلىق ئېتىپ يۈردۇق... 1980 - يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئەنگلىيە، ئامېرىكىلىقلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بەزى قىزىققان زىيالىيلىرىمىز روھىيىتىمىز، جىسمانىيىتىمىز، ھەرىكىتىمىز، ئۆرپ - ئادىتىمىزدىكى قىسمەنلىككە قىزىققانلىق بىلەن ئېسىلىۋېلىپ ھەدەپ ئەيىبلەپ، تىللاپ ھاقارەت قىلىشقىچە بېرىپ يەتتى. بۇ بەلكىم بىزدىكى كرىزىس ئېڭىنىڭ ئۈندۈرمىلىرى بولۇشى مۇمكىن. لېكىن مۇنداق ئۆزىگە ھاقارەت قىلىدىغان كۆيۈمنى قوبۇل قىلغىلى بولمايتتى. بىر قارىسا تەڭداشسىز بولۇۋېلىش، بىر تۇرۇپلا پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىش ئەمەلىيەتتە ئاۋام روھىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، گاڭگىراش، چۈشكۈنلىشىش ئەكېلىشتىن باشقا رول ئوينىيالمايدۇ. پەقەت «ئۆزىمىزنى توغرا تونۇيالىغان ۋە ئۆزىمىزگە ئىلمىي، ئەتراپلىق باھا بېرەلىگىنىمىزدە، ئاندىن تەرەققىيات، يۈكسىلىش يوللىرىغا دادىل، مەردانە ھالدا ماڭالايمىز، ئىزدىنىمىز، تىرىشىمىز، ئەكسىچە بولغاندا مىللىي ئىنكارچىلىق، يەنى ئۆزىمىزدىن خەق ياخشى، مەندىن باشقىلار ئەقىللىقمىكىن، دەيدىغان چۈشكۈنلۈك پاتقىقىغا كىرىپ قالىمىز - دە، ئىشەنچىمىز، ئۈمىدۋارلىقىمىز سۇسلىشىپ، ئىشلىرىمىز روناق تاپمايدۇ، ئالغا باسمايدۇ، نەزەر دائىرىمىز كىچىكلەيدۇ.» ①

**2. رېئاللىق - ئۇيغۇرنىڭ بۈگۈنىدىن كەلگۈسىگە نەزەر.**

بىزدىكى قىزىققانلىق، سۇيۇقلۇق، بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈش روھىي ۋە رېئالنىي پاجىئەلىك قىسمەتلەرگە دۇچار بولۇشىمىزدىكى تۈپ سەۋەبلەردۇر.

قىزىققانلىق ئەنئەنىۋى تۈركىي خاراكتېر بولسا كېرەك. بۇنىڭدىن تېخىچە ئادا - جۇدا بولالمايۋاتىمىز. شۇنداق بولغاچقا، بۇ بىزدە بىر ئىشقا ئاسان قىزىپ، ئاسان سوۋۇش نەتىجىسىدە ھۇرۇنلۇق، بارىنى يەپ تۈگىتىش (بارىدا پولدۇرۇك - پولدۇرۇك، يوقىدا قاراپ ئولتۇرۇك دېگەندەك) تەك ئەگەشمە خاراكتېرنى يېتىلدۈرگەن. خۇددى ھەرقانداق كېسەلنىڭ ئەگەشمە كېسىلى بولغىنىدەك، شۇڭا بىزدە ۋاقىت قەدىرسىز، ئالىم قەدىرسىز. قىزىققانلىقتىن ھېسسىياتقا بېرىلىپ كەتكىنىمىز ئۈچۈن مەسىلىگە ئەقىلدىن قاراشقا، سوغۇققان پىكىر يۈرگۈزۈپ ئالدى - كەينىمىزنى ئويلاپ ئىش قىلىشقا ئادەتلەنمىگەن. ئىشىمىز ئوڭغا تارتسا ئۆزىمىزنى تۇتۇۋالالماي، قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالىمىز. ئىش تەتۈر كەلسە يىغلاپ - قاقشاپ ئالىلكىملەردىن ئاغرىنىپ قارغاپ يۈرىمىز. شۇڭا «بىزنىڭ تۇپرىقىمىز، روھىمىزدا ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ قىياپەتلىرى قۇمدەك. ھازىرقى كىشىلىرىمىز دىنىي خۇراپاتلىق بىلەن پەننىي خۇراپاتلىق ئوتتۇرىسىدا تېڭىرقاپ يۈرىدۇ. ئۇلار مازارلاردىن بەخت تىلەپ، سېھىرگەرلەرنى ئەۋلىيا دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ خۇداغا شەك كەلتۈرسە» ②، يەنە بىرلىرى زاھىدلىق بىلەن جاندىن، جاھاندىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ ياشايدۇ، يەنە بەزىلىرى تەقدىرگە تەن بېرىپ پېشانەمگە [illegible]تۈلگىنى شۇ دەپ ياشايدۇ. ھايات دېگەن نېمە؟ جاھان نېمە بولۇۋاتىد دېگەننى ئويلاپ باقماي غەپلەت ۋە بېكىنمىچىلىكتە ياشاۋاتىمىز. ئە[illegible] بىزدىكى ھېسسىياتچانلىق ھەرگىزمۇ بىزنىڭ مەڭگۈلۈك سۈپىتىمىز ئەمەس. «ئۇ بىر يۈككە ئوخشاش مىللەتنىڭ بېشىدا ئۈچۈپ يۈرۈيدۇ» ③. بىزدە كەم بولۇۋاتقىنى پۇرسەت. «مىللىتىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدا كۆمۈلۈپ ياتقان روھىي پاكلىق پۇرسەتنىڭ غىدىقلىشىدىن ئېتىلىپ چىققان چاغدا، ئۇ ھەممە پاسكىنچىلىقنى يۇيۇپ تاشلايدۇ» ④. بۇنى يۇيۇش - يۇيالماسلىق ئەلۋەتتە ئۆزلىرىنى مىللەتنىڭ ئاقىللىرى دەيدىغان سەرخىللارغا باغلىق.

**3. خەلقىمىز روھىدىكى ئەجەللىك تراگېدىيە - ئەنئەنىدىن چەتنەش.**

ئەنئەنىمىزدىكى بارلىق گۈزەللىكلەر بىزدە تەدرىجىي ئۆلۈشكە يۈز تۇتتى. بولۇپمۇ ئۇيغۇر خاراكتېرىدىكى مەردانىلىق، مەردلىك، جەسۇرلۇق، ئۆملۈك، ئىناقلىق بىزدە قانچىلىك ئايان؟ بەلكىم بەرقىينىڭ مۇنۇ بايانلىرى بىزگە ئىلھام ۋە قوزغىش تۇيغۇسى ئاتا قىلسا ئەجەب ئەمەس. «ئېتىلىۋاتقان مۇشت ئابدۇرەھمان، ئابدۇشۈكۈرلەرنىڭ مۇشتى ئەمەس، پۈتۈن بىر ئەلنىڭ مۇشتى، ئارزۇسى، قەھرىمانلىقتا چوقۇنىدىغان مىللەتنىڭ قەھرىمانلىق ئارقىلىق قەددىنى رۇسلاش ئىستىكىنىڭ بوكس ئارقىلىق ئۆز ئىپادىسىنى تېپىشى.» (قاراڭ: ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىي: «باتۇرلۇق شەجەرىسى - مۇشت ئىلھامى تۇغقان خىياللار»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى 2002 - يىل 1 - سان ⑤. «ئۇلارنىڭ

ھەر قېتىملىق غالىبلىقى، مەردانىلىقى بىزنىڭ كەلگۈسىمىزگە ئوقۇلغان ئىرادە، روھ ۋە جەڭ قەسىدىسى. ئۇلارنىڭ مۇشتىدىن چىققان سادا بىزگە سادىر پالۋان ۋە ئۇنىڭ قوشاقلىرىنى، سۇتۇق بۇغراخان ۋە ئۇنىڭ يۈرۈشلىرىنى ئەسلىتىدۇ.» (قاراڭ: ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىي: «باتۇرلۇق شەجەرىسى ـ مۇشت ئىلھامى تۇغقان خىياللار»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2002 ـ يىل 1 ـ سان) ⑥ . خەلقىمىزدىكى ئەركەكلىك تەبىئىتىنىڭ بارا ـ بارا سۇسلىشىپ كېتىشى، غۇرۇر تۇيغۇسىنىڭ ئاجىزلىششى تراگېدىيىلىك قىسمەتلەرنىڭ ئانىسى. «ئۇيغۇرلار تارىختا قەدىمىي مىللەت بولۇپلا قالماي، قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق، قارامىلىققا چوقۇنۇپ كەلگەن مىللەتتۇر... ئۇلار چوقۇنغان قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق روھى بۇ خىل ۋۇجۇد ئەۋزەللىكىگە روھ ئەۋزەللىكىنى قوشۇپ، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنى تارىختا كىشى پەخىرلەنگۇدەك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئىگە قىلغان.» (قاراڭ: ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىي: «غەلىبە، سەن نەدە؟»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2000 ـ يىل 6 ـ سان) ⑦ . شۇنداق، باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئىستىلاچىلىق يۈرۈشلىرىدىن سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئېتىقاد جەڭگاھلىرىغىچە؛ سۇلتان سەئىدخاننىڭ جەسۇرانە باھادىر سىماسىدىن سادىر پالۋاننىڭ مەردانىلىقلىرىغىچە، سېيىت نوچىنىڭ مەردلىكىدىن غېنى باتۇرنىڭ قەھرىگىچە نەزەر سالساق، ئەجدادلار روھىدىكى ئەركەكلىك، جەسۇرلۇق، باھادىرلىق؛ جىسمانىيىتىدىكى دەھشەت ۋە چەبدەسلىكتىن سۆيۈنىمىز. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، «يېقىنقى زامان تارىخىدىكى بېكىنمىچىلىك ۋە تەپەككۇر چۈشكۈنلۈكى قاتارلىق ھەر خىل ئىجتىمائىي، تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن مىللىتىمىز 2 ـ ئەسىرگە كەلگەندە قەھرىمانلىق، باتۇرلۇقتىن مېھرىنى ئۈزمىدىيۇ، كىن ئۇنى يېڭى مەنىلەر بىلەن بېيىتالمىدى. پۈتكۈل دۇنيانىڭ قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق روھى تەنتەربىيە، سودا، تېخنىكا ئارقىلىق يېڭى پىقىش يولىغا ئېرىشكەن بىر پەيتتە، ئۇيغۇرلار 21 ـ ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىغا كەلگەندە ئاندىن غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاندى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق، قارامىلىق روھى مەھەللىۋى لۈكچەكلىك، ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ قېنىنى چېچىش، شارابخورلۇق، بەڭگىلىك، زەھەرلىك چېكىملىككە بېرىلىش، خوتۇنبازلىق شەكلىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى... نەپسىنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ ماددىي مەئىشەت ئالدىدا رەسۋا بولۇش، ھۆكۈمەت ۋە خەلقنىڭ، ۋىجدان ۋە ئىمانىنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ قېلىش بىزدە كەم تېپىلىدىغان ئەھۋال ئەمەس.» (قاراڭ: ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىي: «غەلىبە، سەن نەدە؟»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2000 ـ يىل 6 ـ سان)⑧ .

تىرىشچان ياش قەلەم ئىگىلىرىنىڭ بىرى بولغان ئابلىكىم ئابلىمىت تاغتېكىن خەلقىمىز تەبىئىتىدىكى ئەركەكلىكنى نامايان قىلغان ھېكايىسى «زىمىستان كۈيى» ⑨ نى ئوقۇغىنىمدا، بىزدىكى غۇرۇر ۋە ئەركەكلىكنىڭ تېخى تولۇق ئۆلگەنلىكىدىن گۇمانلاندىم. ناۋادا، زامانىمىزدىكى ئەرلەر ھەقىقىي ئەركەكلىكنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولسا، خەلقىمىزنىڭ ئۇلۇغ يازغۇچىسى، مەرھۇم زوردۇن سابىرنىڭ «ئانا يۇرت» ترىلوگىيىسىدىكى مۇختار باي بىلەن ئابلىكىمنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى ھېمت، نادىر پالۋان، داۋۇت بەگلەرنى ئەستايىدىل ئوقۇپ، پىكىر يۈرگۈزۈپ، يۈرىكىنى تىڭشاپ باقسا بولىدۇ. ئەدەبىياتىمىز، يازغۇچىلىرىمىزمۇ «زىمىستان كۈيى»دەك ئەركەكلىك سىمفونىيىسىنى چالالىسا ئاندىن خەلقنى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت مەقسىتىنى ھەقىقىي ئەمەلدە كۆرسىتەلىگەن بولىدۇ. شائىرلىرىمىز «ئەرنىڭ ئىپپىتى» ⑩ دەك باھادىرلىق خورىغا جۆر بولالىسا، ئەدەبىيات تېخىمۇ نۇرلانغان، ئەركەكلەر تېخىمۇ چۆچۈگەن بولاتتى.

4. دۇنيانى تونۇش ـ ئۆزىمىزنى تونۇپ ۋە ئېتىراپ قىلىپ مەۋجۇدلۇقىمىز ئۈچۈن تىرىشىشىمىزدىكى مۇقەررەر جەريان.

بىزدىكى ئۆزچىلىك ـ ئۆزىمىزنى تەڭداشسىز چاغلاش قاچانلاردا پەيدا بولغان، بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس. ئەمما 20 ـ ئەسىرنىڭ دەھشەتلىك ۋە قىيامەت كەبىي قايناملىرىدا ئارقا ـ ئارقىدىن سىنىپ، نىمجان ھالغا كەپقالغان خەلقىمىز خەق نەدە؟ بىز نەدە؟ دېگەننى ئويلىماي، ھەدەپ جاھاندا بىزلا بار دەپ كۆڭلىنى خۇش ئېتىپ ياشىدى. ھېچكىم شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىينىڭ ئۆلۈم گىردابىغا چۈشۈپ قالغانلىقىمىزنى ئەسكەرتىپ بەرگەن ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا قۇلاق سالمىدى.

«ھېلىمۇ جانسىزغا ئوخشايدۇ تېنىڭ،
شۇڭا يوقمۇ ئانچە ئۆلۈمدىن غېمىڭ؟
خەپ دېسەڭ، ئۇ چاغدا ئۆلگۈرمەي قالار،
شۇندا ئۇيغۇر سۆزىگە تەن بېرىسەن!»

ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىتتىن كېيىن بىز ئاخىرى تەن بەردۇق. بىز نەدە؟ جاھان نەدە؟ دېگەننى ئويلىنىپ كۆرۈشكە دەۋەتلەر بولدى. بۇ ھەقتە شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىي ئاللىقاچان:

«باشقىلار كۆكتە ئۇچۇپ، سۇدا ئۈزۈپ كەتتى يىراق،
مەن مىسال يالڭاياغ دەسسەپ تىكەن ماڭارىمەن.»

دېگەن بولسا، بەرقىي مىللىتىمىز بىلەن ئېچىۋېتىلگەن دۇنيانىڭ پەرقىنى مۇنداق سۈپەتلەيدۇ: «بىرى ئېشەك ھارۋىسىدا جاڭگالغا ئوتۇنغا كېتىۋاتىدۇ، يەنە بىرى كومپيۇتېر ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئالەم قاتنىشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ.» (قاراڭ: ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىي: «كۆز ئىچىدىكى كۆز، سۆز ئىچىدىكى سۆز»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2002 ـ يىل 4 ـ سان) ⑪ .

گەرچە بىز بىلەن ئىلغار مىللەتلەرنىڭ ئارىلىقى شۇ قەدەر يىراق بولسىمۇ، بىزنىڭ بۈگۈنكى روھىي سىلكىنىشكە يۈزلىنىۋاتقانلىقىمىز خاسىيەتلىك تاللاش. دۇنيادا يول تاپالماسلىقتىن ئېغىر كرىزىس يوق. بىز بىر نۇرانە يولنى بايقىغانىكەنمىز، شۇنداق بىر پۇرسەت بىلەن كەلگۈسىمىزنى نۇرلاندۇرالايدىغانلىقىمىزغا ئىشىنىشكە ھەقلىقمىز. ئەمدىكى گەپ مۇشۇ يولنى بايقىغانلار ۋە ئېچىپ مېڭىۋاتقانلارنىڭ مەدەت، پەرۋىشكە موھتاجلىقى، مەدەتكار، پەرۋىشكارلارنىڭ بولۇش ـ بولماسلىقىدا. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىي دەردۇ ـ غەملىرىنى دەپلا بولدى قىلماي، يول باشلىغاندەك بەرقىيمۇ كېسەلگە دىئاگنوز قويۇپ، رېتسېپىنىمۇ يېزىپ قولىمىزغا تۇتقۇزدى...

5. مەۋجۇد بولۇپ تۇرىمىز دەيدىكەنمىز، رېئاللىققا يۈزلىنىپ ئۆزىمىزنى كۈچلەندۈرۈشىمىز كېرەك.

بىزدە «سەن سالۇر، مەن سالۇر، ئاتقا ئوتنى كىم سالۇر»، «كۆمسەم پىشارمۇ، ياپسام پىشارمۇ» دەپ، دىلىغۇللۇقتا ھەممىنى تەقدىرگە باغلاش ئەقىدىسى كۈچلۈك بولغاچقا، رەھىمسىز رېئاللىق ئالدىدا بىچارىلەرچە ئىلاجىسىزلىق بىلەن ياشاش روھىمىزغا سىڭىپ كەتكەن. بۇ، بىزنىڭ روھىيىتىمىزدىكى خەتەرلىك ئۆسمە. بىز ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ «كاتتا»لىقىنى پەش قىلىپ قانچىكى خام خىيالغا غەرق بولساق، شۇنچە ھۇرۇنلىشىپ كېتىمىز. پەقەت رېئاللىقنى توغرا مۆلچەرلەپ ئورنىمىزدىن دەس تۇرۇشلا مەۋجۇد بولۇشىمىزنىڭ كاپالىتى. رېئاللىقنى توغرا تونىغاندا ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

ۋەھالەنكى، ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈش دېگەنلىك ھەرگىزمۇ تاماقنى كۆپ يەپ سەمرىش دېگەنلىكنى بىلدۈرمەيدۇ، بەلكى روھىي، ئەقلىي، ئىلمىي، جىسمانىيەت جەھەتتىن، مۇھىمى پسىخىك جەھەتتىن ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈش كېرەك، دېگەنلىك. ئادەتتە «بىر مىنۇت، بىر سېكۇنتنىمۇ قولدىن بەرمەي، تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئىلىم ـ پەننىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقايلى» دەپ جار سېلىپ، ئەڭ تۆۋەن پەللىسىگىمۇ يېقىنلىشالمايۋاتىمىز. بۇ دەل باللاردىكى تەپەككۇرنى قوزغىتىشقا ئەھمىيەت بەرمەي، شەكلەن ـ ـ مايىسنى تارتىپ ئۆستۈرۈش خاراكتېرلىك تەلىم ـ تەربىيىنىڭ نەتىجىسى. يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، ھە دېسىلا دەرس يادلاش، قولىقى يۇمشاق بالا بولۇشقىلا مەجبۇرلاپ، تەنھەرىكەتچى، رەسسام، ناتىق، ھەرىكەتچان، پائالىيەتچان، ئەمەلىي تەجرىبىگە ماھىر بالا بولۇشقا سەل قاراشنىڭ ئاقىۋىتى. بۇ خىل ئومۇمىي يۈزلىنىشلىك تەلىم ـ تەربىيە ئەندىزىسى پۈتكۈل مىللەتنى سەبىيلىكىدىن تارتىپ بوش، شاتۇتىسىمان، تەپەككۇرسىز يېتىلدۈرۈپ پاجىئەگە دۇچار قىلىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، چوقۇم ئۆزىنى تونۇش ۋە كۈچلەندۈرۈشنى باللىقتىن باشلاش كېرەك. بۇنىڭغا بىزنىڭ مائارىپ تۈزۈلمىمىز قانداق قارايدىكىن؟

**6. ئەخلاقىي بۇزۇلۇش ـ ئۆز ـ ئۆزىنى نابۇت قىلىش جەريانى.**

بەرقىي مۇلاھىزە بىلەن ئوبراز يارىتىش ئارقىلىق ساغلام ئەخلاق ۋە جەمئىيەت كەيپىياتى بولۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇنىڭ رېئاللىقىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان ئەخلاقىي بۇزۇلۇش ھەققىدىكى تەلقىنلىرى تەسىرچانلىقى بىلەن ھەر بىر قەلبكە سالمىقى ئېغىر سوئاللارنى قويىدى. «رەڭلىك ئولتۇرۇش» ⑫ پوۋېستى بىلەن ئوبراز ۋاستىسى ئارقىلىق تېخىمۇ تەسىرچانلىققا ئىگە قىلماقچى بولدى. ئۇنىڭ مۇنداق قىزغىنلىقى ۋە مۇددىئاسىنىڭ توغرىلىقىغا ئاپىرىن ئېيتىش كېرەك. لېكىن ئۇ ئوبرازنى كۆڭۈلدىكىدەك يارىتالمىدى. پوۋېست ۋەقەلىكى سۇنئىي، ئالدىراش ـ سالدىراش بولۇپ، غالىب، پەرھاد، ھەسەنلەرنىڭ دۇچ كەلگەنلىرى، «مەن»نىڭ ساختا ئالىيجانابلىقى ئادەمنى ئىشەندۈرەلمىگەننىڭ ئۈستىگە گۆھەرنىڭ تۇيۇقسىزلا بىر ياخشى نىيەتلىك يىگىتكە ياتلىق بولۇشىدەك ئويدۇرما تېخىمۇ ئىشەنچسىز. بەلكىم بەرقىي ياخشى نىيەتلىك يىگىت ئوبرازى ئارقىلىق يولدىن چىقىپ كېتىۋاتقان قىزلارنى قۇتقۇزۇۋېلىشىمىز كېرەك، دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرمەكچى بولغاندۇ، بۇ ئەلۋەتتە بارلىق ئەركەكلەرنىڭ بۇرچى. ئەمما بۇ بىر خىل زورۇقۇش خاراكتېرلىك ئۇتوپىيە. جەمئىيىتىمىزدىكى ئەخلاقىي جەھەتتىكى بۇزۇلۇش ۋە چۈشكۈنلۈك زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ يامرىشىغا ئوخشايدۇ. دۇنيا مىقياسىدا زەھەرلىك چېكىملىكنى ھەمكارلىشىپ چەكلەش دولقۇنىغا يېرىم ئەسىر بولاي دەپ قالدى. لېكىن زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچىلەر يىلسېرى، كۈنسېرى كۆپەيسە كۆپەيدىكى، ئازايمىدى. بۇنىڭ تۈپ سەۋەبى نەدە؟ ھەرقايسى دۆلەتلەر زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چەكلەشتە زەھەرلىك چېكىملىك ئۇۋىسىنى چۇۋۇپ تاشلاشنى ئەمەس، بەلكى زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى يۆتكىگۈچىلەر، يوشۇرغۇچىلار، ئېلىپساتارلار، چېكەرمەنلەرنى چەكلىگەنلىكىدە. شۇڭا بىرنى تۇتسا ئونى، ئوننى تۇتسا يۈزى پەيدا بولۇپ، زەھەرلىك چېكىملىكلەر سەلدەك يامراپ كەتتى. بىز بىر گۆھەرنى قۇتقۇزۇۋالساق، ئون گۆھەرنى كوچىغا چىقمايدۇ، دەپ كىم ھۆددە قىلالايدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئونلىغان گۆھەرلەرنى ئۆز قوينىغا ئالالايدىغان يىگىتلىرىمىز يېتىشەرمۇ؟ بىزدە ئەخلاق چۈشكۈنلۈكى ۋە بۇزۇلۇشنىڭ يىلتىزىنى چېپىپ تاشلىغۇدەك پالتا بارمۇ؟ بار، لېكىن چاپالمايمىز! بۇ دېگەنلىك ھەرگىزمۇ بۇزۇلۇشقا قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرۇش كېرەك دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر ئەركەك ھەر بىر قىزنى ئۆز قىزىمىز ۋە سىڭلىمىزدەك ئاسرىشىمىز، ئەڭ مۇھىمى ئۆزىمىز پاتقاققا سۆرەپ كىرىدىغان خومسىلىق، نامەردلىك، بەتبەختلىكنى قىلماسلىقىمىز لازىم. گەرچە بۇنىڭ ئۇنۇمى ئۇزۇل ـ كېسىل بولمىسىمۇ.

**7. مائارىپىمىز، ئەدەبىياتىمىز ئىسلاھ قىلىنىش، ئاسراشقا موھتاج، تەتقىقاتقا تېخىمۇ موھتاج.**

بەرقىي بىر قەلەم ئىگىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتى، ئۆتمۈشى، بۈگۈنى ۋە كەلگۈسىگە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن كۆڭۈل بۆلۈپ، ئەستايىدىل تەتقىقات يۈرگۈزسە، بىر مائارىپچى بولۇش سۈپىتى بىلەن نىمجان ھالدا ماھىيەتتىن ياتلىشىپ كەتكەن مائارىپىمىز ھەققىدە ئۆكۈنۈشىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە مائارىپنى ئىسلاھ قىلىش ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ...

خۇلاسە كالام، بەرقىي بىز ئۇيغۇرلارغا مۇنداق جاكارلايدۇ:

ئەي ئۇيغۇر، تىنىپ كېتىۋاتقان ئەجداد روھى ۋە ئەركەكلىك تەبىئىتىنى ئەقىل ۋە پەزىلەت بىلەن نۇرلاندۇرۇپ ئەسلىگە كەلتۈر!

ئەجدادلارنىڭ باھادىرلىق، جەسۇرلۇق، مەردانىلىقىنى 21 ـ ئەسىرگە خاس پاراسەت، دۇنياغا يۈزلىنىشتەك جاسارەت بىلەن قايتا نامايان قىل!

قېنىڭدىكى ئىلىم، سەنئەت، تەنتەربىيە روھىنى تېخىمۇ نۇرلاندۇر!

پايانسىز ئاسىيا دەشتلىرىدە كېزىپ يۈرگەن سودا ئېڭىنى ئەقىل، بىلىم ۋە سوغۇققانلىق، يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن بىرلەشتۈر!

ۋادەرىخ، بۇ جاكارغا قۇلاق سالىدىغان ئەزىمەتلەر قانچىلىك؟

## ئىزاھلار

① ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىي: «كۆز ئىچىدىكى كۆز، سۆز ئىچىدىكى سۆز» 173 ـ بەت.

② يۇقىرىقى كىتاب 298 ـ بەت.

③ يۇقىرىقى كىتاب 301 ـ بەت.

④ يۇقىرىقى كىتاب 178 ـ بەت.

⑤ يۇقىرىقى كىتاب 154 ـ بەت.

⑥ يۇقىرىقى كىتاب 155 ـ بەت.

⑦ يۇقىرىقى كىتاب 231 ـ ، 232 ـ بەتلەر.

⑧ يۇقىرىقى كىتاب 232 ـ ، 233 ـ بەتلەر.

⑨ بۇ ھېكايە «تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىل 1 ـ سانىدا بېسىلغان.


⑩ غوجىمۇھەممەت مۇھەممەتنىڭ بۇ نەسرى «تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ 2003 ـ يىل 2 ـ سانىغا بېسىلغان.

⑪ «كۆز ئىچىدىكى كۆز، سۆز ئىچىدىكى سۆز» 299 ـ بەت.

⑫ بۇ پوۋېست «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىل 4 ـ سانىغا بېسىلغان.

---

ئاپتور: قەشقەر ۋىلايىتى ئەرزىيەت ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچىسى



# تەپەككۇر مېۋىلىرى

## ئۇنداق ـ مۇنداق گەپلەر

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسىدىكى ئەقلىيىلەرنىڭ بارغانچە سەرخىللىشىشى، ئۇيغۇر پەلسەپىچىلىكى تاكامۇللىشىۋاتقانلىقىنىڭ بىر بەلگىسى.

▲ گۇناھنىڭ مەنبەسى ئىككى: بىرى ـ يوقسۇزلۇق، بىرى ـ بايلىق.

▲ ھەقىقەتكە يوشۇرۇنغان ساختىلىق ئەڭ بىخەتەر بولىدۇ.

▲ دۇنيا ـ دۇنيا پۇلۇڭ بولسا تۈگەيدۇ ئاخىر،
ھەرپ ـ ھەرپ بىلىم يىغ، كۆكلەيدۇ زاھىر.

▲ ئىنساننىڭ ھاياتى مۇزىكىغا ئوخشايدۇ، ئۇ ھامان ئاخىرلىشىدۇ.

## تەپەككۇر كۆزى

▲ تاتلىقنى تاتلىق قىلىمەن دېسەك، ئاچچىققا ئايلىنىدۇ.

▲ ئازاب ـ ھەقىقەتنىڭ ئەڭ ياۋۇز ئانىسى.

▲ باشقىلارغا ئارتۇقچە يول قويۇش ـ ئۆزۈڭنى بارا ـ بارا پەسلەشتۈرۈشتىن باشقا نەتىجە بەرمەيدۇ.

▲ مۇھەببەتتە كۆپىنچە ئادەملەرنىڭ مەغلۇب بولۇشىدىكى سەۋەب، ئېرىشىشنىلا كۆزلەپ، بەدەل تۆلەشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىدا.

▲ بىلىمسىزلىكىڭنى بىلىمگەنلىكىڭدىن ئەمەس، بىرىلمىگەنلىكىڭدىن كۆر.

▲ ئەسلىمىزنى بىلمەكچى، كەلگۈسىمىزگە دىئاگنوز قويماقچى بولساڭ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئوقۇغىن.

▲ پۇل ھەممىگە ھۆكۈمران بولۇشقا باشلىغاندا ھەقىقەت يېتىم قالىدۇ.

▲ شېئىر ـ مۆكۈۋالغان پىكىر.

▲ ئۆزۈڭدىن ھالقىيالىساڭ، ئاندىن ئۆزۈڭنى تاپالايسەن.

▲ سەن دۇنياغا ھەيرانلىق كۆزۈڭ بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىبرەت

كۆزلۈك بىلەن قارا. چۈنكى ھەيران قېلىش نادانلارنىڭ ئىشى بولسا، ئىبرەت ئېلىش ئاقىللارنىڭ ئىشىدۇر.

—ئابدۇرەھمان ئابدۇلكەرىم ئەلىيەقىنى

---

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە ساغان يېزا سايباغ كەنتىدە، ناۋاي

## قانلىق قاداقلار

▲ خوراز چىللايدىغان تاڭلار ئورنىغا خورەك ياڭرايدىغان تاڭلار ئالمىشىۋاتىدۇ.

▲ ئادەم بولۇشنىڭ ئۆزى ئالەمنى بىلىشتۇر.

▲ ئانىلارنىڭ ئۆمۈر تارىخىنى ۋاراقلىساڭ، بۇ تارىختا پەقەت بىرلا سۆز يېزىلغان بولىدۇ. ئۇ بولسىمۇ «بالا» دېگەندىن ئىبارەت.

▲ ئانىلىق ھوقۇق بىلەن ئاتىلىق ھوقۇق ئوخشىمايدۇ. چۈنكى ئالدىنقىسىغا ئېرىشىش تەس، كېيىنكىسىگە ئېرىشىش ئاساندۇر.

▲ دۇنيا شۇنىڭ ئۈچۈن گۈزەل تۇيۇلىدۇكى، بىزنىڭ ئۇنىڭدىن ئالىدىغان نېسىۋىمىز بار. دۇنيا شۇنىڭ ئۈچۈن رەزىل تۇيۇلىدۇكى، ئۇنىڭ بىزدىن ئالىدىغان نېسىۋىسى بار.

▲ قىزلارنىڭ ئازابى قىزىقىشتىن باشلانسا، ئوغۇللارنىڭ ئازابى ئېزىقىشتىن باشلىنىدۇ.

▲ ئاياللاردىن يولباشچى سايلىماي ئانىلاردىن يولباشچى سايلاڭلار.

▲ قايسى قەۋمنىڭ مەدىكارلار نىسبىتى يۇقىرى بولسا، شۇ قەۋمنىڭ خوجايىنلار نىسبىتى تۆۋەن بولىدۇ.

▲ ھازىرقى جەمئىيەتتە مەلۇم دەرىجىدە ئىجتىمائىي ئورنۇڭ بولمىسا، ئىرادەڭنىڭ كارغا كېلىشى تەسكە توختايدۇ.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، ھەقىقىي تەرتىپلىك جەمئىيەتتە قانۇن ـ نىزام، تەدبىر ـ سىياسەتلەر ئاز بولىدۇ.

▲ ئىمام ساختا بولسا جامائەتنى ئالدايدۇ، مەنسەپدار ساختا بولسا ھاكىمىيەتنى (ئالدايدۇ).

▲ جەمئىيىتىمىزدە ئەۋج ئالغان ئەخلاقسىزلىق قىلمىشلىرىنىڭ سەۋەبىنى خاس سىرتقى مەدەنىيەتتىنلا ئىزدىمەي ئۆز مەدەنىيىتىمىزدىنمۇ ئىزدەپ كۆرەيلى. چۈنكى ئۆلىمىز مۇستەھكەم بولغان بولسا، سىرتقى كۈچلەرمۇ ئاسانلىقچە تەۋرىتەلمەيتتى ئەمەسمۇ؟...

▲ ھەل بولۇش يولى تەس بولغان ئىشنىڭ ھېكمەت بېرىش يولى كەڭ بولىدۇ.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، ئادىل ھۆكۈمدارغا ئادىللىق ھەمشىرىك، قابىل ھۆكۈمدارغا «قاتىللىق» ھەمشىرىك بولىدۇ.

▲ ھېسسىياتنىڭ رولى شۇكى، ئۇ سىنى ھەر قېتىم شەيتانغا يېقىنلاشتۇرىدۇ.

▲ ياخشىلارنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلاش خۇددى ھەرە كۆڭىكىدىكى ھەسەلنى ئېلىپ يېگەنگە بەكمۇ ئوخشايدۇ.

▲ تارىختىن ساۋاق شۇكى، ئائىلە بالىلارغا زىيانكەشلىك قىلسا، بالىلار تىرىك يېتىمگە ئايلىنىدۇ، مەكتەپ بالىلارغا زىيانكەشلىك قىلسا، بالىلار تىرىك مۇردىغا ئايلىنىدۇ، جەمئىيەت بالىلارغا زىيانكەشلىك قىلسا، بالىلار جىنايەتكارغا ئايلىنىدۇ.

▲ يۈرەككە داۋا ئىككى قوۋۇز ھەق گەپ ئاڭلاي دېسەڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسىنى كۆرگىن.

▲ ئېتىقاد سۇسلاشقان ئەلدە ئەرلەر نائىنساپلارغا ئايلانسا، ئاياللار نائىلاجلارغا ئايلىنىدۇ.

▲ ئاياللار ئاجىزلىقنى ئالدانغاندا ھېس قىلىدۇ.

▲ بۇ دۇنيادا ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئارزۇ ئەڭ بۈيۈك بولىدۇ.

▲ ئاياللار پەسكەش بوپكەتكەن جەمئىيەتتە ئەرلەر ھەزىلەك مەجىز بولۇپ ياشايدۇ.

▲ ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا قويغان تەلىپى چەكتىن ئاشقاندا ئائىلە بۇزۇلىدۇ، ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە قويغان تەلىپى چەكتىن ئاشقاندا جەمئىيەت بۇزۇلىدۇ.

▲ قوشناڭنىڭ ئايالىنى ئوبدان كۆزىتىپ قوشنىدارچىلىق قىل، بولمىسا خوتۇنۇڭدىن ئايرىلىپ قالىسەن.

▲ بۇ دۇنيادا سەن سۆيىدىغان نەرسە قالمىغاندىمۇ قىيامەت قايىم بولۇشقا باشلايدۇ.

▲ پۇتكۈل ئۆمرىنى پەقەت بىر ئەرگىلا ئاتىغان ئايالنى «پەرىشتە» دېسەك، پۇتكۈل ئۆمرىنى پەقەت بىر ئايالغىلا ئاتىغان ئەرنى «خىزىر» دېيىشىمىز كېرەك.

▲ ئەرلەر ئاجىز ئاياللارنى ئاني تاپسا، ئاياللار ئاجىز ئەرلەرنى ئېلىۋەتكەن تىرىنقىمۇ ئالمايدۇ.

▲ جەمئىيەت سىنى ئەڭ رەزىل ۋە ئەڭ پەسكەش ئىشلارنى قىلىشقىمۇ، شۇنداقلا يەنە ئەڭ بۈيۈك ۋە ئەڭ ئېسىل ئىشلارنى قىلىشقىمۇ مەجبۇرلاپ قويۇشى مۇمكىن، مانا بۇ جەمئىيەتنىڭ ساڭا كۆرسەتكەن كاساپىتى ۋە كامالىتىدۇر.

▲ ئايالىڭنىڭ ئاشنىسى دوستۇڭدىن چىقسا، ئېرىڭنىڭ ئاشنىسى قوشناڭدىن چىقىدۇ.

▲ ماھىيەت ئاشكارىلانسا، ھەۋەس ـ ئىشتىياق ئاجىزلىشىدۇ.

▲ تارىخىي كىتاب ـ رومانلارنى ئوقۇپ شۇنى بىلدىمكى، نادانلار ھوقۇقدار بولسا مۇناپىقلار كۆپەيگەن، دانالار ھوقۇقدار بولسا دانىشمەنلەر كۆپەيگەن.

▲ بىر مىللەت ئىچىدىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق تراگېدىيە ـ قىزلارنىڭ تەربىيىسىز قېلىشى.

▲ دىنىنىڭ ماھىيىتى بىلەن پەننىڭ ماھىيىتى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەچكە، دۇنيادا تۈرلۈك كرىزىس ۋە ئەشەددىي خىرىسلار كېلىپ چىقتى.

▲ تارىخىي كىتاب ـ رومانلارنى ئوقۇپ شۇنى بىلدىمكى، جەمئىيەتتە كىمنىڭ سۆزلىرى بەكرەك تاش باسسا، شۇ جەمئىيەتتىكى بارلىق ئىشلار شۇ كىشىنىڭ تارازىسىدا تارتىلغان.

▲ ئىنسانىيەتنىڭ بەختسىزلىكى تەبىئەتكە قىلىنغان ئاسىيلىقتىن باشلىنىدۇ.

▲ تارىخىي كىتاب ـ رومانلارنى ئوقۇپ شۇنى بىلدىمكى، تارقىتىلغان ئىدىيە تەرغىباتلىرىنىڭ ئىخلاسمەن مۇخلىسلىرى بولمىسا، بۇ ئىدىيە تەرغىباتلىرى شۇ جەمئىيەتنىڭ ھەقىقىي سەپسەتىسىگە ئايلىنىپ

www.uyghurkitap.com

قالغان.

▲ ئالىملارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى داھىيلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى بىلەن تەڭلەشكەن جەمئىيەت ھەقىقىي گۈللەنگەن جەمئىيەتتۇر.

▲ سەن ئۆز خاتالىقىڭنى پەقەت ئېزىققان ۋاقتىڭدىلا تونۇپ يەتكەچكە، تۈرلۈك پاجىئەلەر سېنى چىرماپ بولدى.

▲ ئاتا كەلتۈرۈپ چىقارغان ئازابنى ئانا كۆتۈرەلەيدۇ. ئەمما ئانا كەلتۈرۈپ چىقارغان ئازابنى ئاتا كۆتۈرەلمەيدۇ.

▲ ئەڭ ئىشەنچلىك مەخپىيەت ئېيتىلمىغان سۆزدۇر.

▲ ئەڭ تېز ئۇنتۇلىدىغان سۆيگۈ ئەڭ ئاسان قوبۇل قىلىنغان سۆيگۈدۇر.

—مەھمۇتجان يانتاق

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە يامانيار يېزا گەمالك كەنتىدە، دېھقان

*　　*　　*

▲ بىنالار بارغانسېرى ئېگىزلەۋاتىدۇ، باي ـ كەمبەغەللەر پەرقى بارغانسېرى چوڭىيىۋاتىدۇ.

▲ مەلۇم نەرسىنىڭ كۆزگە كۆرۈنمىگەنلىكى ئۇنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. شۇنىڭدەك مەلۇم كۆز قاراشنىڭ ئىدىيىگە ئۆتمىگەنلىكى، ئۇنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ.

▲ هاراقنى دوست تۇتسام دوستۇم كۆپەيدى، ئەمما ئەقلىم ئازايدى؛ كىتابنى دوست تۇتسام دوستۇم ئازايدى، ئەمما ئەقلىم كۆپەيدى.

▲ «قىزلار ـ پەرىشتە» دېمە، شەيتان كەبى قىزلار بار،
«قىزلار ـ شەيتان» دېمە، پەرىشتە كەبى قىزلار بار.

▲ ئۇزاق يىللار ئىزدىدىم، نەدىدۇر دەپ ئىنسان ماھىيتى،
بەردى توغرا جاۋابنى بۇ سۆيۈملۈك «شىنجاڭ مەدەنىيتى».

▲ تارىخىي كىتاب ـ رومانلاردىن شۇ ھەقىقەت ئايانكى، تۇرمىگە ئىككى تۈرلۈك كىشى كىرگەن: بىرى، يولدىن چىققان نادانلار، يەنە بىرى، «يولدىن چىققان ئاقىل»لار.

—ئابدۇقەييۇم ئىسلامىي

---

ئاپتور: ئۈرۈمچى خۇڭيەنچى ئېلېكتر 2 ـ ئىستانسىدا پراكتىكانت

▲ تۇز تاماق تەمنى تەڭشىگىنىگە ئوخشاش، «شىنجاڭ مەدەنىيتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسى بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز ۋە كەيپىياتىمىزنى تەڭشەپ تۇرىدۇ.

—كەرىمئاي قادىرىي

---

ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى كومپيۇتېر فاكۇلتېتى 2001 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ قىزلىق قىممەت ۋە ئاياللىق ماھارەت خوتۇن ـ قىزلار تۇرمۇشىدىكى ئىككى مۇھىم تېما. بىلىڭكى، قىزلىق قىممەتنىڭ يادروسى ئىپپەت بىلەن ئەدەب ـ ئەخلاق، ئاياللىق ماھارەتنىڭ يادروسى ۋاپا بىلەن ناز ـ كەرەشمىدۇر.

—ئەھەت مامۇت

---

ئاپتور: كۇچا ناھىيە چىمەن بازار كالتە پەيلۇ كەنتىدە، دېھقان

## خىيال دەپتىرىمدىن پارچە ـ پۇراتلار

▲ يامغۇردىن كېيىنكى ھاۋا بەك ئوچۇق بولغىنىدەك، قايغۇ ـ ئازابتىن قۇتۇلغاندىكى كۆلكە شۇنچە تاتلىق بولىدۇ.

▲ ھېچكىم قىلىشنى خالىمىغان ئىشنى قىلساڭ، باشقىلارنىڭ ئاتا چۇشەنچىسىگە قالىسەن.

▲ ياخشىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ناچارلارغا سېلىشتۇرۇپ ماختاش ئەمەلىيەتتە ياخشىلارغا قىلىنغان ھاقارەت.

▲ ۋاقىت بىلەن پۇرسەتنىڭ تەتۈر تاناسىپ بولۇشى ئادەمنى ھەممە نەرسىدىن مەھرۇم قىلىدۇ.

▲ قىزلارنىڭ رەھىمسىزلىكى ئوغۇللارنى، ئوغۇللارنىڭ بوشاڭلىقى قىزلارنى بۇزىدۇ.

▲ يۈزىدە نىقابى بار كىشىلەر كۆپىيىپ كەتكەچكە، بۇ جاھان ياخشى ـ ياماننى پەرق ئېتەلمەيۋاتىدۇ.

▲ پەقەت ئىجادىيىتىڭلا ئۆزۈڭدىن پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان نەرسەڭ.

▲ بەزىدە چۈشىنەلمىگەن نەرسە ئەڭ مۇقەددەس بىلىنىدۇ.

▲ قىزلار يىغا ئارقىلىق ئازابنى يېنىكلەتسە، ئوغۇللار يىغا ئارقىلىق ئۆز ئازابنى تېخىمۇ ئېغىرلىتىۋالىدۇ.

▲ ئوڭۇشسىزلىق ھامان ئوڭۇشسىزلىقنى ھەل قىلىش تەدبىرلىرىنىڭ شەرتلىرى بىلەن قوشۇلۇپ بىللە ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

▲ ئەشەددىي دۈشمىنىڭدىن بەكرەك نىيىتى بۇزۇلغان دوستۇڭدىن ئەنسىرە. چۈنكى ئوتۇن يارىدىغان پالتىنىڭ سېپىمۇ ياغاچ ئىدى.

▲ بىراۋنى «ئالدامچى» دەپ تىللاشتىن ئىلگىرى ئۆزۈڭنىڭ نېمىشقا ئالدىنىپ قالغانلىقىڭ ئۈستىدە ئويلان!

▲ تەبىئىي ئۇنتۇلۇپ كەتمىگەن ئىشلار ئادەمنى مەڭگۈ ئازابلايدۇ.

▲ خەتەرنىڭ تىنچ مۇھىت ئىچىدىكىسى ئەڭ چوڭ بولىدۇ.

▲ ئەگەر قىز ـ ئوغۇللار تانسىخانا، دىسكوخانا ۋە ئەسكى بۇلۇڭ ـ پۇچقاقتىن چىقالىغان بولسا، «مۇھەببەت» سۆزى كىشىلەرگە ئۇنچە شاللاق ئاڭلانمىغان بولاتتى!

▲ ئېرىشكىنى ئۈستىدە قۇرۇق گەپ ساتىدىغانلار ئەمەلىيەتتە ھەممىدىن مەھرۇم قالغانلاردۇر.

—ئابدۇغېنى ئابدۇرەھمان

---

ئاپتور: ئاقتۇ ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 8 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

*　　*　　*

▲ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسىلا ھەقىقىي ئىختىساسلىق بولۇپ يېتىشىپ چىقالمىغىنىدەك، دېھقانلارنىڭمۇ ھەممىسىلا ساۋاتسىز، نادان ئەمەس. ئىشەنمىسەڭ «شىنجاڭ مەدەنىيتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسىدىنلا كۆرۈۋال.

▲ ھاراق ئىچكىنىڭ ــ ئۆز قېنىڭنى ئىچكىنىڭ.
تاماكا چەككىنىڭ ــ ئەزرائىلنىڭ ئىشىكىنى چەككىنىڭ.

▲ يۇرتۋازلار ــ ئارىمىزدىكى ھەقىقىي بۆلگۈنچىلەردۇر.

▲ ئوقۇتقۇچى سىنىپقا تاماكا پۇراپ كىرسە، ئوقۇغۇچى ھاراق ئىچىپ كىرىدۇ.

▲ كىشىلەر ھەمىشە گۈلنى «كۆكگۈل» سۈپىتىدە سوۋغا قىلىشىدۇ، ئەمما گۈلنىڭ قۇرۇپ تۈگەيدىغانلىقىنى بىلمەمدىغاندۇ؟

▲ ياشلىق دېمەك ــ قەدىرىگە يەتمىگەنلەرنىڭ كۆزى «ياش»لىق دېمەكتۇر.

▲ غەيۋەت ــ مىللەتكە يۇققان سارىس.

▲ گەپ مەندىن، چۈشىنىش ئۆزۈڭدىن.

▲ ئارىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆمرى كۆپىنچە بالىلىقتا گۈزەل ئارزۇ ــ ئارمان بىلەن، ياشلىقتا ئويۇن ــ تاماشا بىلەن، قېرىغاندا پۇشايمان بىلەن ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئوقۇساڭ ئارىمىزدا كىتاب ئوقۇيدىغانلار بەك كۆپتەك، ئەتراپىڭغا نەزەر سالساڭ كىتاب ئوقۇيدىغانلار بەك ئازدەك.

▲ بوز تورغايلار نالە قىلىپمۇ،
چىقالمايدۇ ئەسلا قەپەستىن.
ۋىچىرلىشىپ يۈرگەن قۇشقاچنى
سولاپ قويساڭ توختار نەپەستىن.

—ئابلىتىپ توختى

---

ئاپتور: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئىقتىساد فاكۇلتېتى 2000 ــ يىللىق 1 ــ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## سۈزۈك تامچىلار

▲ مېنىڭچە، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ بۈگۈنكىدەك شانۇ ــ شۆھرەتكە ئىگە بولۇشى ــ بىرىنچىدىن، دېھقانلار تۇرمۇشى بىلەن زىيالىيلار تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، سەھرا بىلەن شەھەرنى تۇتاشتۇرىدىغان «كۆۋرۈك» بولغانلىقىدىن بولسا، ئىككىنچىدىن، ھەققانىيەت يولىنى تۇتقانلىقىدا.

▲ «مىللىتىمىز ئۇنداق سەۋەبتىن گۈللىنەلمەيۋاتىدۇ، بۇنداق سەۋەبتىن گۈللىنەلمەيۋاتىدۇ...» دەپ جوراپ يۈرگەن كىشىلەر بىمارنىڭ كېسىلىنى تاپالايدىغان ئەمما شۇ كېسەلگە قارىتا دورا بۇيرۇيالمايدىغان «چالا دوختۇر»لاردۇر.

▲ ۋىجدان ــ كىشىلەرنى چىن ئىنسانىي خىسلەت بىلەن ياشاشقا ئۈندەيدىغان غايىۋى سادا.

—ئېلى بۇراۋىدىن (بۇركۇت)

---

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە 1 ــ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى

## قىرتاق تۇيغۇلار

▲ ئادەم مۇۋەپپەقىيەت ۋە شان ــ شۆھرەتكە ئېرىشكەندە ئەتراپىدىكى يېقىن دوستلىرى يىراقلىشىدۇ، چوقۇنغۇچىلىرى كۆپىيىدۇ.

▲ ھازىرقى زامان ئەرلىرىنىڭ «مەدەنىيەت» ئىگە ئاياللارنى بوزۇقلۇق كوچىسىغا باشلىدى ۋە كۆزلىرىمۇ قونچاققا ئايلاندى.

▲ پەقەت «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىلا «ئەسەر»نى تونۇيدۇ. قاچانكى باشقا مۇھەررىرلەر «ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت»نى خىزمەت خاتىرىسىدىن چىقىرىۋەتسە، شۇ چاغدا ئالقىشقا ئېرىشەلەيدۇ.

▲ مۇھەررىرلەرنىڭ گېزىت ــ ژۇرناللارنىڭ يۈزىنى تۈگەل قاپلايدىغان شېئىرلىرىدىن ئىشخانا پۇراپ تۇرىدۇ.

▲ قىزلار ئاپئاق بىر ۋاراق قەغەزگە ئوخشايدۇ، داغ تەگكەندە ھەممە تاشلايدۇ.

## ھايات دەقىقىلىرى

▲ سەن ئۆز تەبىئىتىڭنى پەردازلاپ كۆرسىتىشكە قانچە تىرىشساڭ سېنىڭ ئېھمىنلىرىڭ شۇنچە كۆرۈنۈپ قالىدۇ. ھەتتا پەردازلانغان تەبىئىتىڭ ئالدىدا ئەسلىدىكى ئىجابىي تەبىئىتىڭمۇ باشقىلارغا سەلبىي ۋە چاكىنا كۆرۈنىدۇ.

▲ قىيىن ــ قىستاق، رىنجىش ــ مۇشەققەتتە ياشىغان كىشى بىر بولسا قەھرىمان بولىدۇ، بىر بولسا خۇشامەتچى ــ خائىن.

▲ پۇرسەتنىڭ قاچان كېلىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

—جاناگۈل قەييۇم

---

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە ساغان يېزىسىدا، دېھقان

* * *

▲ «مەڭگۈ» دېگەن سۆزنى كۆپ قىلىدىغان كىشىلەر ئەمەلىيەتتە كۆپىنچە ۋەدىسىدە تۇرالمايدىغان كىشىلەردۇر.

▲ ھەقىقىي دوستۇڭ سېنىڭ سايەڭ ئەمەس، بەلكى ئەينىكىڭدۇر.

▲ نەپرەتلەر ئىچىدە ئۆز ــ ئۆزىدىن نەپرەتلىنىشتىنمۇ دەھشەتلىكرەكى بولمىسا كېرەك.

▲ بىراۋغا زىيادە مەپتۇن بولغىنىڭ، ئۆزۈڭنى يوقىتىپ قويغانغا باراۋەر.

—غۇنچەم توختى

---

ئاپتور: بۈگۈر ناھىيە دادولان يېزا دېھقانلار كەنتىدە، دېھقان

## كارۋان ھېسلىرى

▲ ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋاتقان لەگلەككە ھەۋەسلەنمە، ئۇ ھەر قانچە ئېگىز ئۇچسىمۇ يەنىلا بويىندىن باغلاقلىق.

▲ ئىت پەقەت ئىگىسىنىڭ ھالقى ۋە بويىنغا سالغان زەنجىرى ئارقىلىقلا ئادەم چىشلەيدىغان ئىتقا ئايلىنىدۇ. ئىگىسىدىن ئايرىلىپ قالغۇدەك بولسا ئادەم تۇرماق سايىسىدىنمۇ قاچىدۇ.

▲ ئادەمگە چوقۇنۇشتىن ئىلگىرى ئۆزۈڭنىڭمۇ ئادەم ئىكەنلىكىڭنى ئويلاپ قوي.

▲ ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ كەشپىياتلىرىغا مەست بولۇپ، ئۆزىنىڭمۇ بىر كەشپىيات ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇشتى.

▲ ھەي ئىنسان، سېنىڭ ئادەم بولۇشىڭغا ھاياتىڭمۇ بەك يەنە قانداق پۇرسەت كېرەك ئىدى؟

▲ مۇشتقا مۇشت تەڭلىيەلمىسەڭ، ئۇنداقتا خۇشامەتكە تەييارلىنىپ قوي.

ــقۇربانجان ئابدۇقادىر

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى هاياتلىق ۋە مۇهىت ئىلمى فاكۇلتېتى جۇغراپىيە كەسپى 2001 ـ يىللىق 9 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ غەپلەتتىكى خەلق ئۈچۈن بىر لۇشۇن، بىر پۇشكىن، بىر گەندىي... كېرەك.

ــئابدۇخالىق مەتتۇرسۇن (قاراقۇت)

ئاپتور: كېرىيە ناهىيە ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ خىزمەتچىسى

## مېنىڭچە بولغاندا...

▲ قانۇننى بىر قۇش دېسەك، ئۇنداقتا دېموكراتىيە بىلەن كىشىلىك هوقۇق ئۇنىڭ ئىككى قانىتى. بۇ قانات مۇكەممەل بولسىلا هەرقانداق ئىقتىدار ئىگىسىنى تىلى ۋە تېرىسىگە قارىماي هاكىمىيەت تەختىگە ئەچىقالايدۇ.

▲ خەلقنىڭ ئالا ـ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش دېگەنلىك، سىياسىي تەلىم ـ تەربىيە ئارقىلىق خەلقنى هۆكۈمەتكە مايىل قىلىش، دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ ئىنسانغا خاس بولغان ئىلغار خۇسۇسىيەتلىرى (سىياسىي مەدەنىيلىك)نى يېتىلدۈرۈشكە هەيدەكچىلىك قىلىش ۋە ئۇنى قېزىش دېگەنلىكتۇر.

▲ كىم ساڭا بەكرەك ئاتىدارچىلىق قىلسا، شۇنىڭ ئالدىدا تىلىڭ ئەڭ قىسقا بولىدىكەن.

▲ ئىدىيە ئۈرۈشىنىڭ ۋاقتى ئۇزاق بولغان بىلەن غەلىبىسى پاكىز بولىدىكەن؛ قورال كۈچى بىلەن ئېرىشكەن غەلىبە تېز بولغان بىلەن «ئەگەشمە كېسەللىكى» كۆپ بولىدىكەن.

▲ ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ تەقدىرى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئاپىرىدە بولغان «سېنىڭ» ۋە «مېنىڭ» دېگەندىن ئىبارەت مۇشۇ ئىككى تۆرەلمىنىڭ تالاش ـ تارتىشى ئىچىدە جان تالىشىپ كېتىۋ.

ــتۇرسۇن تۇردى

ئاپتور: قاراماي كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى ئاهالىلەر كومىتېتىدا

* * *

▲ «كۈندىلىك خاتىرە» گەپ قىلالمايدىغان، ئەمما ۋاقتى كەلگەندە سىرلىرىڭنى ئاسانلا پاش قىلىپ قويىدىغان «دۈشمەن».

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر مېۋىلىرى» سەرلەۋھىسىدىكى نادىر ۋە شېرىن مېۋىلەردىن هوزۇرلىنىپ جەمئىيەتمىزدە، ياق مىللىتىمىز ئارىسىدا دانا ـ ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ يەنىلا مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى هېس قىلىپ روهىم خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى.

▲ مېنىڭچە، تۇنجى مۇهەببەت خۇددى بىر جاراهەت. جاراهەت ساقىيىدۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن قالغان تاتۇق ساقايمايدۇ.

▲ پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى پەقەت نەرسىلەرنىلا ساختا قىلىپ ئىشلەپچىقىرىپلا قالماستىن، «ساختا ئادەم»لەرنىمۇ كۆپلەپ مەيدانغا كەلتۈرۈۋاتىدۇ.

ــ«گۈلى»

ئاپتور: غۇلجا شەهىرىدىكى مەلۇم مېهمانخانىدا كۈتكۈچى

▲ تۈزىتىش تەس بولغان يامان ئىللەت بەدىنىدىكى جاهىل خاراكتېرلىك ئۆسمە.

▲ كۆزىڭىزنى ئېچىڭ، ئوقۇتقۇچى! ئادەم تەربىيىلەشتىكى ئەڭ چوڭ پۇرسەت سىزگىلا بېرىلگەن.

▲ يازغۇچى بولالمىساممۇ مەيلىتى، يالغانچى بولمىسام.

▲ ئۆز روهىي دۇنيايىڭىز هەققىدە ئويلانغىڭىز كېلەمدۇ؟ ئۇنداق بولسا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا قاراڭ.

▲ مەغلۇبىيەت دېگەن نېمە؟

ــئۆزۈڭنى توغرا چۈشەنمەسلىكىڭ.

ــيەنە مەغلۇبىيەت دېگەنچۇ؟

ــئۆزۈڭ ئەڭ يېقىن كىشىلىرىم دەپ يۈرگەنلەر ئارىسىدا ئىشەنچىسىز بوپقېلىشىڭ.

ــمۇهەممەدۇن جەلىل

ئاپتور: لوپ ناهىيە «مۇزتاغ» سېمونت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ لابورانتى

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ بالىنىڭ قانداق ئادەم بولغىنىغا قاراپ، ئانىنىڭ پەزىلىتىنى بىلگىلى بولىدۇ.

▲ كۆلكە ـ كۆلگەنىڭ ساختىلىشىشىدۇ.

▲ خۇشامەت ـ هازىرقى جەمئىيىتىمىزدىكى ئىقتىدارسىزلارنىڭ جان بېقىش يولى.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى مەنىۋىيەت چۆلىدە چاڭقىغان مۇشتەرىلەر ئۈچۈن سۈيى ئۈزۈلمەس بۇلاق.

▲ كۆز ـ تەلمۈرگەنىڭ تورلىشىشىدۇ، قول ـ ئالدىرىغانىڭ گالىلىشىشىدۇ، بىلىم ـ ئۆگەنگەنىڭ چوڭقۇرلىشىشىدۇ.

▲ بىز ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز چۈشەنمەيۋاتقان يەردە، باشقىلار قانداقمۇ چۈشەنسۇن؟!

▲ هاراق سورۇندا بېرىلگەن ۋەدە ـ بوتۇلكىدىكى هاراققا ئوخشاش شۇ سورۇندىلا تۈگەيدۇ.

▲ ئىچ سىرىڭنى باشقىلارغا تۆكۈپ بېرىشىڭ — ئۆزۈڭگە دۈشمەن ئىزدىگىنىڭ.

ــئابابەكرى مەهمۇت

ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2003 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## روه غەليانلىرى

▲ مۇئەللىمنىڭ دېيىشىچە، بۇرۇن ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز نەيزە بىلەن قىلىچقىمۇ باش ئەگمەپتىكەن. هازىرقى رېئاللىقىمىزغا قارايدىغان بولساق، نۇرغۇنلىرىمىز هاراق بىلەن تاماكىغا باش ئېگىۋاتىمىز.

▲ مائارىپى تەرەققىي قىلمىغان مىللەتنىڭ كەلگۈسى خۇنۇك بولىدۇ. ئارمىيىسى كۈچلۈك دۆلەتنىڭ دۈشمىنى كۆپ بولىدۇ.

▲ مەست ئادەم خۇددى كوچىدىكى نىجاسەتكە ئوخشايدۇ.

▲ غەربنىڭ ئەبجەش مەدەنىيىتى ئالدى بىلەن قىز ـ چوكانلىرىمىزنىڭ تۇرمۇشىغا پادىچىلار كىيىمى بىلەن هوللىۋۇدنىڭ خىيالىي هېكايە ـ فىلىملىرى ئارقىلىق بۆسۈپ كىرگەن بولسا، مانا ئەمدى

ھەرخىل ھۆسن تۈزەش ئوپېراتسىيىسى، ئايالالار توپلىشىپ ھاراق ئىچىش، ئاشىندارچىلىق ۋە قىسمەتلىرى ئىپپەت-نومۇسنى سېتىش... قاتارلىق ئايالالار «ئەركىنلىكى» پائالىيەتلىرى بىلەن راۋاج تېپىۋاتىدۇ.

▲ ھەركىم ئۆزى قىلغان ئىشقا ئۆزى ئىگە بولغان بولسا ئىدى، دۇنيا بۇنچىلىك رەئۋازلىققا تولماس ئىدى.

▲ ئېتىقادى سۇس ئادەم ئاسانلا باشقىلارغا چوقۇنىدۇ.

## خىياللىرىمنى بۇزغان ھېسلار

▲ ئۆزۈڭ بىلمەيدىغان ئىشقا يولۇققاندا ئېغىزىڭنى چىڭ يۇم، كۆزۈڭنى يوغان ئاچ!

▲ تېنىنى سېتىپ جان بېقىۋاتقان ئايالالارنى پاھىشە دېدۇق، ئۆزىنىڭ قېنىنى ساتىدىغان ئەرلەرنى نېمە دېگۈلۈك؟

▲ «پۇل دېگەن قولنىڭ كىرى» دېگۈچىلەر بىر بولسا پۇلغا قاتتىق چوقۇنغۇچىلار، بىر بولسا پۇلنى بۇزۇپ چاچقۇچىلاردۇر.

▲ نىجاسەتكە چالما ئاتساڭ ئۆزۈڭگە چاچرىغاندەك، يامانغا يانتاياق بولساڭ، زىيانىنىڭ چوڭىنى ئۆزۈڭ تارتىسەن.

▲ تۇرمۇشتا ئېنىق بىر نىشان ۋە قىزىقىشى بولمىغان ئادەم نىجاسەت ئىشلەپ چىقىرىدىغان ماشىنىدۇر.

—ياسىنجان ئۆمەر

---

ئاپتور: پىچان ناھىيە تۇيۇق يېزا 1-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ تارىخىي كىتاب-رومانلارنى كۆرۈپ شۇنى بىلدىمكى، ئازىز مىللەتتىن يارامىلىق ئادەملەر ئاز چىققىنى بىلەن، خۇشامەتچى-چېقىمچىلار كۆپ چىققان.

—جۇرئەت نىزام

ئاپتور: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش ئارمىيىسى 5-دىۋىزىيە مىللىي ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى مەن شۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى كۆرىمەنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسى ئارقىلىق نۇرغۇن كىشىنىڭ تەپەككۇرىغا يول ئاچتى.

—بەھرىنىسا ئادىل

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ تۇرمۇشىمىزدا بىز بىلمىگەن ھالدا نۇرغۇن نەرسىنى ئىجاد قىلىۋېتىمىز، ئەمما بۇنى ئۆزىمىز سېزەلمەيمىز.

▲ ھەرخىل تۈر ۋە شەكىلدىكى دورىلارنىڭ كۆپلەپ ياسىلىشى بىلەن كېسەللىكلەرمۇ تەرەققىي قىلماقتا.

▲ بىز ئوزۇقلانغاندا «مۇسۇلمانچە» دېگەن سۆزگە تولىمۇ ئېتىبار بېرىمىز. نېمە ئۈچۈن ئىچكەندە، چەككەندە «مۇسۇلمان» دېگەن سۆزگە ئېتىبار بەرمەيمىز؟

—باھارگۈل روزى سەبۇرىي

---

ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھەر 29-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇقسىز 2-يىللىق 9-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## چوغسىرىغان چوغ

▲ ئالەمدىكى ئىجاد-ئىختىرالارنىڭ ئەڭ كاتتىسى-ئۆز-ئۆزىنى يارىتىشتىن ئىبارەت.

▲ خاراكتېر-ۋۇجۇد مەملىكىتىدىكى جاھىل مۇستەبىت.

▲ ھەر قانداق يوقۇملىنىشنىڭ ئىچىدە ئەڭ خەتەرلىكى-ئىدىيىنىڭ يوقۇملىنىشى.

▲ ئەرلەرمۇ ياش تۆكىدۇ. ئۇلارنىڭ قولياغلىقى-ئۆزىنىڭ يۈرىكى.

▲ ئەخمىقانە ئوي-پىكىر بىلەن تولغان كاللا-مۇھتى پاكىز ئەخلەتخانا.

▲ ئىللىقلىقنى سېزىدىغان قەلبىڭ بولسىلا، جاھاننىڭ مۇزلىشىدىن ئەنسىرىمە.

▲ جاھاننىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىگە ئىشىنىشتىن ئىلگىرى، ئىدىيەڭنىڭ بۇزۇلۇشقا باشلىغانلىقىغا ئىشەن.

▲ باشقىلار ياندۇرغان چىراغنىڭ كەينىدە سەن پەقەت سايە.

▲ ئەقىلسىزلارلا نادان ئەمەس، ئۆزىنىڭ ئادىدىي ئەقىلىدىن سۆيۈنىدىغانلارمۇ ناداندۇر.

▲ بىزدىكى پىكىر قىلىدىغان بارلىق ئېغىزلار بىر قېتىملىق ئورۇنلۇق سۆكۈتكە ئېرىشەلىگەن بولسا ئىدى، ئارىمىزدىن ھەقىقىي پىكىر چىققان بولاتتى.

▲ ياشلىرىمىز ئارىسىدىكى ئەدەب-ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشىدا، ئاتا-ئانا بولۇش سالاھىيىتى يوق كىشىلەرنىڭ بولغانلىقى ئەڭ گەۋدىلىك سەۋەب.

▲ يىغلاۋاتقان ئادەمگە تەسەللىي بەرگۈچى، تېخىمۇ كۆچلۈك يىغىغا سەۋەبچى بولىدۇ.

▲ باشقىلارنى تەپەككۇر قىلىشقا ئۈندەش-بارلىق ياردەملەر ئىچىدىكى ھەقىقىي ياردەم، ھەقىقىي غەمخورلۇق. چۈنكى تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىقلا ماھىيەتكە چوڭقۇرلىغىلى بولىدۇ. مەدەنىيەت ساپايىمىزنىڭ ئۆسۈشىگە داۋراڭسىز مېھنەت سىڭدۈرۈۋاتقان «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسى بىزنى تەپەككۇرنىڭ پارلاق مەنزىلىگە باشلىغۇسى!

—نامانجان تۇرسۇن قاراتېكىن

---

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە ئاچچىق يېزىسىدا

* * *

▲ قوي ياۋاشلىقى بىلەن كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرىدۇ. ئەمما ھەيرانمەن، بىر قوي سۇغا سەكرىسە، قالغانلىرىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ توسۇۋالغىلى بولمايدىكەن.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسىنى ئوقۇۋاتقان چېغىمدا، ئۆزۈمنى ھەقىقەت دۇنياسىنىڭ تەپەككۇر تاشقىنلىرىدا ئۈزۈۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن.

▲ ئەسەرلىرىمىزنى مۇھەررىرلەر تەھرىرلىسە، مۇھەررىرلەرنى خەلق تەھرىرلەيدۇ.

—زۇلفىيە زاھىر

---

ئاپتور: كورلا شەھەر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش-

رېمونت قىلىش زاۋۇتىنىڭ مالىيە خادىمى

▲ خىيال تەپەككۇرنىڭ بۆشۈكى، گەپ سېنىڭ ئويغىنالىشىڭدا.

▲ ئەقىللىق كىشىلەر ئۈچۈن خىيال سۈرۈش پىلان تۈزۈش دې-مەكتۇر.

▲ تارىخىي كىتاب ـ رومانلاردىن شۇنى بىلىمىزكى، ھەق پاراڭ كۆپ ھاللاردا مەتبۇئات ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ ئېغىزى ئارقىلىق تارقىلىدۇ.

▲ تارىخنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن ئەمەلىيەت ھەقىقەتكە ئايلىنىدۇ.

▲ توۋا! دەپ قالىمەن، دادام بىلەن بالام ئوتتۇرىسىدا تەرجىمان بوپقالغىنىمغا!

—بەختىيار نىياز

---

ئاپتور: غۇلجا ناھىيە باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ۋاقىتلىق خىزمەتچىسى

▲ ئويلاپ قالىمەن، جەمئىيىتىمىزدە زادى قانچىلىك دېھقان ئۆز-زىگە بېغىشلانغان ھەقىقىي نەشر ئەپكار «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇۋاتقاندۇ ـ ھە؟

▲ بۇرۇن قورال كۆتۈرگەننى دۈشمەن دەپ ئاتىشاتتى. لېكىن ھازىر دۈشمىنىڭىز سىزنى مەغلۇب قىلمىغۇچە ئۇنى ھەقىقىي تونۇپ يېتەلمەيسىز. دېمەك، ھازىرقى رىقابەتكە تولغان بۇ دۇنيادىكى كىشى-لەر ئۆزئارا تونۇش دۈشمەنلەردۇر.

—ئايگۈل كۆرەش

---

ئاپتور: ۋۇخەن ئۇنىۋېرسىتېتى ئېلېكتر قۇرۇلۇشى فاكۇلتېتى 2002 ـ يىللىق 4 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ بىرەركىمگە يالۋۇرۇشقا باشلىدىڭمۇ، شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ھېچبىر ئىش قىلمايدىغان بولۇشقا باشلايسەن.

▲ بەزىلەرنىڭ ئالدىدا تولىمۇ بىپەرۋا بولۇۋېلىشى سېنى بىپەرۋا قىلىش ئۈچۈندۇر.

▲ سۆزلىمەكچى بولساڭ، ئاڭلىغۇچىلارنى چۈشەن.

▲ دۇنيادىكى مەشھۇر ئاتالغان بەزى كىشىلەرنى يالماۋۇز دەپ ئاتىساق ئەڭ ئەڭ توغرا بولىدۇ.

▲ قارشىلىق تاسادىپىي شەكىللىنىپ قالماستىن، بەلكى «ساڭا بې-قىپ مەن، ئىشىككە بېقىپ دەم»دىن كېلىپ چىقىدۇ.

▲ تارىخىي كىتاب ـ رومانلاردىن شۇنى بىلىمىزكى، ناخشىچىلار-نىڭ كۆپىلۈكى ـ خەلقنىڭ ئازابىدىن بوپكەلگەن.

▲ خەلقنى ئېزىش ئۈچ خىل بولىدۇ: جىسمانىي، ئىقتىسادىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئېزىش. ھازىرقى دۇنيادا ھەممىدىن بەك كۆچنى كۆرسىتىۋاتقىنى روھىي جەھەتتىن ئېزىش بولماقتا.

▲ تارىخىي كىتاب ـ رومانلاردىن شۇنى بىلىمىزكى، ئەزەلدىن تارتىپ سىياسىيونلارنىڭ ئەڭ چوڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىلار يەنىلا يازغۇچىلار بوپكەلگەن.

▲ ئادەم تەپەككۇرى باشقۇرۇلۇشقا يۈزلەنگەندە ئادەمنىڭ قىم-مىتى قالمايدۇ.

▲ 90% خەلقى دېھقان بولغان رايونىمىزدا دېھقان ئۈچۈن ھەق گەپ قىلىپ، خەلق بىلەن پارتىيە، ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدا «كۆۋرۈك» بولۇۋاتقان «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا بەزىلەرنىڭ «ئىچى ئۆتتۈپ سۈرۈپ» كېتىشىنىڭ سەۋەبى، ئۇلار خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشكەن.

▲ مەجبۇرلاشتىن قارشىلىشىش كېلىپ چىقىدۇ.

▲ ئادەم خۇشھال بولغاندا «ئەما» بوپقالىدۇ.

▲ «كۆزى ئوچۇق كەتتى»نىڭ مەنىسىنى بىلمەكچى بولساڭ يا-سىر ئەرافاتقا قارا.

▲ پەقەت قەغەزچە ئىمتىھاننىڭ تەقدىرنى ئۆزگەرتىۋاتقانلىقىدىن «قەغەز» چىلىكنىڭ بازىرى مولىلىشىۋاتىدۇ.

▲ ئىمكانىيەت بولسىلا تاللايدىغاننى تاللاپ، شاللايدىغاننى شال-لاش كېرەك. بولمىسا «پۇشايمان» ئۆزىنىڭ مەنىسىنى بىلدۈرۈۋې-رىدۇ.

▲ ھاكىمىيەتنىڭ ئۇلغارلىقى ـ خەلقچىللىقتۇر.

—غوپۇرجان ياقۇپ (سەگەك)

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە يېڭىئېرىق يېزا قومۇلۇق مەكتەپ ئو-قۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر خامىنىدىن چەشلەر

▲ مەن «ئىدىيىنى ئازاد قىلىش» دېگەن سۆزنى خەلقىمىزنىڭ «كونا ئەنئەنىدىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىش» دەپ چۈشىنىپ قېلىشىدىن بەكمۇ ئەنسىرەيمەن.

▲ ھاياتنى قىمارغا ئوخشاتقان تۇرۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن ئازراقمۇ تەۋەككۈل قىلىشقا پېتىنالمايسەن؟

▲ ئايال زاتىنىڭ ئىچىدە ئەرلەر بويسۇنۇشقا تېگىشلىكى پەقەت ئانىلاردۇر.

▲ ئۇزۇن چاچ ـ ئاياللارنىڭ نازاكىتى، شەرم ـ ھايا ياراتقۇچىنىڭ ئۇلارغا بەرگەن ئامانىتىدۇر. مۇشۇنداق ئاياللارنىڭ مۇھەببىتىگە نا-ئىل بولۇش، ياراتقۇچىنىڭ ھەقىقىي بەرگەن مۇكاپاتىدۇر.

—شىرمۇھەممەت تۇردى (تارىم)

---

ئاپتور: غۇلجا ناھىيە ئۈچئون خويزۇ يېزا مىللىي 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئىجتىمائىي پەن سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇردىن پارچىلار

▲ سەن غەلىبە قىلغاندا سەن ئۈچۈن ئالقىش ياڭراتقانلار (كۆپىنچىسى) سەن مەغلۇب بولغاندىمۇ يەنىلا ئالقىش ياڭرىتىدۇ.

▲ مەن ئىزدىگەن نەرسىلىرىمنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزۈمدە بار ئى-كەنلىكىنى ئۇ نەرسىلەرگە ئېرىشكەندىن كېيىن بىلدىم.

▲ ھازىرقى ياشلىرىمىزدىكى مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىش ئۆلچىمى: ئۇزۇننى قىسقارتىش، كالتىسىنى ئۇزارتىش، ئىچىنى ئەمەس تېشىنى، مېغىزنى ئەمەس شاكىلىنى... قوبۇل قىلىش بولماقتا.

▲ تىل ـ ئىنسانلارنى ھايۋانلاردىن پەرققە ئىگە قىلغان بولسا، تەپەككۇر ھايۋانلارنى باشقۇرۇشقا ئىگە قىلغان.

▲ ئەرنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى ۋاپاسىز خوتۇن.

▲ بىر دانىشمەن ماڭا: «ئوشۇق دۆلەت باشنى يارمايدۇ» دېگە-نىدى. لېكىن ئوشۇق دۆلەت باشنى ئەمەس، پولاتتەك مۇستەھكەم

ئېتىقاد ـ گۇماننى يارماقتا.

▲ ئۆزۈڭنىڭ قانچىلىك كەڭ قورساق ئىكەنلىكىڭنى قوشناڭنىڭ بالىسى ئوغلۇڭنىڭ كۆزىدىن ياش چىقارغاندا بىلىسەن.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، ئەيش ـ ئىشرەت قاپلىغان جەمئىيەتتە ئەدەب ـ ئەخلاق بىچارە، سىياسەت كۆپ ئەلدە قانۇن بىچارە، زالىملار كۆپ ئەلدە خەلق بىچارە، نادانلار كۆپ ئەلدە ئالىملار بىچارە.

▲ ئالىملار قەدىرلىگەن نەرسىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى دەرھال ئايرىپ پۇل قىلغىلى بولمايدۇ. ئەمما ئۇ ئەڭ قەدىرلىك، ئەڭ قىممەت. نادانلار قەدىرلىگەن نەرسىلەرنى دەرھال پۇل قىلغىلى بولسىمۇ، ئەمما ئۇ مەڭگۈ قەدىرسىز.

▲ «يەكچەشمىنىڭ شەھىرىگە بارساڭ بىر كۆزۈڭنى قىسۋال» ـمانا بۇ ئېتىقادى سۇسلارنىڭ يۈرەك سۆزى.

▲ مەنىسىنى بىلمەي قوبۇل قىلىنغان سوۋغا ـ تاتلىق زەھەرگە ئوخشايدۇ.

—ھاشىمجان رەھمەت

---

ئاپتور: ئۈرۈمچى كەسپلەر ئۇنىۋېرسىتېتى تەييارلىق 2004 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ ئايالار كىيىملىرىنىڭ كۆپلۈكىنى پەقەت كىر يۇيغاندىلا ھېس قىلىدۇ.

▲ نادانىنىڭ مىڭ تېپىرلىشىدىن، دانانىڭ بىر قىمىرلىشى ئەۋزەل.

—ھەلىمە مەھمۇت

---

ئاپتور: پىچان ناھىيە تۈيۇق يېزا پەنجەن باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمەسى

▲ پادىشاھنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئادىللىقىدا، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۇلۇغلۇقى قابىللىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.

▲ ياشلىقتىكى مۇھەببەت تاشقا مۆھۈر باسقاندەك، ئوتتۇرا ياشتىكى مۇھەببەت ئۇرۇق ـ تۇغقاندەك، قېرىغاندىكى مۇھەببەت چاقماق چۈشكەندەك بولىدۇ.

—ھۆسەنجان نامان

---

ئاپتور: ئاۋات ناھىيە 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر چۇقانلىرى

▲ تۈيغۇ ۋە غايەمدىكى مەنزىلىمگە يېقىنلاشقان ۋاقتىم «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئوقۇغان دەقىقىلىرىمدۇر. چۈنكى بۇ نەشر ئەپكارى ھەقىقەتكە تويۇنغان ھېكمەتتۇر.

▲ باشقىلار قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان ئىشنى قىلغۇچى، باشقىلار ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولمىغان ئىنقىلابنىمۇ ئاڭلىغۇچىدۇر.

▲ دۇنيا بىردىنبىر نامراتلىق باشقىلاردىن ئۈمىد كۈتۈشتۇر.

—قۇربانجان يۈسۈپ

---

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە ساغان يېزا يېكەنكۆل كەنتىدە، دېھقان

## ھېسسىي تۇيغۇلار

▲ يېڭىلىققا ئىنتىلمەيدىغان ئادەمگە ھايات مەڭگۈ بىر ئىزدا توختاپ قالىدۇ.

▲ سېنى مەڭگۈ جەلپكار قىلىدىغان بىر نەرسە بار، ئۇ بولسىمۇ تىرىشچانلىق.

▲ ئۆزىنى نامايان قىلىشقا ئامراق ئادەملەرنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى باشقىلاردا ئاسانلا بىمەنىلىك، چاكىنىلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ.

▲ قىلغان ياخشى ئىشىڭنى ئەڭ ياخشىسى باشقىلار بايقىسۇن، ئۆزۈڭ سۆزلەپ يۈرسەڭ ئەھمىيىتىنى يوقىتىدۇ.

—پاتىگۈل تۇرسۇن

---

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە يەكشەنبە بازار يېزا خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەتچىسى

* * *

▲ ئىش ئورنىدىن قېلىش ـ بالاغەتكە يەتكەنگە ئوخشايدۇ.

▲ باينىڭ ئىسمى تونۇش، نامراتنىڭ ئۆزى.

—مەتتۇرسۇن مۇھەممەت

---

ئاپتور: لوپ ناھىيە بوْيا يېزا مەدەنىيەت پونكىتىنىڭ خىزمەتچىسى

## تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرى

▲ جىنسىي ئەركىنلىك ـ ھالاكەتلىك تەقدىرنىڭ ئاچقۇچى.

▲ ئىلىم ئەھلى خار ئەلدە نادانلارنىڭ كۈلكىسى، ئاقىللارنىڭ كۆز يېشى قاينايدۇ.

▲ مۇھەببەت نەپرەتكە ئايلانغاندا، گۈلمۇ تىكەن كۆرۈنىدۇ.

▲ قائىدە ـ تۈزۈملەرنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالغان كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ قەدىر ـ قىممىتى، كىشىلىك ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ھېس قىلىشتىن مەھرۇم.

▲ ئىنساندا دوستقا خاس پىدائىيلىق بولمايدىكەن، ئۇ خائىندىن باشقا نەرسە ئەمەس.

▲ ھوقۇقنىڭ ھەيۋىسى ھوقۇقسىزلارنىڭ ۋەھىمىسىدىن كەلگەن

▲ تارىختىن مەلۇمكى، سىياسەتنىڭ كۈچى قانۇندىن ئېشىپ چۈشكەندە، كارغا كېلىدىغىنى بىلىم، ئىقتىدار ئەمەس، ھوقۇق ۋە بايلىق!

▲ ناۋادا بىر ئايالنىڭ ۋەزىپىسى بالا تۇغۇش ۋە بېقىش بولىدىغانلا بولسا، ئۇنىڭ ھايۋاندىن نېمە پەرقى؟

▲ خاتالىقنى قارىغۇلارچە قوبۇل قىلىۋېرىدىغانلار بىر بولسا ئەقىلسىز ـ نادانلار، بىر بولسا ئامالسىز ـ بىچارىلەردۇر.

▲ ۋاقتى تۈگىمەس پارچە ـ پۇرات ئىشلار ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدىغان ئادەملەرنىڭ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىدىن سۆز ئاچما! ئۇلارنىڭ زېھنى تالاي يوللارغا چېچىۋېتىلگەن، ئۇلار مەڭگۈ يېرىم يولدا قالغۇچىلاردۇر.

▲ جان بېقىشنىڭ ئەمەس، ئىنسانىي كامىللىققا يۈزلىنىشنىڭ ۋاستىسى بولغان خىزمەت ھەقىقىي ئالىيجاناب خىزمەتتۇر.

▲ دوستۇم، خورلۇققا يولۇقماي دېسەڭ، باشقىلارنىڭ قاپىقىغا قاراپ ئەمەس، ئۆز مەنزىلگاھىڭغا قاراپ ئىش قىل!

—ئايىمنىسا سۇلايمان

---

ئاپتور: كېرىيە ناھىيە 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇئەللىمەسى

## كۈندىلىك خاتىرەمدىن ئۈنچىلەر

▲ يىگىت، ئايالىڭىزنىڭ بەدەنگە يېپىشىپ تۇرىدىغان تار، قىسقا

كىيىملەرنى كىيىشكە رۇخسەت قىلغىنىڭىز، ئۇنىڭ بەدىنىدىن باشقا ئەر. لەرنىڭ كۆزى ئارقىلىق ئورتاق بەھرلىنىشكە رازىلىق بىلدۈرگىنىڭىزمۇ؟

▲ مەن توغۇلغان كۈن سوۋغامنىڭ ئېسىل ئالماس ئۈزۈك بولۇشىدىن كۆرە، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ يېڭى سانى بولۇشىنى تولىمۇ خالايمەن.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ھەممىمىز ياقتۇرىمىز، سۆيۈپ ئوقۇيمىز. مېنىڭچە، ئوقۇپ بىردەملىك ھاياجانلىنىشلا كۇپايە قىلمايدۇ. ئۇنىڭدىكى ھەقىقەتلەردىن ئادەم بولۇش يولىمىزدا چىن مەنىسى بىلەن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ قىممەت ياراتساق، جەمئىيەتتە تەشۋىق قىلىپ مەزمۇنىنى تېخىمۇ بېيىتساق، بولسا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئازدۇر ـ كۆپتۇر ياردەمنى ئايىمساق، دەيمەن.

ـــمۇنىرە مۇھەممەتتۇرسۇن

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىياتى فا. كۇلتېتى 2001 ـ يىللىق 9 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ دۈشمىنىڭنى يېڭىشتىن بۇرۇن قەلبىڭدىكى قورقۇنچنى تۈگەت.

▲ ھەرقانداق جەڭنىڭ غەلىبىسى قوشۇندىكى جەڭچىلەرنىڭ باتۇر. لۇقىغا ئەمەس، بەلكى سەركەردىنىڭ تەدبىرىگە باغلىق.

▲ ھەقىقىي ئىشنىڭ ئىگىسى بىر.

▲ تەلەي ـ ئالقىنىڭدا.

ـــئادىل ھاشىم

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە باغچى يېزىسىدا، دېھقان

* * *

▲ خىزمەت جەريانىدا دېھقانلىرىمىزنىڭ نەقەدەر ئاق كۆڭۈل، مېھ. ماندوستلۇقىنى ھېس قىلدىم. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئارقىلىق دېھقانلىرىمىزنىڭ ھەقىقىي يۈرەك ساداسىنى چۈشىنىشكە مۇۋەپپەق بول. دۇم. بۇ ژۇرنالنىڭ دېھقانلىرىمىز ئۈچۈن ھەقىقىي بىر مۇنبەر ھازىرلاپ بەرگىنىگە بارىكاللا!

ـــئامىنەم ياقۇپ

---

ئاپتور: شىخو شەھەر دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكى. تىنىڭ خىزمەتچىسى

▲ تەبەسسۇم ـ دۇنيا تىلىدۇر.

▲ تەنتەربىيە مىللەتنىڭ غۇرۇرىنى ئىپادىلەيدۇ، سەنئەت مىللەتنىڭ خاراكتېرىنى.

▲ دۆلىتىم ۋە مىللىتىمنى ھاياتلىقىم مەنبەسى ـ قۇياش دەپ بىلسەم، ئانا تىلىمنى تۇنلەردە يولۇمنى يورۇتقان ئاي دەپ بىلىمەن.

ـــماھنۇر ھوشۇر

---

ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2001 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ تەقدىرنىڭ دەپتىرىدىن «كەمبەغەل» دېگەن خەت ئەمەس، «كەم ئەقىل» دېگەن خەت ئۆچرايدۇ.

▲ خوتۇنىڭنى ئەركە ئۆگەتمە، بولمىسا «بە» دىن باشقىنى بىلمەيدىغان تېكىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

ـــتۇرسۇن ھۈسەيىن ئەلقۇت

---

ئاپتور: گۇما ناھىيە كېلىياڭ يېزا خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەتچىسى

## ئابدۇللەتىف قارىينىڭ تۇنجى غۇدۇرۇشى

ـــئېتىز ـ ئېرىق ئارىسىدىكى خىياللار

▲ جالالىددىن رۇمىي ھەزرەتلىرىنىڭ «مەسنەۋىي شەرىف» دېگەن مۇبارەك ئەسىرىدە مۇنداق بىر ھېكايەت بار:

بىر تېرە ـ يۇڭ سودىگىرى سودا ئىشى بىلەن ماڭا ـ ماڭا مەخسۇس ئەتىر ساتىدىغان بىر بازارغا بېرىپ قاپتۇ. نەچچە ئون يىل سېسىقچىلىقتا يۈرگەن بۇ تېرىچىگە ئەتىر پۇرىقى تەسىر قىلىپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. شۇ بازاردا تۇرۇشلۇق تىجارەتچىلەر ئۇنىڭ تېرىچى ئىكەنلىكىنى بىلمەي، ئادەتتىكى ئادەم چاغلاپ قائىدە بويىچە ئۇستىگە ئەتىر چېچىپتۇ. ئەپ. سۇسكى، تېرىچى ھوشىغا كەلمەكتە يوق تېخىمۇ مەست بوپكېتىپتۇ... شۇ چاغدا بۇ يەرگە كۆپىنى كۆرگەن بىر كىشى كەپقاپتۇ. ئۇ كىشى تېرىچىنىڭ ئۇستۋېشىغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن ئىزدەپ يۈرۈپ بىر يەردىن بىر تال تېزەك تېپىپ تېرىچىنىڭ بۇرنىغا پۇراتقاندىن كېيىن تېرىچى شۇنىدىلا ھوشىغا كەپتۇ...

مەن شۇنداق ئويلاپ كېتىمەن: مۇشۇ كۈنلەردە «شىنجاڭ مەدەنىيە. تى» ژۇرنىلى باشلىق بىر مۇنچە ئېسىل ـ مەردانە مەتبۇئاتلار زامانىنىڭ سەلبىي كىر ـ قاسماقلىرى بىلەن قەلبى بۇلغانغان كىشىلىرىمىزگە بۇگۈن. كى زامانىۋى دۇنيادا ئۆزىنى تونۇش، ئادەمدەك ياشاش خۇسۇسىدا ئە. پار ـ ئەتىر كەبىي ھېكمەتلەرنى تەقدىم قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەپسۇسكى، ھېلىقى تېرىچىدەك غەپلەتتىن ئويغانماقتا يوق، تېخىمۇ ئۇخلاپ كېتىۋا. تامدۇ ـ نېمە؟ ياكى بىزگىمۇ تېزەك لازىم بوپقالدىمۇيا؟

▲ بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى ئارتىدىغانغا ھېلىمۇ شەيتان يارىلىپ قاپتۇ، بولمىسا نەگىمۇ يوشۇرار ئىدۇق. ياكى بىزنىڭ ساختا ماللارنى كۆيدۈرگەندەك، گۇناھ كۆيدۈرۈش مەيدانىمىز بولمىسا.

ـــئابدۇللەتىف مامۇت

---

ئاپتور: پىچان ناھىيە تۇيۇق يېزا شاكەنتىدە، دېھقان

* * *

▲ ھازىرقى شەھەر ئۆسمۈرلىرىنى سەھرادىكى ئوقۇتقۇچىلاردىن «بىلىملىك» مىكىن دەيمەن.

▲ تۇنۇگۈنكى ئىزىمىزنى ئۆچۈرمەك بولۇپ ھويلىنى سۈپۈرگىنىمىزدە، تەرەت كەشنىڭ ئىزىنى چۈشۈرۈپ ئۆتكىنىمىز قىزىق.

ـــروزىتوختى ئۆمەر

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىياتى فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ «ئەجدادلىرىمىز يەتتە ئۆلچەپ، بىر كەس» دېيىش ئارقىلىق ئىشنى پۇختا قىلىشنى تەكىتلەپتىكەن. ئەمەلىيەتتە ھازىرقىدەك ئۇچۇر تېخنىكىسى تەرەققىي قىلغان جەمئىيەت بىزنىڭ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، بىرلا قېتىم ئۆلچىشىمىز ۋە كېسىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

▲ ئەخلاق قىممىتىنى يوقاتقان جەمئىيەتتە قانۇن ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرماقچى بولسىمۇ، ھەقىقىي مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ.

▲ ئاتا ـ بالىنىڭ خاتالىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئەدەبلىمەكچى بولغاندا، ئاۋۋال ئۆزىنىڭ ئاتىلىق مەجبۇرىيىتىنى قانچىلىك ئادا قىلالىغانلىقىنى ئويلاپ

www.uyghurkitap.com

كۆرۈشى لازىم.

▲ ھەممەيلەننىڭ ئۆز تەقدىرىدىن زارلىنىپ، زاماندىن قاقشاشنى بىلىپ، ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ بىرەر چارىسىنى تاپالمىسا، بۇ خۇددى تىنچ كۆل يۈزىگە ئېتىلغان تاشنىڭ سۇ يۈزىدە بىردەملىك دولقۇن ھاسىل قىلىپ، كۆل تېگىگە جىمجىت چۆكۈپ كەتكىنىگە ئوخشايدۇ.

—ئەنۋەر ھەسەن

---

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى سىياسىي ـ تارىخ فاكۇلتېتى 2002 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ كۆپ ھەرىكەتلىنىپمۇ بىر دائىرىدىن چىقىپ كېتەلمەسلىك ئاجىزلىقنىڭ، كۆپ سۆزلەپمۇ بىر مەزمۇندىن ھالقىيالماسلىق بىلىمسىزلىكنىڭ ئىپادىسى.

—مەھمۇت كامىل

---

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە تۆگىچى يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## كۇسەن قىزىنىڭ تۇنجى تەپەككۇرى

▲ مەن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئوقۇغاندىن بۇيان «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسىدىن ئۆزىمىزگە خاس تەپەككۇرنىڭ نېمىلىكىنى چۈشىنىپ يەتتىم.

▲ «مىللەتنى ئەيىبلىگۈچە ئاۋۋال ئۆزۈڭنى ئەيىبلە». چۈنكى بىزدە: ئەينەكتە ئۆزۈڭنى تولۇق كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن باشقىلارغا قارات، دېگەن سۆز بار ئەمەسمۇ؟!

▲ بەزىدە شۇنداق ئويلاپ كېتىمەن: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى قولۇمدىن چۈشەرمىسەم، مۇمكىن بولسا ئۆزۈم ئوقۇپ بولۇپلا ئائىلەمدىكىلەرگە، ساۋاقداشلىرىمغا، ھەتتا مەھەللىمىزدىكى دېھقانلىرىمىزغا ئوقۇپ بەرسەم... لېكىن تولۇق ئوتتۇرىغا چىققاندىن بۇيان تاپشۇرۇق ۋە ئىمتىھانىنىڭ كۆپلۈكىدىن بەزىدە ئۆزۈممۇ بۇ مۇبارەك ژۇرنالنى ئوقۇيالمىغىلى تاس قالىمەن.

—ئىبادەت ھەسەن

---

ئاپتور: كۇچا ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 1 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ ئادەم قانداق كۈچىنىڭ قۇدرىتىگە ھەممىدىن بەك ئىشەنسە، شۇ خىل كۈچنىڭ چوقۇنغۇچىسىغا ئايلىنىدۇ.

▲ بىر ئادەمنىڭ ھاياتىي كۈچىنىڭ قانداقلىقىنى بىلمەكچىمۇ سەن؟ ئۇنداقتا، شۇ كىشىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ قىممىتى ۋە ئۇنى قانداق ھالەتتە قىلىۋاتقانلىقىغا قارا!

▲ تارىختىن مەلۇمكى، ئاقىللىرى نەپسىگە قۇل، مەنسەپدارلىرى پارىخور قەۋمنىڭ شۇكۇر ـ قانائەتتىن ئارتۇق دەسمايىسى بولمايدۇ.

—دۆلەتنىياز مۇھەممەتروزى

---

ئاپتور: لوپ ناھىيە دول يېزا 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇردىن تەرمىلەر

▲ بىز ئېقىن سۇلاردىن يول تېپىشنى ئۆگەنگەن. شۇڭا دۇنيادا ئادەم ئاياغ باسمىغان چۆللەر، ئىنسان يېشەلمىگەن سىرلار كۆپ.

▲ تارىختىن ساۋاق شۇكى، خەلقىگە شەيتاننى يول باشلىغۇچى قىلىپ قويغان ھاكىمىيەتنىڭ تەقدىرى بىر قېتىملىق تۇتقاق خۇماردا ئاخىرلىشىدۇ.

▲ ئالدىمىزدا كۆلدىمىغانلار سىندىن ئېھتىيات قىلىدىغانلار، كەينىمىزدە كۆلىدىغانلار ساڭا ھەسەت قىلىدىغانلار.

▲ قاچانلا قارىسا قىز ـ ئاياللىرىمىزدىنلا رەنجىپ يۈرىدىكەنمىز. ئوچۇق دەرس ئۆتتۈۋاتقان بەزى ھاياسىز تېلېۋىزىيە كۆرۈنۈشلىرىدىن ئاغرىنىشنى قاچانمۇ ئۆگىنەرمىز؟

—ئوسمانجان ياسىن

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە دامىسى يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## گۈلمەرەمنىڭ ئويلىغانلىرى

▲ مەن ھەرقېتىم «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى قولۇمغا ئالغىنىمدا قەلبىمنى بىر خىل ئىللىق سېزىم چۇلغىۋالىدۇ. خۇددى يېقىن دوستۇم بىلەن سىرداشقاندەك «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى بىلەن ئەركىن ـ ئازادە پىكىرلىشەلەيمەن. ئويلىغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى بەھۇزۇر ئېيتالايمەن.

▲ بىز جەمئىيەتكە ماسلىشالمىدۇق دېگەندىن كۆرە، جەمئىيەت بىزگە ماسلىشالمىدى، دېگەن توغرۇك. چۈنكى جەمئىيەتنىڭ يۆگىنى ـ ئىنسانلارنىڭ قولىدا.

▲ «سېنىڭ دوپپاڭنى مەن كىيسەم، ساڭا ئوخشامدىمەن يارىم؟» دېگەن سوئالغا قاچانكى ئېنىق جاۋاب تېپىلسا، كىشىلەر «مەدەنىيلەش»نىڭ نېمىلىكىنى بىلىۋېلىشى مۇمكىن.

—گۈلمەرەم ئىدرىس

---

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تىل فاكۇلتېتى 903 يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ نەشر ئەپكارلىرى چىرىكلەشكەن جەمئىيەتتە ئەتراپىنى خەلقنىڭ خورىكى قاپلايدۇ.

—پەيزۇللا ئابدۇۋاھىد

---

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە توپلۇق يېزا توپلۇق باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ سېنىڭ ئاچچىقلىنىشىڭ، تىللىشىڭغا سۈكۈت قىلىپ تۇرغان ئادەم بىر بولسا سېنىڭ ھەقىقىي دوستۇڭ، ياكى بولمىسا پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغان ئەشەددىي دۈشمىنىڭ بولۇشى مۇمكىن.

—نۇرئامىنەم ئالىم

---

ئاپتور: قەشقەر ۋىلايىتى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنىدا ئىشلەيدۇ

▲ دوزاخنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيمەن، ئەمما تارىخىي رومان ـ كىتابلارنى ئوقۇپ، ئۇنى پەقەت ئەزگۈچى ـ مۇستەبىتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى، ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيە بولمىغان بۇرۇقتۇرما ـ جاھالەتلىك جەمئىيەت، دەپ قىياس قىلدىم.

—ئوسمان ھۇسەن

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى تارىخ

كەسپى 2001 ـ يىللىق 5 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ سىياسەت، ئەمر ـ پەرمان، قانۇن ـ نىزاملىرى يەرلىككە ئۆز پېتى كەلگەن بولسىدى، دېھانلار ھەر خىل نامۇۋاپىق ئالۋاڭ ـ سېلىقلاردىن قۇتۇلۇپ «خان» ئاتالغان بولاتتى.

ـــھەبىبۇللا مۇھەممەتئىمىن

ئاپتور: ئاقتۇ ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ مەتبۇئاتلار «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ۋە باشقا توغرا جامائەت پىكرى يۆنىلىشىدە چىقىۋاتقان، ئىسلاھات روھىغا باي گېزىت ـ ژۇرناللاردەك خەلقنىڭ ھەققانىي ساداسىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرگەن بولسا، ھۆكۈمەت بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى چۈشىنىش تېخىمۇ چوڭقۇرلاشقان بولاتتى.

▲ يەر شارىنىڭ 70% ى دېڭىز، 30% ى قۇرۇقلۇق، دۆلىتىمىز نوپۇسىنىڭ 80% ى دېھقان، 20% ى باشقىلار. قارىغۇدەك بولساق دېھقانلار دېڭىزغا، قالغانلار ئۇنىڭدا ئۈزۈۋاتقان كېمىگە ئوخشايدىكەن. دېڭىزلاردا يۈز بېرىۋاتقان بەزى ۋەقەلەر ئادەمنى ئويلاندۇرماي قالمايدۇ.

ـــمۇتەللىپ ھوشۇر

ئاپتور: قەشقەر گەز كۆسەن دەريا باشقارمىسىنىڭ خىزمەتچىسى

▲ ئەي ئىنسان! دۈشمەننىڭ ئازارىغا يولۇقساڭ ئېھتىياتچان، دوستۇڭدىن ئازار يېسەڭ سەۋرچان بول.

ـــئابدۇرېشىت تۇردىھاجى

ئاپتور: بورتالا مۇزېيىنىڭ خىزمەتچىسى

## ھايات ھېكمەتلىرى

▲ يېشىڭ قانچە چوڭايغانسېرى ئاتا ـ ئاناڭنىڭ قەدرىگە شۇنچە يېتىسەن.

▲ باشقىلارنى ھەددىدىن ئارتۇق ماختاش، ماھىيەتتە ئۆز قىممىتىڭنى چۈشۈرگىنىڭ.

▲ بالىلىرىنى يەسلى ـ باغچىلارغا بېرىشقا زورلاۋاتقان ئاتا ـ ئانىلارغا قاراپ، ئۇ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ كەلگۈسىدىن ئەنسىرەپ قالدىم: ئاتا ـ ئانىلار قېرىغاندا بالىلىرىمۇ ئۇلارنى ساناتورىيىگە مەجبۇرلارمۇ دەپ. چۈنكى بۇ «ئۆتنە ئالەم» ئەمەسمۇ؟

▲ مەن كىنو ـ تېلېۋىزىيىدىكى تېتىقسىز كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈپ تېلېۋىزوردىن بىزار بولدۇم. رادىئونى قايلاپ كەتكەن ھاياسىز ئېلانلارنى تولا ئاڭلاپ ئاخىر بولالماي، رادىئودىكى ياخشى پروگراممىلارنىمۇ ئاڭلىماس بولدۇم. ئاخىر «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئوقۇپ، ھەقىقىي ئادەم بولۇشنىڭ يوللىرىنى ئىزدەيدىغان بولدۇم.

ـــبۇۋىخەلىچەم ئابدۇكېرىم

ئاپتور: خوتەن تېبىبىي مەكتەپ 2003 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەنھا تىۋىشلەر

▲ ماھىيىتى ئېنىقلانمىغان ياخشىلىققا جاۋاب قايتۇرۇشقا ئالدىرىما.

▲ جامائەت سورۇنىدا ھەل بولمىغان تالاي ئىشنىڭ ھاراق سورۇنىدا ھەل بولغانلىقىدىن ئادەم ۋە ئادىمىيلىكنىڭ بۈگۈنكى ئورنىغا باھا بېرىش تەس ئەمەس.

▲ ھەقىقىي ئاياللىق نازاكەت ئەرلەرنى باتۇر بولۇشقا ئۈندىسە، ئانىلىق لاتاپەت پەرزەنتلەرنى ھايالىق بولۇشقا ئۈندەيدۇ.

▲ يالغۇزلۇقىڭدىن قاقشىما، سەن ئامما ئارىسىدا قالالمىغان ئۇرغۇن ئىشىڭنى ئۆز ئەركىڭ ئارقىلىق تەنھالىقتا ئەمەلگە ئاشۇرالىشىڭ مۇمكىن.

▲ سۈكۈت ساڭا ئويلىنىش پۇرسىتى بولسا، قارشى تەرەپكە نىسبەتەن غەنىيمەت ۋاقىت. شۇڭا زىيادە سۈكۈتتىن ئۆزۈڭنى يىراق تۇت.

▲ ھەقىقەتنى كۆرەلەيدىغانلار ئازىيىپ كەتسە، ھەق سۆزلىگۈچىلەر قەدەمدە بىر پېشكەللىككە ئۇچراپ تۇرىدۇ.

▲ ئۆتمۈشنى سېغىنغانلارنىڭ بۈگۈنى بىر بولسا ناھايىتى پاراغەتلىك، بىر بولسا ناھايىتى ئېچىنىشلىق.

▲ دەرەخ غولىنىڭ مەزمۇت تۇرۇپ، ئۇچىنىڭ شامالنىڭ يۆنىلىشىگە قاراپ ئېگىلىپ تۇرۇشى، ئۆز يىلتىزىغا قانچە يېقىنلاشقانسېرى ئۆز غۇرۇرنى شۇنچە چىڭ ساقلىغىلى بولىدىغانلىقىغا بېشارەت.

▲ ئىدىيىسى ۋە جىسمانىيىتى ئەركىن كىشىلەرلا ئۆزىنى بەختلىك دېيىشكە ھوقۇقلۇق.

▲ ئەي يىگىت! راستىنلا غۇرۇرلۇڭ بولسا، قانچە قىزنىڭ سېنى ياخشى كۆرگەنلىكى بىلەن ئەمەس، قانداق قىزنىڭ ياخشى كۆرگەنلىكى بىلەن ھېسابلاش.

ـــئابدۇلېتىپ روزىنىياز

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە ئاقساراي يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ ھازىر كىشىلىرىمىز كۈندۈزلىرىمۇ غەپلەت ئۇيقۇسىدا يۈرگەچكە، خورازلىرىمىز كۈپكۈندۈزدىمۇ چۆيلىگەندەك چىللىشى ئەجەبلىنەرلىك بولمىسا كېرەك.

▲ غەلبە ئالدىدا قانچىلىك مەغرۇرلانساڭ، مەغلۇبىيەت ئالدىدا شۇنچە چۈشكۈنلىشىسەن.

▲ مەقسەتكە يېتىش يولىدا تىكەنگە يولۇقسىڭىز ئەگىپ ئۆتۈپ كەتمەي يۇلۇۋېتىڭ، بولمىسا نۇرغۇن مۇساپىنى ئارتۇق بېسىشىڭىز، ھەتتا مەقسىتىڭىزگە يېتەلمەسلىكىڭىزمۇ مۇمكىن.

▲ ھەقىقىي ئۇلۇغ زاتلارنى تونۇشتۇرۇپ، ماختاپ يۈرۈشنىڭ قىلچە ھاجىتى يوق.

ـــتاڭنۇرى سىددىق

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنىستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2003 ـ يىللىق 6 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تۇرمۇش تەسىراتلىرى

▲ كېمە سۇغا چۆكۈپ كەتمەي ماڭسا، دولقۇن ئۇنى ئاسانلىقچە ئۆرۈۋېتەلمەيدۇ.

▲ ئاياللار ئۆزىنىڭمۇ ئانا بوپقېلىشىنى ئۇنتۇمىغان بولسىدى، ئۆمۈر يولدىشىدىن: «ئاناڭغا تۇرامسەن، ماڭىمۇ» دەپ ئالجىمىغان بولاتتى.

▲ ئىچىتار بولماي دېسىڭىز، پات ـ پات مازارنى ئايلىنىپ بېرىڭ.

▲ بىر ئادەمنىڭ ئەڭ قىممەتلىك نەرسىسى بەلكىم شۇ ئادەمنىڭ ئەڭ ئاجىز نۇقتىسى بوپقېلىشى مۇمكىن.

ـــئالىمجان ياسىن

ئاپتور: يېڭىشەھەر يامانيار يېزا ئونتاش ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ماگارىپقا سەل قارىغان مىللەت ئالتۇن تاۋاق كۆتۈرۈپ تىلەمچىلىك قىلىدۇ.

▲«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ــ روھىي ئەمالار ئۈچۈن خاسىيەتلىك ھاسا.

▲ئۆتمىنى يوشۇرغان بىلەن تۈتۈننى يوشۇرماق تەس.

ــياسىنجان ھېيت

---

ئاپتور: ئاقتۇ ناھىيە بارىن يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەمكىن قۇرلار

▲ئۆلكىمىزدىكى نەرسىلەر لا قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ.

▲ئۆزىنى باشقۇرۇش ــ دەخلى ــ تەرۇزسىز ئىمتىياز.

▲چېقىمچى ــ گەپ توشۇغۇچىلار قىيامەتنىڭ ئەلچىلىرىدۇر.

▲كۆز ياش ــ ئاجىزلىق، تەر ــ قەيسەرلىك، قان ــ جۈرئەت.

▲مەن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىكى «تەپەككۇر كۆزى» بىلەن ھەقىقەتنى كۆردۈم.

▲شەيتان ۋەسۋەسىسىگە كەتكەنلەرنى قايىل قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇرنىغا يىپىشنى ساقلاش كېرەك.

▲نېمىشقا تېتىقسىز لاشتۇرسەن يادا بوپكەتكەننى تەكرارلاۋېرىپ.

▲قانچىلىك چۈشەندۈرسەڭمۇ ئۆزىنىڭ دېپىنى چالغان كىشى ھەتتا دوستۇڭ بولسىمۇ ئۇ چىرىپ كەتكەن چىشقا ئوخشايدۇ. شۇڭا ئۇنى ۋاقتىدا تارتقۇزۇۋەت!

▲ئەتىگە قالدۇرۇلغان ئىش «قىلمايمەن»نىڭ پەردازلىنىشى.

▲رەت قىلىشقا تېگىشلىك بولسا تارتىنىپ يۈرمەيلا رەت قىل! بولمىسا پۇشايمانغا قالىسەن. قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىك بولسا ئالدىراپ كەتمە! قەدىرلىنىسەن.

ــئابدۇشۈكۈر ئابدۇرېشىت

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى خەنزۇ تىلى تەييارلىق 2004 ــ يىللىق 15 ــ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى.

* * *

▲مەن ئىجتىمائىي پەن مۇئەللىملىرىنىڭ ئاۋۋال «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئوقۇپ كىرىپ، ئاندىن دەرس مۇنبىرىگە چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ــمېھرىبان سەمەت

---

ئاپتور: پىچان ناھىيە لۈكچۈن بازار 1 ــ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 ــ يىللىق 3 ــ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تۇرمۇش ھېسلىرى

▲ سەن كۆڭلىرىڭدىن زارلىنىپ باشقىلاردىن دادلانما، دىلىڭ ئوڭشالسا يولۇڭ ئېچىلىدۇ، ئۆزۈڭ ئۆزگەرسەڭ زامان تەڭشىلىدۇ.

▲ھاراققا مۇكاپات قوشۇپ قويۇلغانلىقىنىڭ، ئوقىياغا شېكەر يالىتىپ ئېتىلغانلىقى بىلەن نېمە پەرقى؟ ئۆزگە ئالدىغانغا خۇش، سەن ئالدانغانغا.

▲زامان ئۆزگەردى، رېستورانغا كىرسەڭ ئايال تولا، ئۆيگە كىرسەڭ بالىغا ئاندۇر دادا.

▲ ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنى قوغداپ قالالمىغان مىللەت باشقا مىللەتلەرنىڭ ھۆرمىتىگىمۇ نائىل بولالمايدۇ. چۈنكى بۇ مىللەتتە باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنىمۇ خۇنۇكلەشتۈرۈش خەۋپى بار.

ــئەنۋەرجان قۇربانىياز

---

ئاپتور: گۇما ناھىيە سودا ــ سانائەت مەمۇرىيىتى ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچىسى

## ئاچچىق ھېسلار

▲ ھەي مۇھەررىر! سىز ئۆز خاھىشىڭىزغا مۇخالىپ دەپ بىلگەن ئەسەرلەرنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئەخلەت سېۋىتىگە تاشلاۋېرىسىز. بىلمىشىڭىز كېرەككى، شۇ سېۋەتتىن نۇرغۇن يېڭىچە بايقاش، يانغىن كەبىي ئۇلۇغ ئىدىيىلەر ئەخلەت سېۋىتىگە تاشلىنىۋېرىدۇ. شۇڭا سىزگە شۇنداق دېگۈم كېلىدۇ:

«تەخت» ئۈستىدە ئولتۇرار مۇھەررىر گىدىيىپ،
بىر ئۇلۇغ ئىدىيە قاراپ تۇرىدۇ
ئەخلەت سېۋىتىدىن ئاچچىق ھومىيىپ...

▲ تارىخىي كىتاب ــ رومانلارنى ئوقۇپ شۇنى بىلدىمكى، مۇستەبىتلىك ــ جاھالەت ھۆكۈم سۈرگەن جەمئىيەتتە مەھكۇم ئادەم ياكى قەۋم ھەمىشە ھەقىقەتنىڭ ئۆزى تېرەپتە ئەمەسلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆز ھەقىقىتىنى بايان قىلىش، چۈشەندۈرۈش ھوقۇقىنىڭ يوقلۇقىدىن يېڭىلىپ، گۇناھكارلىق ئورنىغا چۈشۈپ قالغان.

## سۇزۇك خىيال

▲ قىزلارنىڭ بەدىنى يالىڭاچلانسا ئوغۇللارنىڭ ھېسسىياتى پىشماسلىنىلا يېگىلەيدۇ.

▲ياخشى كىتابنىڭ قىممىتى كۆلدۇرۇشتە ئەمەس بەلكى ئويلاندۇرۇشتا.

▲ياخشى كىتابلارنىڭ ئازلاپ كېتىشىگە تەنقىد روھىغا باي ئوقۇرمەنلەرنىڭ يوقلىقى بىر سەۋەب.

▲ياخشى بىر كىتاب نادانلىق ــ زۇلمەتكە چېقىلغان چاقماقتۇركى، شۇ چاقماقنى تۇتۇپ قېلىش ئۈچۈن سېنىڭدە بىر پىلىك بولۇشى كېرەك.

ــمەتناسىر ياسىن

---

ئاپتور: تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيە پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲تارىختىن ساۋاق شۇكى، ئەشەددىي ھوقۇقچىلىق سەپسەتىنى ھەقىقەتكە ئايلاندۇرىدىغان قورال بوپكەلگەن. بۇنىڭغا تارىختا ئۆتكەن بارلىق ئەزگۈچى ــ مۇستەبىتلەر ئەڭ ياخشى مىسال.

ــمۇھەممەتجان غوجىۋىل

---

ئاپتور: گۇما ناھىيە موكۇيلا يېزا ھويلا كەنتىدە، دېھقان

## تاش گىياھلار

▲قانۇن قانۇنىيەت ئاساسدا تۈزۈلگەن ۋە يۇرگۈزۈلگەندە پۇقرالار قانۇننىڭ ئۆزى ئۈچۈن زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلىدۇ.

▲ ئادەملەر ئەڭ قىممەتلىق نەرسىنى ئۆزىنىڭ قەدىر ــ قىممىتىنى تونۇپ يەتكەندە بىلەلەيدۇ.

▲تەرسا ئادەم ئۆز گۆشىنى ئۆزى يەيدىغان يىرتقۇچ ھايۋاندۇر.

▲ئىنسان ئۈچۈن كۆز بىلەن كۆرگىلى، قول بىلەن تۇتقىلى

www.uyghurkitap.com

بولمايدىغان (هاۋا، ۋاقىت، روھ...) نەرسىلەر ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلەردۇر.

▲سۆيگەن قىزىنى دەپ ھەممىدىن ۋاز كېچىش بىرى چىن ئاشىقلىق، يەنە بىرى ساراڭلىق ئىشىدۇر.

▲ئەرلەر سۆيۈشتىن، ئاياللار كۈندەشلىكتىن ئۆزىنى تۇتالمايدۇ.

▲ تەرەققىيات ئۆتمۈشنىڭ ھالاكىتى، بۈگۈننىڭ گۈلتاجى، ئەتىنىڭ غەم ـ ئەندىشىسى.

▲ئالىملىرى كۆپ مىللەت يوقالمايدۇ، شائىرلىرى كۆپ مىللەت ئۇنتۇلمايدۇ.

▲مەدەنىيەت بىر خىل يېڭى ئىدىيە تارقىتىش جەريانىدۇر.

▲ئادەم ئۆزىنى يېڭىلاشتا بەزىدە تۇرمۇش تەرتىپىنى يېڭىلاش لازىم.

▲ئاشىقلار ئۆز قەدرىنى ئەڭ ئاسان ئۇنتۇيدۇ.

▲كۆز بارلىق جىنايەتنى پەيدا قىلغۇچى بىرىنچى ئامىل.

▲ئادەمنىڭ سىرىنى پۇشايمان ھەقىقىي سۆزلەپ بېرىدۇ.

▲ئۆزۈڭنى ئىزدىمەكچى بولساڭ ماڭغان يوللىرىڭغا قاراپ باق.

▲ ئادەم يالغان سۆزلىگەن چېغىدا ئەڭ ئېھتىياتچان، ئەڭ سەزگۈر بولىدۇ.

▲ ھەر قانداق ئادەم ئەجەللىك مەخپىيىتىنى بىرى ياخشى كۆرگەن ئادىمىدىن، ئىككىنچىسى ھۆكۈمدارلاردىن، ئۈچىنچىسى دۈشمەندىن ۋ شۇرىدۇ.

▲ئېتىقادى سۇس مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى جەمئىيەتتە ئەڭ ۋەھشىي ۋۇزلۇقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

▲ كىشىلەر تەبىئەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ تەبىئەت دۇنياسىمۇ ئۆزگەرمەكتە.

▲ ئادەم ئۈچۈن ئۆز تېنى ۋە مەنۇيىتىدىكى ئارتۇقچە نەرسىلەرنى چىقىرىۋېتىشتىن ئارتۇق راھەت ئىش يوق.

ــــقۇربان ئابلىمىت

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە يامانيار يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

# ئۆمۈر سادالىرى

## 1. مۇھەببەت تەسىراتلىرى

▲كۆڭۈلدىكىدەك جۈپ تېپىش خۇددى شېرىن چۈشكە ئوخشايدۇ. ئۇنى ئىزدەپ تېپىش بەسىي مۇشكۇل. بەلكىم ئۇ كۈتمىگەن چاغدا قېشىڭغا كەلگەن، سېنىڭ سەل بىخەستەلىكىڭ سەۋەبىدىن يېنىڭدىن ئۆتۈپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

▲مۇھەببەت تارىخىڭىزدىكى ئەڭ بەختلىك مىنۇتلار، ئۇنىڭ دەسلەپكىدىكى مەستانە كۈنلەر بولماستىن، بەلكىم ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدىكى ئۈن ـ تىنسىز چۈشىنىش، كۆزدىلا ئىپادىلەنگەن تەقەززالىقتىن ئىبارەت!

▲ مەن قىزچاقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا ئەمەس، بەختلىك بولۇشىغا كۆپرەك تىلەكداشمەن، لېكىن يىگىتلەرنىڭ بەختلىك بولۇشىنى ئەمەس، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنى تىلەيمەن!

▲ دۇنيانىڭ پايانى يوق. لېكىن كىشىلىك ھايات مۇساپىسىدە سىز بىلەن قول تۇتۇشۇپ ئىلگىرىلەيدىغىنى ئاخىرقى ھېسابتا بىرلا كىشى.

▲مۇھەببەتكە تەبىر بەرگىلى بولمايدۇ. سۆز بىلەن چۈشەندۈرگىلى بولىدىغان نەرسىمۇ مۇھەببەت ھېسابلانمايدۇ.

## 2. ھايات ئىلھاملىرى

▲پەخىرلىنىشكە تېگىشلىك ئىشلىرىڭ بولسىمۇ، ئۇنى باشقىلار ئالدىدا سۆزلىسەڭ ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە تېگىشى مۇمكىن. شۇڭا ئۇنىڭدىن قەلبىڭدە پەخىرلەن!

▲ سېنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىڭ باشقىلارنىڭ ساڭا مۇئامىلە قىلىشىدىكى ئۆلچەمدۇر.

▲ ئەگەر سەن ھوقۇقدارنىڭ ئۆز ھوقۇقىنى ھامان ئەڭ ئاخىرقى چەككىچە ئىشقا سالىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتەلمىسەڭ، سېنىڭ تارىخ بىلىمىڭنىڭ نۆلگە باراۋەرلىكى ئۆزلۈكىدىن ئىسپاتلىنىدۇ.

▲كېمىنى ئالغا ئىتتىرگىنى يوغان يەلكەن ئەمەس، كۆرۈنمەس شامال!

▲ شانلىق ئۆتمۈش، قىممەتلىك تەجرىبىلىرىڭ خۇددى ماشىنىنىڭ ئارقا چىرىغىغا ئوخشاش، بېسىپ ئۆتكەن يولۇڭنىلا يورۇتىدۇ، خالاس.

▲ سورۇندا ئېغىزى بېسىلماي سۆزلىگەنگە ئەمەس، ئېغىز ئاچماي ئولتۇرغانغا بەكرەك دىققەت قىل!

▲ خۇشاللىق كېيىنەكنىڭ ئۆزى. ئەگەر سەن ئۇنى تۇتۇۋېلىش كويىدا قولۇڭنى سۇنساڭ ئۇ قېچىپ كېتىدۇ. سەن جىمجىت تۇرغىنىڭدا ئۇ كېلىپ ساڭا قونۇشى مۇمكىن.

▲ ساغلام بەدەن بىلەن ئۇنتۇغاقلىق كېسىلىم بولغاچقىلا خۇشال ياشاپ كېلىۋاتىمەن. راستىنى ئېيتسام، دۇنيادا پىتنە ـ پاساتتىن تولا نېمە يوق ئىكەن. ئۇنى ئېسىمدە تۇتۇپ يۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى؟

▲نام ـ مەنپەئەت، ئاتاق ـ ئابرۇينىڭ بىزگە ئاتا قىلىدىغان شادلىقى بەكمۇ قىسقا بولىدۇ. كۆڭۈل تىنچلىقى بىلەن خىزمەت قىزغىنلىقىلا بىزگە مەڭگۈلۈك خۇشاللىق بەخش ئېتىدۇ.

▲ دۇنيادا ئالدىراش كىشىلەر ئەڭ خۇشالدۇر. چۈنكى ئۇلاردا ئۆزىنىڭ خۇشال ياكى ئەمەسلىكىنى ئويلىغۇدەك ۋاقىت يوق!

▲ ھەقىقىي قابىل كىشىلەر ھېسسىياتقا باي كىشىلەر ئەمەس، بەلكى ھېسسىياتقا بېرىلمەيدىغان كىشىلەردۇر.

▲مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ سىرى ئۆزگىچىلىكتە!

▲تىل ئىدىيىنىڭ ئالماشتۇرغۇچىسى بولسا، شېئىر روھنىڭ سۆھبىتىدۇر.

▲ ھازىر ياخشى شېئىرلارنىڭ بەك ئاز بولۇشىدىكى سەۋەب، شائىرلارنىڭ بەك كۆپلىكىدىنمىكىن، دەيمەن!

▲ھاياتقا نىسبەتەن ۋاقىت ئەڭ رەھىمسىز جاللات، تارىخقا نىسبەتەن ئەڭ ئادىل سوتچى، شەخسنىڭ قايغۇ ـ ھەسرىتىگە نىسبەتەن ئەڭ ئۇستا تېۋىپ، مىللەتنىڭ جاراھىتىگە نىسبەتەن ئەڭ يارىماس دوختۇر.

▲ قانداقلا ئىشنى قىلمايلى، ۋاقىت تاللاشتا ئەڭ مۇۋاپىق نۇقتا بولۇشى كېرەك: تۈنۈگۈنكى ئىشنى بۈگۈن قىلىش ۋاقىتنى قولدىن بېرىشتۇر؛ ئەتىكى ئىشنى بۈگۈن قىلىش مۆلچەرلەشتىكى خاتالىقتۇر؛ ۋاقىت تۇتۇلمىسا پۇرسەت قولدىن كېتىدۇ؛ مۆلچەر توغرا بولمىسا نەتىجە كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدۇ.

▲ «ۋاقىت ـ پۇل دېمەكتۇر» دېيىش ھەممەيلەنگە يادا بوپكەتتى. مېنىڭچە، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگۈچىلەرنىڭ باي بولۇشى ناتايىن، ئۆمرى قىسقىلارنىڭ نامرات بولۇشى ناتايىن!

▲ غەرەزسىز دوستلاردىن باشقا يېقىن كىشىم يوق!

▲ بىر كىشى ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئازابلىنىۋاتقاندا ئۇنىڭغا

دوستلۇق ئىزھار قىلسىڭىز، ئۇ سىزدىن ئۇمۇرۋايەت مىننەتدار بولىدۇ. ئەگەر بىراۋ مۇرادىغا يېتىپ، ئۆيىنى مېھمان باسقاندا سىزمۇ بېرىپ سورۇن قىزىتسىڭىز، ئۇ كۆپىنچە ھاللاردا سىزنى مەنسىتمەيدۇ.

▲ ھاراق سورۇنلىرىدا دائىم مۇنداق ئىككى خىل ئادەمنى ئۇچرىتىمىز: مەست بوپقالغانلىقىنى ئېيتىپ ھاراق ئىچىشكە ئۇنىمىغانلارنىڭ كاللىسى سەگەك، لېكىن مەستلەر دائىم مەن مەست ئەمەس، يەنە ئىچىمەن! دەپ جېنىنىڭ بارىچە تىۋىلىشىدۇ.

▲ ئويلىنىش—قەيەردە تۇرغانلىقىڭىزنى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ؛ ئالدىن كۆرۈش ـ قەيەرگە بارىدىغانلىقىڭىزنى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ؛ چۈچۈش—قايسى ۋاقىتتا بەك يىراقلاپ كەتكەنلىكىڭىزنى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

▲ «ئەڭ ئاخىرقى بىر مىنۇت!» تىنىمۇ بەكرەك ئادەمنىڭ غەيرىتىنى ئۇرغۇتالايدىغان چاقىرىق بولمىسا كېرەك!

▲ ئەگەر قوشنامنىڭ بايلىقى مېنىڭكىدىن ئازراق بولىدىغان بولسا، مەن ئاللىبۇرۇنلا شۈكۈر قىلغان بولار ئىدىم.

▲ سىزنىڭ قارىشىڭىزدا كۆرگىنىڭىز سىز كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن نەرسىنىڭ دەل ئۆزى شۇ.

▲ ئەگەر ناتونۇش بىراۋ سائەت قاراپ بىكاردىن بىكار كۈلسە، ئۇ ھەرگىز سەۋەبسىز ئەمەس!

▲ بوران ـ چاپقۇنلاردا بىللە بولغانلار ھاۋا ئېچىلغاندا ئۆز يولىغا ماڭىدۇ.

▲ دوستلۇق كىشىلەر بىلەن ئالاقىلىشىش داۋامىدا پەيدا بولىدۇ، لېكىن ئۇنى يالغۇزلۇقتا ھېس قىلىسەن!

▲ دۇنيادا ئىككى خىل ئادەمنىڭ ئۆمرى كوتا بولىدۇ: بىرسى، جەمئىيەتنىڭ داشقاللىرى، ئۇلار ئەسكىلىكنى تولا قىلغاچقا، خەلقنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ، قانۇننىڭ جازاسىغا دۇچ كېلىپ جېنىدىن ئايرىلىدۇ؛ بىرسى، جەمئىيەتنىڭ سەرخىللىرى بولۇپ، تولا ئىشلارنى ئالدىن بەلمۇالغان، جەمئىيەت تەقدىرىدىن قايغۇرۇپ چۇقان سالغانلىقتىن كۆپىنچە ناھەقچىلىك، ئۇۋالچىلىق ئىچىدە جېنىدىن ئايرىلىدۇ. ئالدىنقىسى بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشىنىڭ مۇقەررەرلىكى، كېيىنكىسى مىللەت تەرەققىياتىدىكى بەختسىزلىكتۇر.

▲ خەلقنىڭ ساداسى ـ ھەقنىڭ خىتابىدۇر.

▲ كىشىلەرنىڭ مۇسابىقە ۋە ئويۇنلارغا كۆپرەك قىزىقىشىنىڭ سەۋەبى، تۇرمۇشتا دەل مۇشۇنداق باراۋەر رىقابەتلىشىش پۇرسىتىنىڭ بەك ئازلىقىدىن بولسا كېرەك.

▲ تۇرمۇش شېئىر ئەمەس، ئۇنىڭدا ئانچە كۆپ رومانتىكىلىق بولمايدۇ. تۇرمۇش رېئاللىقتۇر. رېئاللىق كۆپرەك گۈلدىن ئەمەس، شوخا ـ تىكەندىن توقۇلغان چەمبىرەكتۇر.

▲ شەيتاننىڭ ئىنسانلارنى يوقلاشقا ۋاقتى يەتمىگەندە ئۆزىگە شارابنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتەرمىش.

▲ ناتونۇش كىشىلەر ئارىسىدىكى ئالاقىنىڭ تۇنجىسى قۇرۇق گەپتىن ئىبارەت.

▲ بىر ئادەمنىڭ ئەقلىنى ئوغرىلاش كۆچۈرمىكەشلىك بولىدۇ، كۆپچىلىكنىڭ ئەقلىنى ئوغرىلاش تەتقىقات بولىدۇ.

▲ دوستۇم، كۆزىڭىز ئىككى بولغاندىكىدىن، كىشىلەرگە تەكشى قاراشنى ئۆگىنىۋېلىڭ.

قۇلىقىڭىز ئىككى تەرەپتە بولغاندىكىن، بىر تەرەپلىمە سۆزلەرگىلا قۇلاق سېلىۋەرمەڭ.

بۇرنىڭىزنىڭ تۆشۈكى ئىككى بولغاندىكىدىن، ھەرگىز باشقىلار بىلەن بىر بۇرۇندىن نەپەس ئالماڭ.

تىلىڭىز بىر تالla بولغاندىكىدىن، ھەرگىز ئىككى خىل گەپ قىلماڭ.

يۈرىكىڭىز بىر بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىككى دالانچىسى بولغاچقا، ھەممە ئىشتا ئۆزىڭىزنىلا ئەمەس، باشقىلارنىمۇ ئويلاڭ.

## 3. قەلب سىرلىرى

▲ ھەقىقىي پىشقان كىشىلەردىلا تولۇق مەخپىيەتلىك بولىدۇ، چالا پىتىلگەن كىشىلەرنىڭ مەخپىيەتلىكى ۋاقىتلىقتۇر، شاللاق ئادەملەردە مەخپىيەتلىك مەۋجۇد ئەمەس.

▲ مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، مەخپىيەتلىك شىجائەت بىلەن بىللە ياشايدۇ، مەخپىيەتلىك بولىدىكەن، شىجائەتمۇ بولىدۇ؛ مەخپىيەتلىك ئاشكارىلانغان كۈنى شىجائەتمۇ يوقايدۇ. ئۆز شىجائىتىڭىزنىڭ تېخىمۇ ئۇزاقراق ساقلىنىشى ئۈچۈن بىر قىسىم مەخپىيەتلىكنى سىر قىلىپ ساقلاشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭىز كېرەك. بۇمۇ ياشاشنىڭ بىر خىل سەنئىتى.

▲ كۆڭۈلدىكى سىر ـ قەلبىڭىزدىكى گۈل. ھەر بىر گۈلنىڭ گۈزەللىكى ئۆزگىچە، لېكىن ئۇ بەك كۆپ بوپكەتسە، ئارتۇقچە يۈككە ئايلىنىپ قالىدۇ.

▲ سىر ساقلاش بىلەن ئوچۇق ـ يورۇق بولۇش ھەرگىز بىر ـ بىرىگە قارىمۇ قارشى ئەمەس. ئوچۇق ـ يورۇق بولۇش ئارقىلىق دوستلىرىڭىزنى ئاۋۇتقىن، سىر ساقلاش ئارقىلىق ئۆز كۆڭلۈڭىزنى خۇش قىلغىن!

▲ يۈرەك قاتلىمىدىكى سىرلار شۇ كىشىنىڭ ئۆزىگىلا خاس ھەم ئېنىق بولىدۇ. باشقىلارنىڭ ھەرخىل باھالىرى كۆپىنچە ھاللاردا گۇماندىنلا ئىبارەت، خالاس.

—ئەخمەت مۇساق

---

ئاپتور: پوسكام ناھىيىلىك پارتكوم ئارخىپ ـ تەزكىرە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى

* * *

▲ باشقىلارنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىگە ھۆكۈم قىلماقچى بولسىڭىز، ئاز بولغاندىمۇ ئۈچ كۈن بىللە ياشىشىڭىز كېرەك. ئەمما بىرەر شەھەرنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىگە ھۆكۈم قىلماقچى بولسىڭىز، ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ ئۈچ مىنۇت ماڭسىڭىزلا كۇپايە.

—ئىمىن توختى

---

ئاپتور: «ئاقسۇ گېزىتى»نىڭ پېنسىيونېرى

▲ رەزىللىككە تايىنىپ غەلىبە قىلغان ئادەم ـ ئىتنىڭ ئالدىدىن سۆڭەك تالاشقان ئادەمدۇر.

—ئابدۇكېرىم ئەبەيدۇللا

---

ئاپتور كۇچا ناھىيە 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ تاماكا چېكىش، ھاراق ئىچىش دەردىنى چىقىرىش ھېسابلانسا، بۇ دۇنيادا دەردمەن ئادەم قالمىغان بولاتتى.

—ئەھەتجان ياسىن

---

ئاپتور: كورلا شەھەر 6 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

www.uyghurkitap.com

# «زامانىۋىلىشىش»نىڭ ئالدى ـ كەينىدە



**ئادىل ئابدۇقادىر**

كۈچلۈكلەر دۇنيانى ئۆزگەرتىش ۋە ئۆزىگە بويسۇندۇرۇشتا ھە- مىشە قورال كۈچىگە تايىنىۋەرمەيدۇ. بەلكى كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنىڭ نەزىرىدە يېڭىلمەس قۇۋۋەت ۋە سېھرىي كۈچكە ئىگە بولغاچقا، ئۇلار بەزىدە ئاجىزلارنى ئۆزلىرىنىڭ كۆز قارىشىغا ئەگەشتۈرۈش ۋە ئە- شەندۈرۈش ئارقىلىقمۇ ئۇلارنى ئۆزلىرىگە قارشىلىقسىز ئىتائەت قىل- دۇرالايدۇ. بۇ، كۈچلۈكلەرنىڭ باشقىلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇشتىكى «تىنچ ئۇسۇلى» ئۇسۇلى بولۇپ، بۇ خىل ئۇسۇل كۆپىنچە ھاللاردا «قوراللىق ئۇسۇلى»دىن كۆپ ئۈنۈملۈك ۋە بىخەتەر بولىدۇ. چۈنكى كۈچلۈكلەر ئۆزلىرىنىڭ نەزەرىيە ۋە كۆز قاراشلىرىغا ئۆز ئىرادىسى ۋە ئارزۇلىرىنى باشقىلار پەرق ئېتەلمىگۈدەك دەرىجىدە سىڭدۈرۈۋەتكەن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئاجىزلار ئارىسىدا كەڭ تارقاتقان ھەر قانداق بىر يېڭى ئۇقۇم ۋە نەزەرىيىسى ئۇلارنىڭ ئاتقان توپ ئوقلىرىدىن بەكرەك ئۈنۈم بېرىدۇ. شۇنداق ئىكەن، كۈچلۈكلەر ئىجاد قىلغان ھەرقانداق بىر يېڭى ئۇقۇم ۋە نەزەرىيە ئاجىزلارنىڭ گۇمانىنى قوزغىمايدىكەن، ئاجىزلار مەڭگۈ كۈچلۈكلەرنىڭ دىرىژورلۇقىدا ياشاۋېرىدۇ.

مانا بىز بۈگۈن كۈچلۈكلەر ئىجاد قىلغان ھەر خىل ئۇقۇم ۋە نەزەرىيىلەرگە ئاجىزلار يەم بوپكېتىۋاتقان بىر دەۋردە ياشاۋاتىمىز. پۈتكۈل دۇنيادا ھازىر مودا بولۇۋاتقان «يەر شارىلىشىش»، «دېـ- موكراتىيە»، «كىشىلىك ھوقۇق»، «تېررورلۇق» دېگەندەك ئۇ- قۇم ـ ئاتالغۇلار ۋە شۇلارنى مەركەز قىلىپ مەيدانغا كېلىۋاتقان نە- زەرىيە ۋە پرىنسىپلار بىر قىسىم كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ بۈگۈنكى دۇنيادىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىمتىيازىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرسە، يەنە بىر قىسىم ئاجىز دۆلەتلەر كۈچلۈكلەرنىڭ قولىدىكى تەقدىرىنىڭ دىئاگنوزى سۈپىتىدە تۇرۇپتۇ. بۇ كومېدىيىلىك كۆرۈنۈش «تارىخنى كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنىڭ دۇمبىسىگە يازىدۇ» دېگەن مەشھۇر سۆزنى ئادەمنىڭ ئېسىگە سالىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ بۈگۈنكى دۇنيادىكى تەرەققىي تاپقان كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچى ئۇلارنىڭ پەن ـ تېخنىكا، دۆلەت مۇداپىئەسى، ئومۇمىي خەلقنىڭ ئۇنىۋېرسال مەدەنـ- يەت ساپاسىدىكى ئۈستۈنلۈك جەھەتتە ئىپادىلىنىپلا قالماستىن، يەنە

## زامانىۋىلىشىش ۋە بىز

شۇ دۆلەتلەرنىڭ دۇنيا تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنى يېڭى ئۇقۇم ـ ئاتالغۇلار ئارقىلىق ئىپادىلەش ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ نەزەرىيە يارىتىش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ بىلىشىنى بەلگىلىك رامكا بىلەن تەمىنلەش جەھەتتىكى ئىقتىدارىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يېڭى ئۇقۇم ـ ئاتالغۇلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە ئۇنى نەزەرىيىلەشتۈرۈش ئىقتىدارىنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقى مەلۇم بىر جەمئىيەت ۋە دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال تەرەققىيات ئىقتىدارىنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقىنىڭ بەلگىسىدۇر. شۇڭا، مەلۇم مەنىدىن شۇنداق ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، قايسى تىل، قايسى خەلقنىڭ يېڭى شەيئىي ۋە ھادىساتلارنى ئىپادىلەش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولسا، شۇ تىل ۋە شۇ خەلق تەرەققىياتتىكى يېتەكچىلىك ئورنىنى ئىگىلىگەن بولىدۇ. بۇ خىل رېئاللىقنى بىز بۈگۈنكى ئامېرىكىلىقلار ۋە ئىنگلىز تىلىنىڭ دۇنيادىكى شۆھرىتىدىن ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز.

بۈگۈنكى دۇنيانىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەندىزىسى ۋە دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەرگە مۇئەييەن دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان «كىشىلىك ھوقۇق»، «دېموكراتىيە»، «تېررورلۇق»، «يەر شارىلىشىش»، «رەزىللىك ئوق مەركىزى» دېگەندەك سىياسىي، ئىجتىمائىي ئاتالغۇلارنىڭ كېلىش مەنبەسىنى سۈرۈشتۈرىدىغان بولساق، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئىنگلىز تىلى ئارقىلىق پۈتكۈل دۇنياغا ئومۇملاشقانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. ئەمدى بىز بۇ يەردە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر مەسىلە شۇكى، بۇ ئاتالغۇلار گەرچە تەرجىمە ۋاسىتىسى ئارقىلىق ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ ئارىسىدا ئۆز تىلى بىلەن ئىپادە قىلىنىپ ئومۇملاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۇقۇم رامكىسى يەنىلا ئامېرىكىلىقلار ئىنگلىز تىلى ئارقىلىق ئىپادە قىلغان دائىرىدىن ھالقىپ كېتەلىگىنى يوق. يەنى، بۇ ئۇقۇم ـ ئاتالغۇلارنى ئامېرىكىلىقلار قايسى مەقسەتتە ئىجاد قىلغان بولسا، باشقا تىللاردىمۇ شۇ خىل مەقسەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنە بويىچە ئومۇملاشماقتا. «تېررورلۇق»نى باھانە قىلغان ئامېرىكا ئىرادىسىنىڭ خەلقئارادىكى قانۇنلىشىشى بۇ بىر نۇقتىنى روشەن چۈشەندۈرۈپ تۇرۇپتۇ. كىشىلەر ئەمەلىيەتتە بىلىپ ـ بىلمەي مۇشۇ ئاتالغۇ ـ ئۇقۇملارنى قوبۇل قىلىش، ئىشلىتىش جەريانىدا ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋە ئامېرىكىلىقلارنىڭ قىممەت قارىشى ۋە ئىرادىسىنى بىر خىل ئۆلچەم سۈپىتىدە قوبۇل قىلماقتا ۋە ئۇنىڭغا ماسلاشماقتا. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋە ئامېرىكىلىقلارنىڭ بۇ جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيىتى ئەمەلىيەتتە قورال كۈچى ئارقىلىق ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن كۆپ ئېشىپ چۈشىدۇ.

ئەگەر كۈچلۈكلەر ئىجاد قىلغان ھەر بىر ئۇقۇم ۋە نەزەرىيىنىڭ بارلىققا كېلىش تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى، ئۇنىڭ سىياسىيلىقى ۋە ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيىتىنى تەكشۈرۈپ كۆرىدىغان بولساق، ئۇلار ئىجاد قىلغان ھەر بىر ئۇقۇم ۋە نەزەرىيىگە سەل قاراشقا بولمايدىغان مەقسەت ۋە مەنپەئەتلەرنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى، ئۇنىڭ شۇلارنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ سىياسىي ئىستراتېگىيە ۋە تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەر ئۈچۈن مۇئەييەن تەپەككۇر رامكىسى بەلگىلەپ بېرىدىغانلىقىنى بايقىيالايمىز. ئەمەلىيەتتىمۇ تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەر ۋە ئىستراتېگىيىچىلەر ئوتتۇرىغا قويغان ھەر بىر يېڭى ئۇقۇم ۋە نەزەرىيە ھەرگىزمۇ تاسادىپىي مەيدانغا كېلىدىغان سۆز ئويۇنى بولماستىن، ئۇ ئۆزىگە مۇئەييەن سىياسىي، ئىقتىسادىي مەقسەت ۋە مەنپەئەتلەرنى يۈكلىگەن ھالدا، كىشىلەرنىڭ قارىشىنى ئىستراتېگىيە ۋە تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەرنىڭ ئىرادىسى بويىچە مۇئەييەن بىلىش رامكىسى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ، نۇرغۇن تەجرىبە ـ سىناقلار ۋە مۇلاھىزە ـ مۇھاكىمىلەرنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولىدۇ. شۇڭا، باشقا بىر تىلدىن بىرەر يېڭى ئۇقۇم ۋە نەزەرىيىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئىشلىتىش، قوبۇل قىلغۇچىدىن سىياسىي سەزگۈرلۈك تەلەپ قىلىدۇ. سىياسىي سەزگۈرلۈكى بولمىغان كىشىلەر كۆپىنچە ھاللاردا كۈچلۈكلەرنىڭ سۆز ئويۇنى ئىچىدە شۇلارنىڭ دېيىشىغا ئۇسسۇل ئويناشتىن قۇتۇلالمايدۇ. شۇنداق ئىكەن، سىياسىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدا كۆپ قوللىنىدىغان، چەت تىللاردىن قوبۇل قىلىنىپ بىر خىل بىلىش رامكىسى سۈپىتىدە تىلىمىزدا ئومۇملىشىپ كەتكەن بەزى ئۇقۇم ـ ئاتالغۇلارنى چۈشىنىۋېلىشىمىز تولىمۇ زۆرۈر. بولۇپمۇ دۇنيادىكى ھەممە تىلدا ئورتاق ئومۇملىشىپ، بىر خىل بىلىش رامكىسى سۈپىتىدە قېلىپلىشىپ كەتكەن، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى، دۇنيا قارىشى ۋە تەپەككۇر ئەندىزىسىگە مۇئەييەن دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان بىر قىسىم ئۇقۇم ـ ئاتالغۇلار ۋە نەزەرىيىلەرنى چۈشىنىۋېلىش تېخىمۇ زۆرۈر. شۇ خىلدىكى ئاتالغۇ ۋە نەزەرىيىلەرنىڭ بىرى دەل «زامانىۋىلىشىش» ۋە زامانىۋىلىشىش نەزەرىيىسىدۇر.

تۆۋەندە مۇشۇ ھەقتىدىكى قاراش ۋە چۈشەنچىلەرنى ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلاشماقچىمىز:

## 1. «زامانىۋىلىشىش»نىڭ سۆز مەنىسى

زامانىۋىلىشىشنىڭ زادى نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئۇزۇل ـ كېسىل چۈشىنىشتە، ئالدى بىلەن تىلىمىزدا ئىستېمال قىلىپ كېلىۋاتقان «زامانىۋىلىشىش» دېگەن ئاتالغۇنىڭ ھەرقايسى تىللاردىكى لۇغەت مەنىسىنى چۈشىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بىزدە ھازىرغىچە سۆزلەرنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ۋە ئاتالغۇ ـ ئۇقۇملارنىڭ مەنىسىنى يېتەرلىك شەرھلەپ بېرەلەيدىغان مۇكەممەل لۇغەت بارلىققا كەلمىگەچكە، «زامانىۋىلىشىش»نىڭ لۇغەت مەنىسىنى چۈشىنىشتە باشقا تىللاردىكى لۇغەتلەرگە مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە «زامانىۋىلىشىش»تىن ئىبارەت بۇ ئاتالغۇنىڭ ئەسلى ئېتىمولوگىيىلىك مەنبەسىمۇ بىزنىڭ بۇ ئاتالغۇنى ئەسلىدىكى تىلدا ئىپادە قىلىنغان مەنە بويىچە چۈشىنىشىمىزنى تەقەززا قىلىدۇ. شۇڭا ئالدى بىلەن باشقا تىللاردىكى مۇشۇ ئاتالغۇغا ئالاقىدار شەرھلەر ئۈستىدە توختىلىمىز.

زامانىۋىلىشىش ـ ئىنگلىز تىلىدا 18 ـ ئەسىرلەردە بارلىققا كەلگەن ئاتالغۇ بولۇپ، ئۇ ئىنگلىز تىلىدىكى modernization دېگەن سۆزنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىپادىلىنىشىدۇر. ئەمدى ئىنگلىز تىلىدىكى modernization دېگەن ئاتالغۇ modern دېگەن سۆزدىن تۈرلىنىپ چىققان. شۇڭا بۇ ئاتالغۇنى چۈشىنىشتە ئالدى بىلەن modern دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسىنى چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ. 1978 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئىنگلىزچە ـ خەنزۇچە قوش تىللىق ئىزاھلىق لۇغەت»تە modern دېگەن سۆز مۇنداق ئىزاھلانغان: 1. سۈپەت بولۇپ، يېقىنقى زاماندىكى، زامانىۋى دېگەن مەنىدە؛ 2. ۋاقىتنى ئىپادىلەيدۇ (مىلادى 1501 ـ يىلدىن باشلاپ ھازىرغىچە بولغان ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ). moderni zation، modernنىڭ مەجبۇرىي پېئىل شەكلى modernzde يەنى زامانغا لايىقلاشتۇرۇشنىڭ ئىسىملاشقان شەكلى بولۇپ، مەزكۇر لۇغەتتە modernization مۇنداق ئىزاھلانغان: 1. زامانىۋىلىشىش (جەريانى

كۆرسىتىدۇ)، 2. زامانىۋىلىشىش (ھالەتنى كۆرسىتىدۇ). مانا بۇ بىز «زامانىۋىلىشىش» دەپ ئىستېمال قىلىپ كېلىۋاتقان ئاتالغۇنىڭ ئەسلى ئانا تىلىدىكى لۇغەت مەنىسى.

ئەمدى بۇ ئاتالغۇنىڭ باشقا تىللارغا قاچان، قايسى يوسۇندا ئۆزلەشكەنلىكى نامەلۇم، ئەمما ئۇ ھەرقايسى تىللاردا ئوخشىمىغان يوسۇندا ئىپادىلەنگەن ھەم ئوخشىمىغان دەۋرلەردە تىللارغا سىڭىپ كىرگەن. خەنزۇ تىلىدىكى 现代化 دەل ئىنگلىز تىلىدىكى modernization نىڭ خەنزۇ تىلىدىكى ئىپادىلىنىشى بولۇپ، بۇ ئاتالغۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى خەنزۇ تىلىدىكى گېزىت ـ ژۇرناللاردا كۆرۈلۈشكە باشلىغان. ئەمدى خەنزۇ تىلىدىكى 现代化 مۇ ئىنگلىز تىلىدىكى modern دېگەن سۆزگە مەنىداش كېلىدىغان 现代 دېگەن سۆزنىڭ پېئىللاشقان شەكلى بولۇپ، ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلى سۆزلۈكلىرى لۇغىتىدە 现代 گە: ھازىرقى مۇشۇ ۋاقىت دەپ تەبىر بېرىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ تارىخىنى دەۋرلەرگە بۆلۈشتە «4 ـ ماي ھەرىكىتى»دىن تا ھازىرغىچە بولغان دەۋرنى كۆرسىتىدۇ، دېيىلگەن. 现代化 : پېئىل بولۇپ، شەيئىلەرنى ھازىرقى زاماننىڭ ئىلغار پەن ـ تېخنىكا سەۋىيىسىگە ئىگە قىلىش، دەپ ئىزاھلانغان.

ئەمدى زامانىۋىلىشىش ئاتالغۇسى ئۇيغۇر تىلىغا خەنزۇ تىلى ئارقىلىق كىرگەن بولۇپ، تىلىمىزغا ئەڭ دەسلەپ «زامانىۋىلاشتۇرۇش» شەكلىدە ئۆزلەشكەن. ئۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى مەتبۇئات ـ نەشر ئەپكارلاردا «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» شەكلىدە كۆپ ئۇچرايدۇ. «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش»نىڭ دۆلىتىمىزدە ئوتتۇرىغا قويۇلۇش ۋاقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئاتالغۇنىڭ تىلىمىزدا قوللىنىلىۋاتقان ۋاقتى ئەڭ ئۇزاق بولغاندىمۇ 30 يىلدىن ئاشمايدۇ. قوللىنىلىش ۋاقتى جەھەتتە ئىنگلىز تىلى ۋە خەنزۇ تىلىدىن خېلىلا كېيىن تۇرىدۇ. شۇنداقتىمۇ، بۇ ئاتالغۇغا ئۆز ئانا تىلىمىزدا قانداق ئىزاھات بېرىلگەنلىكىنى بىلىۋېلىشىمىز زۆرۈر. ئەگەر بۇ ھەقتە لۇغەت ئاختۇرۇشقا توغرا كەلسە، بىز پەقەت تىلىمىزنىڭ ھازىرقى زاماندىكى قامۇسى ھېسابلانغان «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»گە مۇراجىئەت قىلىشقا مەجبۇرمىز. بۇ لۇغەتتە گەرچە «زامانىۋىلىشىش» دېگەن سۆزنىڭ دەل ئۆزىگە ئىزاھات بېرىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن مۇشۇ لۇغەتنىڭ 3 ـ تومىنىڭ 293، ـ 294 ـ بەتلىرىدە «زامانىۋىلىشىش» ئاتالغۇسىغا بىر قەدەر يېقىن كېلىدىغان سۆزلەردىن «زامانىۋى، زامانىۋىلاشماق» دېگەن سۆزلەرگە ئىزاھات بېرىلگەن بولۇپ، زامانىۋى دېگەن سۆزگە: ھازىرقى زامانغا خاس، ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكا تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ۋە جاۋاب بېرەلەيدىغان دەپ، زامانىۋىلاشماق دېگەن سۆزگە: ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكا تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشماق، ماسلاشماق دەپ ئىزاھات بېرىلگەن. لۇغەتتىكى بۇ ئىزاھاتلاردىن بىز گەرچە «زامانىۋىلىشىش» ئاتالغۇسىنىڭ ئەينى مەنىسىگە ئېرىشەلمىسەكمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن ھەرھالدا مۇئەييەن چۈشەنچە ھاسىل قىلالايمىز. بۇ ئىزاھاتلاردىكى مەنىلەر ئىنگلىز تىلى ۋە خەنزۇ تىلىدىكى لۇغەتلەردە شەرھلەنگەن مەنىلەرگە ئاساسەن يېقىن كېلىدۇ، ئەمما ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇ سۆزلەر ئالدىنقى ئىككى تىلدىكى سۆزلەرگە ئوخشاش ئېنىق تارىخىي ۋاقىت ئۇقۇمىنى بىلدۈرەلمەيدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا «زامانىۋىلىشىش» ئاتالغۇسى بىلەن ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ۋاقىت ئۇقۇمى ئايرىۋېتىلگەن بولۇپ، ئالدىنقى ئىككى تىلدىكى «زامانىۋىلىشىش» ئاتالغۇسىنىڭ سۆز يىلتىزى ئۇيغۇر تىلىدا «ھازىرقى زامان» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەنگەن. ئەپسۇسلىنارلىقى، ئۇيغۇرلار تارىخ تەتقىقاتىنىڭ ئاجىزلىقى تۈپەيلىمۇ ياكى ئۇيغۇرلار تارىخىنىڭ دەۋرلەرگە بۆلۈنۈش ئېنىقسىزلىقى تۈپەيلىمۇ ۋە ياكى لۇغەت تۈزگۈچىلەرنىڭ بىردەكلىكنى ساقلاش خاھىشى تۈپەيلىمۇ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتىدىكى «ھازىرقى زامان» سۆزىنىڭ ئىزاھاتىغا «ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلى سۆزلۈكلىرى لۇغىتى»دىكى 现代 دېگەن سۆزنىڭ ئىزاھاتى تەرجىمە قىلىنىپلا كىرگۈزۈلۈپ قويۇلغان. بۇ بەلكىم خاتالىق ھېسابلانماسلىقى مۇمكىن، ئەمما مېنىڭچە، بۇ سۆزگە ئۇيغۇرلارنىڭ قايسى دەۋر، قايسى ۋاقىتتىن باشلاپ ھازىرقى زامان دەۋرىگە كىرگەنلىكىنى ئۆلچەم قىلىپ تۇرۇپ ئىزاھات بېرىش تولىمۇ زۆرۈر ئىدى. بىز شۇندىلا «زامانىۋىلىشىش»ئاتالغۇسى ۋە باشقا تارىخىي مەسىلىلەرگە تېخىمۇ ياخشى ئىزاھات بېرەلەيتتۇق. ماقالە سەھىپىسىنى ئۇزارتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن بۇ ھەقتە مۇشۇنچىلىك توختالماقچىمىز.

## 2. زامانىۋىلىشىش دېگەن نېمە؟

بىز يۇقىرىدا «زامانىۋىلىشىش»ئاتالغۇسىنىڭ ئۈچ خىل تىلدىكى لۇغەت مەنىلىرى بىلەن تونۇشۇپ ئۆتتۇق. بۇ ئۈچ خىل تىلدىكى «زامانىۋىلىشىش» ئاتالغۇسىنىڭ لۇغەت مەنىلىرى گەرچە بىزنى زامانىۋىلىشىش ھەققىدە ئاز ـ تولا چۈشەنچىگە ئىگە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار «زامانىۋىلىشىش دېگەن نېمە؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب بولالمايدۇ. بۇنىڭ جاۋابىنى «زامانىۋىلىشىش» توغرىسىدىكى مەۋجۇد نەزەرىيىلەر ئارقىلىق چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى، بىزدە ھازىرغىچە بۇ ھەقتە ئۆز ئانا تىلىمىزدا يېزىلغان مۇكەممەلرەك ماتېرىيال بولمىغاچقا، يەنىلا باشقىلارنىڭ مۇشۇ ھەقتىكى تەتقىقاتىغا مۇراجىئەت قىلىشقا مەجبۇرمىز.

زامانىۋىلىشىش نەزەرىيىسى توغرىسىدىكى تەتقىقات 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ ، 60 ـ يىللىرى بارلىققا كېلىشكە باشلىغان بولۇپ، بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنى ئەڭ دەسلەپ ئامېرىكىدىكى بىر تۈركۈم سىياسەتشۇناس، ئىقتىسادشۇناس ۋە جەمئىيەتشۇناسلار باشلىغان. بۇ ئاتالغۇ ئەڭ دەسلەپ ئامېرىكىدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، 1951 ـ يىلى ئىيۇندا ئامېرىكا ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش كومىتېتى چىقارغان «مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى»ژۇرنىلىنىڭ تەھرىراتى ئامېرىكىنىڭ چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئەينى چاغدىكى نامراتلىق، ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى تەكشۈسىزلىق ۋە ئامېرىكىنىڭ سىرتقا قاراتقان سىياسەتلىرى ھەققىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارغاندا، يىغىن قاتناشچىلىرى بىردەك يېزا ئىگىلىك جەمئىيىتىدىن سانائەت جەمئىيىتىگە ئۆتۈش جەريانىنى «زامانىۋىلىشىش»دېگەن ئاتالغۇ ئارقىلىق ئىپادىلەشنى مۇۋاپىق دەپ قارىغان ①. شۇنىڭدىن باشلاپ «زامانىۋىلىشىش» دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئىلىم ساھەسىدە كەڭ قوللىنىشقا باشلىغان ھەم ئۇ تەدرىجىي ھالدا تەتقىقاتچى ۋە نەزەرىيىچىلەرنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئانالىز قىلىشنىڭ رامكىسىغا ئايلىنىپ، «زامانىۋىلىشىش نەزەرىيىسى»بارلىققا كەلگەن، شۇنداقلا ھەرقايسى ئەللەردىكى جەلپكار تېمىغا ئايلانغان.

زامانىۋىلىشىش ـ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى بىر تارىخىي يۈزلىنىش سۈپىتىدە جەمئىيەت ئۇنىۋېرسال تەرەققىياتىنىڭ سەۋىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان بىر جەريان بولغاچقا، سىياسىيونلار، ئىقتىسادشۇناسلار ۋە جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ زامانىۋىلىشىش ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرى ھەر خىل بوپكەلدى. ئۇلار زامانىۋىلىشىشنى ئوخشىمىغان مەۋقە ۋە ساھە بويىچە ھەر خىل شەرھلىدى. سىياسىيونلار زامانىۋىلىشىشنى

جەمئىيەت سىياسىي قۇرۇلمىسىنىڭ بۆلۈنۈشى ۋە سىياسىيغا قاتنىشىشنىڭ كېڭىيىشى نۇقتىسىدىن ئىزاھلىدى. ئىقتىسادشۇناسلار ئىقتىسادنى زامانىۋىلاشتۇرۇش زامانىۋىلىشىشنىڭ ئىشقا ئېشىشىدىكى مۇھىم ھالقا دەپ قاراپ، ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈشنىڭ زامانىۋىلىشىشتىكى رولىنى تەكىتلىدى. جەمئىيەتشۇناسلار بولسا زامانىۋىلىشىشنى ئەنئەنىنىڭ قارشىسىدا قويۇپ، جەمئىيەتلەرنى ئەنئەنىۋى جەمئىيەت ۋە زامانىۋى جەمئىيەتكە ئايرىپ تۇرۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى مەركەز قىلغان ئاساستا، ئۆز كۆز قاراشلىرىنى شەرھلىدى. نەزەرىيە تەتقىقاتىدا زامانىۋىلىشىش مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئوخشىمىغان نۇقتىدىن چىقىپ ھەر خىل شەرھلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن زور كۆپچىلىك ئېتىراپ قىلىدىغان بىرلىككە كەلگەن كۆز قاراشلارمۇ يوق ئەمەس. كۆپ قىسىم كىشى زامانىۋىلىشىشنى مۇنداق ئىككى خىل مەنىدە چۈشىنىدۇ:

1. زامانىۋىلىشىش — تەرەققىي تاپقان ئەللەردە 16 - ئەسىردىن كېيىن، بولۇپمۇ سانائەت ئىنقىلابىدىن بۇيان يۈز بەرگەن چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەرنى كۆرسىتىدۇ.

2. زامانىۋىلىشىش—تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەرنىڭ دۇنيانىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يېتىشىۋېلىش داۋامىدىكى ھەرقايسى ساھەلەردىكى تەرەققىيات جەريانىنى كۆرسىتىدۇ ② .

زامانىۋىلىشىش ھەققىدىكى بىرلىككە كەلگەن بۇ چۈشەنچىدىن شۇ نەرسىنى قەيت قىلىشقا بولىدۇكى، زامانىۋىلىشىش دەسلەپ تەرەققىي تاپقان غەرب جەمئىيىتىدە بارلىققا كېلىپ، كېيىن غەربلىكلەرنىڭ نەزىرىدىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەرگە كۆچكەن ھەرىكەت. ئەمدى بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان تەرەققىي تاپقان ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان دېگەن ئىككى ئۇقۇم سانائەتلىشىشكە قارىتا ئېيتىلغان بولۇپ، 20 - ئەسىرنىڭ 40 - ، 60 - يىللىرى ياۋروپا، ئامېرىكىدىكى تەرەققىي تاپقان دېيىلگەن دۆلەتلەر سانائەتلىشىشنى ئاساسەن تاماملاپ بولغان، ئەمما ئاسىيا، ئافرىقىدىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەرنىڭ بەزىلىرى شۇ دەۋردە ھەتتا سانائەتلىشىشنىمۇ باشلىمىغانىدى. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، زامانىۋىلىشىش ئەڭ دەسلەپ غەربتە سانائەتلىشىشنى بەلگە قىلىپ بارلىققا كەلگەن. بۇنى بىز باشتا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن زامانىۋىلىشىش ئاتالغۇسىنىڭ بارلىققا كېلىش تارىخىدىنمۇ ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. ئەمما كېيىنچە زامانىۋىلىشىش نوقۇل يېزا ئىگىلىك جەمئىيىتىدىن سانائەت جەمئىيىتىگە ئۆتۈشنىلا كۆرسەتمەيدىغان بولدى، بەلكى ئۇ دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال تەرەققىيات سەۋىيىسىنى ئىپادىلەيدىغان ئۆلچەمگە ئايلاندى ھەم ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان دائىرە سەيمىل خانتىڭتون كۆرسىتىپ ئۆتكەن: «سانائەتلىشىش، شەھەرلىشىش، ساۋاتلىق بولۇش نىسبىتى، مائارىپ سەۋىيىسى، پاراۋانلىق دەرىجىسى، ئىجتىمائىي سەپەرۋەرلىك دەرىجىسىنىڭ ئۆسۈشى ۋە مۇرەككەپ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش» ③ تىن پۈتۈنلەي ھالقىپ، تەدرىجىي دۆلەتنىڭ ھەربىي مۇداپىئە تېخنىكىسى، قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلمىسى، ھاكىمىيەت ئەندىزىسى، سانائەتلىشىش سەۋىيىسى، دۆلەت پۇقرالىرىنىڭ دېموكراتىك ئېڭىنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقى قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولدى. ئەمما زامانىۋىلىشىش جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئۇنىۋېرسال سەۋىيىسىنى ئىپادىلەيدىغان ئۆلچەم بولغاچقا، زامانىۋىلىشىشنىڭ ئۆلچەم ھەم تەلەپلىرى، سان - سىپىرلىق قىممەت ئۆزگىرىشلىرى جەمئىيەت تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ باردى. شۇڭا، ھەرقايسى ئەللەر ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىگە ئاساسەن زامانىۋىلىشىش نىشانىنى ئوخشىمىغان دەرىجىدە بېكىتتى. بۇنى بىز دۆلىتىمىزنىڭ دەسلەپكى «تۆت زامانىۋىلاشتۇرۇش» چاقىرىقىدىن ھازىرقى دۆلەتنى قانۇن - تۈزۈم بويىچە ئىدارە قىلىش چاقىرىقىغىچە بولغان بىر مەزگىللىك تەرەققىيات باسقۇچىدىن كۆرۈۋالالايمىز.

ئەمدى شۇ نەرسىگە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇكى، تەرەققىي تاپقان ئەللەر بىلەن تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەرنىڭ سەرخىللىرى زامانىۋىلىشىشنى ئوخشىمىغان يوسۇندا شەرھلىدى ھەم ئۇنىڭغا ئوخشىمىغان پوزىتسىيە تۇتتى. تەرەققىي تاپقان ئەللەردە زامانىۋىلىشىش غەربلىشىش بىلەن باراۋەر ئورۇنغا قويۇلۇپ، كۆپىنچە غەربچە قىممەت قارىشى، سانائەتلىشىش، غەربچە دېموكراتىك تۈزۈم ئەۋزەللىكىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە غەربنىڭ زامانىۋىلىشىشتىكى «ئۈلگىلىك ئورنى»، «يېتەكچىلىكى» تەكىتلىنىپ، غەرب بولۇپمۇ ئامېرىكا بىر خىل ئالاھىدە ئۆلچەم سۈپىتىدە شەرھلەندى. غەرب ئىقتىسادشۇناسلىرى، جەمئىيەتشۇناسلىرى ۋە سىياسەتشۇناسلىرىنىڭ كۆپ قىسمى زامانىۋىلىشىشنى جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىزاھلاشتىكى بىر خىل ئىلمىي ئەندىزە دەپلا قالماستىن، ئۇنى دۇنيا ئۆزگىرىشىنىڭ مۇساپىسىنى چۈشىنىشتىكى ۋاستە، شۇنداقلا غەربنىڭ دۇنيا ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىشتىكى چارىسى دەپ قارىدى. بۇنى سەيمىل خانتىڭتون 1970 - يىللاردا ئوتتۇرىغا قويغان زامانىۋىلىشىش جەريانىنىڭ تۆۋەندىكى توققۇز خىل ئالاھىدىلىكىدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن:

**1. زامانىۋىلىشىش ئىنقىلاب جەريانى.** ئەنئەنىۋى جەمئىيەتتىن زامانىۋى جەمئىيەتكە ئۆتۈشنى پەقەت ئىنسانىيەتنىڭ پەيدا بولۇش ئۆزگىرىشى ۋە ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتكە ئۆتۈشى بىلەنلا سېلىشتۇرۇش مۇمكىن.

**2. زامانىۋىلىشىش مۇرەككەپ جەريان.** ئۇ ئەمەلىيەتتە ئىنسانىيەتنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بارلىق ساھەلەردىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**3. زامانىۋىلىشىش سىستېمىلىق جەريان.** بىر خىل ئامىلنىڭ ئۆزگىرىشى باشقا ھەر خىل ئامىللارنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەم تەسىر كۆرسىتىشچانلىققا ئىگە.

**4. زامانىۋىلىشىش يەر شارى خاراكتېرلىك جەريان.** زامانىۋىلىشىش 15 - ، 16 - ئەسىرلەردە ياۋروپادىن باشلانغان، ئەمما ھازىر دۇنيا خاراكتېرلىك ھادىسىگە ئايلىنىپ كەتتى.

**5. زامانىۋىلىشىش باسقۇچلۇق جەريان.** ھەممە جەمئىيەتلەرنىڭ زامانىۋىلىشىش جەريانىنى ئوخشىمىغان سەۋىيە ياكى باسقۇچلارغا بۆلۈش مۇمكىن.

**6. زامانىۋىلىشىش ئۇزاق مەزگىللىك جەريان.** زامانىۋىلىشىش چېتىلىدىغان پۈتكۈل ئۆزگىرىشلەرنى ۋاقىت بولغاندىلا ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

**7. زامانىۋىلىشىش ئوخشاش جەريان.** ئەنئەنىۋى جەمئىيەت ئوخشىمىغان تىپتا مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ، ئەمما زامانىۋى جەمئىيەت ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاپ كېتىدۇ.

**8. زامانىۋىلىشىش توسۇپ قالغىلى بولمايدىغان جەريان.** زامانىۋىلىشىش جەريانىدا بەزى جەھەتلەردە ۋاقىتلىق ئوڭۇشسىزلىق ۋە تاسادىپىي چېكىنىش كۆرۈلۈشى مۇمكىن، ئەمما ئومۇمىي جەھەتتىن ئېلىپ

www.uyghurkitap.com

ئېيتقاندا، زامانىۋىلىشىش بىر ئۇزاق مەزگىللىك يۈزلىنىشتۇر.

9. زامانىۋىلىشىش ئالغا بېسىش جەريانى. ئەنئەنىۋى جەمئىيەتتىن زامانىۋى جەمئىيەتكە ئۆتۈش مەزگىلىدە زامانىۋىلىشىشقا تۆلەيدىغان بەدەل زور ۋە ئازابلىق بولىدۇ، يىراق كەلگۈسىدىن قارىغاندا، زامانىۋىلىشىش ئىنسانىيەتنى ماددىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن بەختكە ئېرىشتۈرىدۇ ④.

سەيمىل خانتىڭتون ئوتتۇرىغا قويغان زامانىۋىلىشىش جەريانىنىڭ بۇ توققۇز خىل ئالاھىدىلىكىدىن غەرب زىيالىيلىرىنىڭ زامانىۋىلىشىشقا تۇتقان پوزىتسىيىسى ۋە ئۇلارنىڭ زامانىۋىلىشىش چۈشەنچىسىنى ئاز ـ تولا ھېس قىلىشقا بولىدۇ. ئەمدى گەرچە غەربتە زامانىۋىلىشىش توغرىسىدا بىرلىككە كەلگەن مۇكەممەل تەبىر بارلىققا كەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن غەرب زىيالىيلىرىنىڭ زامانىۋىلىشىش توغرىسىدىكى نەزەرىيىلىرىنىڭ يادرولۇق قىسمىنى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك تۆۋەندىكى بىرقانچە تەسەۋۋۇر ئۈستىگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: 1. «ئەنئەنىۋى» جەمئىيەت بىلەن «زامانىۋى» جەمئىيەت ئۆزئارا مۇناسىۋەتسىز بولۇپ، پۈتۈنلەي قارىمۇ قارشى؛ 2. جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىيەت ئۆزگىرىشلىرى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك؛ 3. تەرەققىيات يۆنىلىشى بىرلىككە كەلگەن، تۈز سىزىق شەكلىدىكى نىشان بويىچە زامانىۋى دۆلەت قۇرۇش يۆنىلىشىنى بويلاپ ئۆزگىرىدۇ؛ 4. تەرەققىي قىلىۋاتقان جەمئىيەتلەر تەرەققىي تاپقان جەمئىيەتلەر بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغاندىلا ئۇلارنىڭ تەرەققىياتى تېزلىشىدۇ ⑤ . ئەمدى بۇ مەزمۇنلاردىن روشەن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، غەرب زىيالىيلىرى زامانىۋىلىشىش توغرىسىدىكى نەزەرىيىلەردە غەربنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىنى تەكىتلەپ، زامانىۋىلىشىش ئەندىزىسى ۋە يۆنىلىشىنى بەلگىلىگۈچى سۈپىتىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ئەمما مۇشۇ يەردە مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدىغان بىر نۇقتا شۇكى، غەرب زىيالىيلىرىنىڭ زامانىۋىلىشىش توغرىسىدىكى نەزەرىيىۋى تەتقىقاتى دۇنيادىكى زور كۆپ قىسىم ئەللەرنىڭ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى تەرەققىيات نىشانىنى بەلگىلىك ئۇقۇم رامكىسى بىلەن تەمىنلىدى ھەم دۇنيانىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتتى.

ئەمدى زامانىۋىلىشىش ئۇقۇمى ۋە نەزەرىيىسى ھەققىدىكى تەتقىقات بىز يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك ئەڭ بۇرۇن غەربتە باشلىنىپ، نەزەرىيىۋى تەتقىقاتتا غەرب زىيالىيلىرى يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلىۋالغاچقا، تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەرنىڭ زىيالىيلىرى ۋە سەرخىللىرى زامانىۋىلىشىش ھەققىدىكى تەتقىقاتتا غەربنىڭ نەزەرىيىۋى تەتقىقاتىغا ئەگەشتى ۋە زامانىۋىلىشىشنى غەرب تەمىنلىگەن ئۇقۇم رامكىسى بويىچە چۈشىنىشكە مەجبۇر بولدى. بۇنى بىز قولىمىزدا بار ماتېرىياللاردىكى «زامانىۋىلىشىش»قا بېرىلگەن تەبىردىن ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى 1999 ـ يىلى يېڭىدىن نەشر قىلغان تۆت توملۇق «ئوكيانوس»نىڭ 3 ـ تومىنىڭ 3981 ـ بېتىدە «زامانىۋىلىشىش»يەنى « 现代化 »غا مۇنداق تەبىر بېرىلگەن:

زامانىۋىلىشىش ـ تەرەققىي قىلمىغان جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي تاپقان جەمئىيەتكە ئايلىنىش جەريانى ۋە نىشانى. جەريان دېگەندە، ئۇ ئىلغار پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى، ئىشلەپچىقىرىش ئىستېمال سەۋىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشىنى، جەمئىيەت قۇرۇلمىسى ۋە سىياسىي ئىدېئولوگىيىدىكى شۇنىڭغا ماس ئۆزگىرىش (ئۇ، سىياسىينىڭ دېموكراتىيىلىشىشى، ئەقلىيچىلىك ۋە ئىلمىي روھ، جەمئىيەت ھەرىكىتى ۋە زامانىۋىلاشقان كىشىلىك خاراكتېرنى بەلگە قىلىدۇ)نى كۆرسىتىدۇ. نىشان دېگەندە، ئۇ ئومۇمەن ھازىرقى تەرەققىي تاپقان جەمئىيەتلەر پايدىلىنىش سىستېمىسى قىلغان ئىلغار پەن ـ تېخنىكا سەۋىيىسى، ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى ۋە ئىستېمال سەۋىيىسىنى كۆرسىتىدۇ. زامانىۋىلىشىش دولقۇنى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن باشلانغان بولۇپ، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ زامانىۋىلىشىش ئەندىزىسى ئوخشاشمايدۇ.

بۇ تەبىرنى تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەرنىڭ زامانىۋىلىشىش ھەققىدىكى تەبىرلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ دېگىلى بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭدىن تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەرنىڭ زامانىۋىلىشىشقا تۇتقان پوزىتسىيىسى ۋە چۈشەنچىسىنى ئاز ـ تولا ھېس قىلىش تامامەن مۇمكىن. دېمەك بۇ تەبىردىن غەربنىڭ زامانىۋىلىشىشتىكى يېتەكچىلىك ئورنى ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەرنىڭ زامانىۋىلىشىش ھەققىدىكى ئۇقۇم رامكىسىنى كىمنىڭ بېكىتكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭدىكى سىياسىينىڭ دېموكراتىيىلىشىشى، ئەقلىيچىلىك ۋە ئىلمىي روھ دېگەندەك ئاتالغۇلاردىن غەربچە قىممەت قارىشىنىڭ ھىدى پۇراپ تۇرىدۇ. مۇشۇنداقكەن، زامانىۋىلىشىش گەرچە پۈتۈنلەي غەربلىشىش بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ غەربنىڭ مەھسۇلاتى سۈپىتىدە غەربچە دېتاللاردىن قۇراشتۇرۇلغان تەرەققىيات ئەندىزىسى بولغاچقا، ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى زامانىۋىلىشىشقا ئوخشىمىغان پوزىتسىيە تۇتتى. سەيمىل خانتىڭتون بۇنى زامانىۋىلىشىش ۋە غەربلىشىشنى تەڭ ئىنكار قىلىش، ئىككىلىسىنى تەڭ قوبۇل قىلىش ياكى زامانىۋىلىشىشنى قوبۇل قىلىپ، غەربلىشىشنى ئىنكار قىلىشتەك ئۈچ خىل پوزىتسىيىگە يىغىنچاقلايدۇ. سەيمىل خانتىڭتوننىڭ بۇ باھاسى قارىماققا ناھايىتى ئوبيېكتىپ بېرىلگەن باھادەك كۆرۈنىدۇ. ئەمما ئۇ تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەرنىڭ زامانىۋىلىشىشقا تۇتقان پوزىتسىيىسى بىلەن غەربلىشىشكە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى تەڭ ئورۇنغا قويۇپ پىكىر يۈرگۈزۈپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەرنىڭ غەربلىشىشكە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى زامانىۋىلىشىشقا تۇتقان پوزىتسىيە سۈپىتىدە سۈرەتلەپ بەرگەن. ئەمەلىيەتتىمۇ تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەرنىڭ زامانىۋىلىشىشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئىنكارچىلىق پوزىتسىيىسى قانداقتۇر زامانىۋىلىشىشنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىش بولماستىن، بەلكى غەرب مۇستەملىكىچىلىكىنىڭ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى يېڭى تەسىرىنى چەكلەش ئۈچۈن قايتۇرغان ئىنكاسى ئىدى. شۇڭا، تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەرنىڭ زامانىۋىلىشىشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ساددىيلارچە ئىنكارچىلىق پوزىتسىيىسىنى، ماھىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا غەربلىشىشكە تۇتقان پوزىتسىيە دېيىشكە بولىدۇ. بۇنداق دېيىشىمىزدە، بىر جەمئىيەتنىڭ زامانىۋىلىشىشى پەقەت تاشقى تەسىرنىڭ بېسىمى بىلەنلا ئىشقا ئاشىدىغان پاسسىپ ئالغا ئىلگىرىلەش جەريانى بولماستىن، بەلكى ئىچكى ئېھتىياجنىڭ تەقەززاسى پەيدا قىلغان ئاكتىپ دائىملىق تەرەققىيات جەريانىدۇر. ئەمدى تۈركىيىچە زامانىۋىلىشىش ۋە غەربلىشىشنى تەڭ قوبۇل قىلىشنى زامانىۋىلىشىشقا قايتۇرغان ئىنكاس دېگەندىن كۆرە، غەرب مۇستەملىكىچىلىكى ئالدىدىكى تەسلىمچىلىك دېيىشكە بولىدۇ. بۇنى سۇنىڭ چوڭقۇر ـ تېيىزلىكىنى ئۇقمايلا، بۇرۇن ـ قۇلىقىنى تۇتۇۋېلىپ سۇغا سەكرىگەن غەۋۋاسنىڭ تەقدىرىگە ئوخشىتىشقا بولىدۇ. چۈنكى بۇ خىل رېئاللىقنى تۈركىيىنىڭ بۈگۈنكى خەلقئارادىكى زامانىۋىلىشىپ ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتىن كۆرە غەربنىڭ كۈنلۈكى ئاستىدا سايىداشقا تېخىمۇ قىزىقىشتەك رېئاللىقى ۋە غەربنىڭ ئۇلارغا تۇتۇۋاتقان سوغۇق پوزىتسىيىسىدىن كۆرۈۋالماق تەس ئەمەس. ئىسلامچە ئىسلاھاتچىلىق مۇنداقچە

ئېيتقاندا، زامانىۋىلىشىشنى قوبۇل قىلىپ غەربلىشىشنى رەت قىلىشتەك بۇ
خىل پوزىتسىيىنى زامانىۋىلىشىشقا قايتۇرۇلغان ئىنكاس دېگەندىن كۆرە،
غەربلىشىش ۋە يەرلىك مەدەنىيەتنىڭ ئاساسلىق قىممەت قاراشلىرى
ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەسسەچىلىك دېگەن تۈزۈك. بۇنى 20 ـ ئەسىرنىڭ
30 ـ يىللىرى ئىسلام ئەللىرىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىسلاھاتچىلىق ھەرى-
كەتلىرى ۋە ئورغۇن ئەرەب ئەللىرىنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ سىياسىي ھاكى-
مىيەت ئەندىزىسىدىن ۋاز كېچىشى ياكى ئۇنى ئىسلاھ قىلىش ھەرىكىتى،
دىنىي ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكىتى جەريانىدا كۆرۈلگەن ئېغىشتىن كۆرۈ-
ۋالىماق تەس ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەرەققىيات ئىچكى ئېھتىياجى تۇ-
غۇلمىغان ياكى ئۇنى بەلگىلەش ھوقۇقى ئۆزىدە بولمىغان ئەللەرنىڭ
تاشقى تەسىرنىڭ بېسىمىغا مۇرەسسەچىلىكتىن باشقا ئىنكاس قايتۇرۇش
ھوقۇقىمۇ بولمايدۇ.

ئۇنداقتا «زامانىۋىلىشىش» دېگەن زادى نېمە؟ بۇ ھەقتە تەتقىقات-
چىلارنىڭ كۆز قاراشلىرى ھەر خىل بولۇپ، ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىش ئۇ-
چۇن مول نەزەرىيىۋى بىلىم ۋە تەتقىقات كېتىدۇ. پېقىر بۇ جەھەتتىكى
ئاددىي ئىزدەنگۈچى بولغاچقا، ئۇنىڭغا باشقىلارنى قايىل قىلغۇدەك جا-
ۋاب بېرىشكە قادىر ئەمەسمەن. شۇڭا بۇ تېمىنى جۇڭگونىڭ زامانىۋىلە-
شىش تەتقىقاتى مۇتەخەسسىسى، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەرھۇم پ-
روفېسسورى لورۇڭچۇ ئەپەندىنىڭ «زامانىۋىلىشىش توغرىسىدىكى يېڭى
قاراشلار» دېگەن كىتابىدىن ئېلىنغان بىر نەقىل بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن.
لورۇڭچۇ ئەپەندى كىتابىدا دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل ئالىملىرىنىڭ زا-
مانىۋىلىشىش توغرىسىدىكى شەرھلىرىنى يىغىنچاقلاپ زامانىۋىلىشىشقا
مۇنداق تەبىر بېرىدۇ: «تارىخ نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، زامانىۋىلە-
شىش دۇنيا خاراكتېرلىك جەريان بولۇپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى سانائەت
ئىنقىلابىدىن بۇيان باشتىن كەچۈرگەن بىر مەيدان زور ئۆزگىرىشنى
كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۆزگىرىش سانائەتلىشىشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ
قىلغان بولۇپ، ئۇ ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىك جەمئىيىتىنىڭ زامانىۋى سانا-
ئەت جەمئىيىتىگە ئۆتۈشىدىكى يەر شارى خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش جەر-
يانىدۇر. زامانىۋىلىشىش ـ سانائەتچىلىكنى سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنى-
يەت، ئىدىيىدىن ئىبارەت ھەرقايسى ساھەلەرگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈپ،
شۇنىڭغا ماس زور ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى؛ ... زامانىۋىلىشىش ئىنسا-
نىيەت جەمئىيىتىنىڭ يېقىنقى مەزگىللىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانى
بولۇش سۈپىتى بىلەن، يۈكسەك تەرەققىي تاپقان سانائەت جەمئىيىتىنىڭ
ئىشقا ئېششىنىمۇ ئۆزىنىڭ ئاساسلىق تاماملىنىش بەلگىسى قىلىدۇ» ⑥.

### 3. زامانىۋىلىشىشنىڭ «ئارقىسىدا»

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى تەرەققىي تاپ-
قان غەرب ئەللىرىدە قوزغالغان زامانىۋىلىشىش دولقۇنى پۈتكۈل دۇنياغا
كېڭىيىپ، زامانىۋىلىشىش تەرەققىي قىلىۋاتقان ۋە تەرەققىي قىلمىغان
ئەللەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك شېرىن ئارزۇسىغا ئايلىنىپ، پۈتكۈل دۇنيادىكى
كۆپ قىسىم ئەللەر ئۆزلىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا تىرىشقان يېرىم ئە-
سىردىن كېيىنكى بۈگۈنكى دۇنياغا قارايدىغان بولساق، زامانىۋىلىشىش
يەنىلا كۆز ئالدىمىزدا خىرە نامايان بولىدۇ. دۇنيادىكى تەرەققىي تاپقان
ئەللەر بىلەن تەرەققىي قىلىۋاتقان ۋە تەرەققىي قىلمىغان ئەللەر ئوتتۇر-
سىدىكى ئۇنىۋېرسال تەرەققىيات پەرقىنىڭ ھېلىھەم شۇ قەدەر زورلۇقى
كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. زامانىۋىلىشىشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈ-
چى ھېسابلىنىدىغان پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىدىكى ئالەمشۇمۇل مۇ-
ۋەپپەقىيەتلەر بىر تەرەپتىن كىشىگە ئۈمىد بېغىشلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن
پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىدىكى كېتىنسىزلىق ۋە پەن ـ تېخنىكىدىكى
بەشەرىي ( 人文 ) روھنىڭ ئاجىزلىشىشى، پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى
بىلەن ئەخلاق ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭسىزلىق، پەن ـ تېخنىكىنىڭ زو-
مىگەرلىكنىڭ ۋاستىسىگە ئايلىنىپ كېتىشى كىشىنى تەشۋىشلەندۈرىدۇ.
زوراۋان دۆلەتلەر قوزغىغان ئادالەتسىز ئۇرۇشلار، كىشىنى تەشۋىشلەن-
دۈرىدىغان ئاتوم بومبىلارنىڭ كۈندە دېگۈدەك پارتلاپ تۇرۇشى، دۆ-
لەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈچلۈك ـ ئاجىزلىق تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان
بىنورمال سىياسىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر، بىر قىسىم تەرەققىي تاپقان
ئەللەرگە قارىتىلغان تېررورلۇق ھۇجۇملىرى دۇنيادا تېخىچە زوراۋانلىق
ۋە مۇستەملىكىچىلىكنىڭ ئۆزۈل ـ كېسىل ئاخىرلاشمىغانلىقىنى ئىسپات-
لاپ تۇرۇپتۇ. دۇنيانىڭ بۈگۈنكى بۇ خىل رېئاللىقى زامانىۋىلىشىشنىڭ
ئالىملار ۋە مۇتەپەككۇرلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدەك گۈزەل بىر تەرەق-
قىيات مەنزىرىسى ئىكەنلىكىگە قارىتا كىشىدە گۇمان پەيدا قىلىدۇ ھەم
زامانىۋىلىشىشنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ئاخىرقى ھېسابتا شۇ ئاتالغۇ ياكى
نەزەرىيىنىڭ مۇئەييەن تارىخىي دەۋردە ئوينايدىغان رولىنى زور دەرى-
جىدە بەلگىلەيدۇ ھەم شۇ تارىخىي دەۋرنىڭ يۆنىلىشىگە تەسىر كۆرسە-
تىدۇ. بىز بۇ خىل رېئاللىقنى سىياسىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدا تەدرى-
جىي ئۇنتۇلۇپ كېتىشكە باشلىغان «سىنىپ»، «بۇرژۇئازىيە»، «پرو-
لېتارىيات» دېگەندەك ئاتالغۇلارنىڭ تارىخىمىزدا قالدۇرغان ئۇنتۇلغۇ-
سىز ئەسلىمىلىرىدىن ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. شۇڭا، سىياسىي، ئىجتىمائىي
تۇرمۇشىمىزدا بىلىش رامكىسى سۈپىتىدە ئومۇملىشىپ كەتكەن بىر قىسىم
ئاتالغۇ، نەزەرىيىلەرنىڭ قايسى خىل تارىخىي شارائىت ۋە مۇددىئالارنىڭ
مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈپ كۆرسەك ھەم بىلىۋالساق، نۇرغۇن
مەسىلىلەرنىڭ جاۋابىغا ئېرىشەلەيمىز ھەم ئورۇنسىز بەدەللەردىن ساق-
لىنالايمىز.

زامانىۋىلىشىش ۋە زامانىۋىلىشىش نەزەرىيىسى دەسلەپ نۇرغۇن
كىشىنى ئۈمىدلەندۈرگەن، كىشىلەر زامانىۋىلىشىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى
قۇدرەت تاپقۇزالايدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ۋە بىر قىسىم دۆلەتلەر شۇ ئار-
قىلىق تەرەققىي تاپقان ئەللەرگە يېتىشىۋېلىش، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەر-
تىش ئارزۇسىدا بولغانىدى. ئەمما دۇنيانىڭ بۈگۈنكى سىياسىي، ئىجتى-
مائىي رېئاللىقى، دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى بۇرۇندىن باشلاپ داۋاملىشىپ
كېلىۋاتقان بېقىنىش ـ بېقىندۇرۇش مۇناسىۋىتى، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى
غەرب زوراۋانلىقى ۋە مۇستەملىكىچىلىكنىڭ باشقىچە يوسۇندا ئىپادىلە-
نىشى ۋە بارغانسېرى كۈچىيىشى، غەرب ئوتتۇرىغا قويغان زامانىۋىلىشىش
نەزەرىيىسىنىڭ غەربنىڭ ئىلگىرىكى مۇستەملىكىچىلىك نەزەرىيىسىنىڭ
داۋامى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ غەربنىڭ خەلقئارادىكى مەنپەئەتى ۋە ئىمتىيازى
بىلەن ئىچكى بىردەكلىككە ئىگە ئىكەنلىكى، شۇنداقلا، بۇ زامانىۋىلە-
شىشنىڭ غەرب باشقىلارغا تەسۋىرلەپ كۆرسەتكەندەك ئاجىزلارنىڭ
بەخت رىسالىسى ئەمەس، بەلكى كۈچلۈكلەرنىڭ ئويۇنى ئىكەنلىكىنى
يېتەرلىك ئىسپاتلاپ بەردى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ غەربتىكى ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېر-
مانىيە قاتارلىق قېرى مۇستەملىكىچى ئەللەرنىڭ مۇستەملىكىچىلىكى
ئارقا ـ ئارقىدىن يىمىرىلگەندىن كېيىن، دۇنيادا سوۋېت ئىتتىپاقى باش-
چىلىقىدىكى سوتسىيالىزم لاگېرى ۋە ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى كاپىتالىزم
لاگېرىدىن ئىبارەت ئىككى قۇتۇپ شەكىللەندى. دۇنيادىكى دۆلەتلەر
مۇشۇ قۇتۇپنىڭ قايسىسىغا مەنسۇپلۇقىغا ئاساسەن ئۆزلىرىنىڭ خەلقئا-
رادىكى ئورنى، دۆلەت سىياسىتى ۋە ئىستراتېگىيىسىنى بەلگىلەشكە

www.uyghurkitap.com

باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن تارىختا «سوغۇقچىلىق ئۇرۇشى»دەپ ئاتالغان
سوتسىيالىزم لاگېرى بىلەن كاپىتالىزم لاگېرى ئوتتۇرىسىدىكى دۇنيا
سەھنىسىدىكى ئۈستۈنلۈكنى تالىشىش كۈرىشى باشلاندى. بۇ كۈرەشتە
«كوممۇنىزم»نەزەرىيىسى يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان نۇرغۇن دۆلەتنى
ئۆزىگە كۈچلۈك جەلپ قىلغاچقا، ئاسىيا، ئافرىقا ۋە لاتىن ئامېرىكىسى-
دىكى مۇستەملىكىدىن يېڭى قۇتۇلغان دۆلەتلەر غەرب مۇستەملىكىسىگە
بولغان ئۆچمەنلىكى تۈپەيلى، سوۋېت ئىتتىپاقى باشچىلىقىدىكى سوتسى-
يالىزم لاگېرىغا مايىل بولدى. بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ئاتوم بومبىسىنى
مۇۋەپپەقىيەتلىك پارتلىتىپ، كۈچ جەھەتتىن ئامېرىكىغا جەڭ ئېلان قىل-
غاندىن كېيىن، سوتسىيالىزم لاگېرىغا مايىل دۆلەتلەرنىڭ كوممۇنىزمغا
بولغان ئىشەنچىسى ۋە ئېتىقادى تېخىمۇ كۈچىيىپ، دۇنيادا ئامېرىكا
باشچىلىقىدىكى غەرب دۇنياسىغا قارشى كۈچلۈك ئىدېئولوگىيە لاگېرى
شەكىللەندى. بۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۇنياسى
كۈچلۈك رىقابەت ۋە خىرىسقا دۇچ كەلدى. بولۇپمۇ ئامېرىكا ھۆكۈمىتى
ئۆزىنىڭ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا ئاتوم بومبىسى ئارقىلىق تىكلىگەن سىيا-
سىي، ئىقتىسادىي ئىمتىيازىنىڭ يىمىرىلىشىدىن ۋە خەلقئارادىكى نوپۇزى-
نىڭ ئاجىزلىشىپ كېتىشىدىن تەشۋىشلىنىشكە باشلىدى. ئۇلاردا سوتسى-
يالىزم لاگېرىدىكىلەرگە ئوخشاش جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئەندىزى-
سىنى غايىۋى تەسۋىرلەپ بېرەلەيدىغان جەلپكار نەزەرىيە سىستېمىسى
بولمىغاچقا، ئامېرىكا سىياسىيونلىرى ئامېرىكىنىڭ كەلگۈسى مەنپەئىتى ۋە
خەلقئارا نوپۇزى دۇچ كېلىدىغان تەھدىتنىڭ قورال كۈچى ياكى باشقا
نەرسىدىن ئەمەس، بەلكى سوتسىيالىزم ئىدېئولوگىيىسىدىن كېلىدىغانلى-
قىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاق-
داشلىرى سوتسىيالىزم لاگېرىنىڭ خەلقئارادىكى كۈچىنى چەكلەشنى ئۆز-
لىرىنىڭ يىراق كەلگۈسى مەزگىللىك سىياسىي غايىسى قىلىپ بېكىتتى.

بۇ يىراق مەزگىللىك غايىگە يېتىشتە، ئۇلار ئالدى بىلەن سوتسىيالىزم
لاگېرىغا ئەگەشكۈچىلەرنىڭ كوممۇنىزمغا بولغان ئېتىقادىنى ئاجىزلاش-
تۇرۇشى ۋە مۇكەممەل بىر يېڭى نەزەرىيىۋى سىستېما ئارقىلىق جەمئىيەت
تەرەققىياتىنىڭ قەدەم باسقۇچى ۋە كەلگۈسىنى ماركسىزم نەزەرىيىسىگە
ئوخشىمايدىغان يوسۇندا شەرھلەپ بېرىشى كېرەك ئىدى. دەل مۇشۇ
خىل شارائىتتا زامانىۋىلىشىشتىن ئىبارەت بۇ يېڭى ئۇقۇم رامكىسى سوت-
سىيالىزم لاگېرىدىكىلەرگە قارشى سىياسەت بەلگىلىگۈچىلەرنى ئۆزىگە
جەلپ قىلدى ھەم ئۇلارنى جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئانالىز قىلىدىغان
ئۇقۇم رامكىسى بىلەن تەمىنلىدى. زامانىۋىلىشىشتىن ئىبارەت بۇ ئۇقۇم
ئامېرىكا كېنىدىي ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسەت تەتقىقاتچىسى روستوۋ ئېيتقان-
دەك: «بىر ئىلمىي تەتقىقات ئەندىزىسى بولۇپلا قالماستىن، ئۇ دۇنيا
ئۆزگىرىشىنىڭ تەرەققىياتىنى چۈشىنىشنىڭ ۋاستىسى، شۇنداقلا ئامېرى-
كىنىڭ دۇنيا ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك
قىلىشىنىڭ چارىسى» ⑦ ئىدى. شۇڭا، 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ ، 60 ـ يىل-
لىرى ئامېرىكىدا مەخسۇس دۆلەتلىك تەتقىقات فوندى تەسىس قىلىنىپ،
نۇرغۇن زامانىۋىلىشىش نەزەرىيىسى تەتقىقاتچىسى بارلىققا كېلىپ، زاما-
نىۋىلىشىش بىر ئىلمىي تەتقىقاتقا ئايلاندى. بۇ تەتقىقاتقا جەمئىيەتشۇ-
ناسلار، سىياسىيونلار، ئىقتىسادشۇناسلار، ئىستراتېگىيىچىلەر قاتناشتى.
ئۇلارنىڭ نەزەرىيىۋى تەتقىقاتى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ تەدبىر بەلگىلە-
گۈچىلىرىنى ئامېرىكىنىڭ خەلقئارادىكى مەنپەئىتى ۋە ئىمتىيازىنى قوغ-
داش، سوتسىيالىزم لاگېرىدىكىلەرنىڭ كۈچىنى چەكلەش قاتارلىق جە-
ھەتلەردە سىياسەت بەلگىلەشتە يېتەرلىك ئۇچۇر بىلەن تەمىنلىدى. شۇڭا،
زامانىۋىلىشىش نەزەرىيىسىنى مىچىل تسام ئېيتقاندەك: «سوغۇقچىلىق
ئۇرۇشىنىڭ مەھسۇلى» ⑧دېيىشكە بولىدۇ.

ئەمدى زامانىۋىلىشىش نەزەرىيىسى ۋە رامكىسىنىڭ بۇ خىل بارلىققا
كېلىش تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى، ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيىتى ۋە رولى
جەھەتتىن ئۇنىڭ بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندەك ئامېرىكىنىڭ،
جۈملىدىن غەربنىڭ مەنپەئىتى بىلەن ئىچكى بىر دەكلىككە ئىگە بولۇشنى
بەلگىلىگەن. بىز بۇنى زامانىۋىلىشىش نەزەرىيىلىرىدىكى دۆلەتلەرنىڭ
«تەرەققىي تاپقان»، «تەرەققىي تاپمىغان» دەپ بۆلۈنۈشى، جەمئىيەت-
لەرنىڭ «ئەنئەنىۋى جەمئىيەت»، «زامانىۋى جەمئىيەت» دەپ ئايرى-
لىشى، مۇشۇ خىل بۆلۈش ـ ئايرىشلاردا غەربنىڭ ئۈلگىلىك ئورنىنىڭ
تەكىتلىنىشى ۋە تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بىلەن تەرەققىي تاپمىغان دۆ-
لەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەن ـ تېخنىكا، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەت-
تىكى پەرقلەر ئارقىلىق غەربلىكلەرنىڭ «ئەقلىيلىكى»، «قىممەت قارى-
شى»نىڭ كۆككە كۆتۈرۈلۈشى، تەرەققىي تاپمىغان دۆلەتلەرنى غەربتىن
ئۆگىنىشكە چاقىرىق قىلىش باھانىسىدا، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت قىممەت
قارىشىنىڭ كەمسىتىلىشى نۇقتىسىدىن كۆزىتىدىغان بولساق ھەم
ئۇنى زامانىۋىلىشىش نەزەرىيىسىدىن بۇرۇن بارلىققا كەلگەن «غەرب
مەركەزچىلىك» نەزەرىيىسى، «ئىرقىي ئەۋزەللىك» قارىشى بىلەن
سېلىشتۇرىدىغان بولساق، زامانىۋىلىشىش نەزەرىيىسىنىڭ ئاشۇ نەزەرى-
يىلەر بىلەن ماھىيەت جەھەتتىن مۇئەييەن ئىچكى باغلىنىشچانلىق ۋە
ئورتاقلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرۈۋالالايمىز. تارىختا غەرب مۇستەم-
لىكىچىلىرى «غەرب مەركەزچىلىك» نەزەرىيىسى ۋە «ئىرقىي ئەۋ-
زەللىك» قارىشى ئارقىلىق غەرب مۇستەملىكىسى ۋە غەرب كېڭەيمىچى-
لىكىنى ئاقلىغان ھەم مۇستەملىكە رايونلىرىدا غەرب مۇستەملىكىسىنىڭ
مۇستەھكەملىنىشى ئۈچۈن ئىجتىمائىي ئاساس سالغان. ئەمدى زامانىۋى-
لىشىش نەزەرىيىسىنى گەرچە غەرب مۇستەملىكىچىلىكى ۋە كېڭەيمىچى-
لىكىنىڭ دەستىكى دېگىلى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا «غەرب مەركەز-
چىلىك» نەزەرىيىسى ۋە «ئىرقىي ئەۋزەللىك» قارىشىنىڭ دېتاللىرى
سىڭدۈرۈلمىگەن دەپ كېسىپ ئېيتقىلى بولمايدۇ. چۈنكى زامانىۋىلىشىش
تەسەۋۋۇرى بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ۋە زامانىۋىلىشىشنىڭ
بىر خىل ئۆلچەم سۈپىتىدە پۈتكۈل دۇنياغا كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، پۈت-
كۈل دۇنيانىڭ غەرب قىممەت قارىشى، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ قورشاۋىدا
قېلىشى، تەرەققىي تاپمىغان ئەللەرنىڭ بارغانسېرى كىرىزىسقا دۇچ كې-
لىشى، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى مەدەنىيەتنى نىقاب قىلغان يېڭىچە غەرب
مۇستەملىكىچىكىنىڭ كۈچىيىپ كېتىشى يۇقىرىقى قارىشىمىزنىڭ پۈتۈنلەي
سەپسەتە ئەمەسلىكىنى دەلىللەپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئامېرىكا كې-
نىدىي ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسەت تەتقىقاتچىسى روستوۋنىڭ: «زامانىۋىلە-
شىش مۇستەملىكىچىلىكنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ. ئۇ، ئەركىن دۇنيانىڭ شىما-
لىي يېرىمى بىلەن جەنۇبىي يېرىمى ئوتتۇرىسىدا بىر خىل يېڭىچە كېيىنكى
مۇستەملىكە مۇناسىۋىتىنى ھاسىل قىلىدۇ» ⑨دېگەن سۆزلىرى بۇ قا-
رىشىمىزنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ خېلى كۆپ قىسىم كۆزگە كۆ-
رۈنگەن غەرب زىيالىيلىرى غەرب مۇستەملىكىسى بىلەن زامانىۋىلىشىش-
نىڭ ئىچكى مۇناسىۋىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ، بۇنى ئۇلارنىڭ ئەسەرلە-
رىدىن كۆرۈۋالماق تەس ئەمەس. مەسىلەن، ئامېرىكا خارۋارد ئۇنىۋېر-
سىتېتىنىڭ پروفېسسورى، كۆزگە كۆرۈنگەن ئىستراتېگىيىچى، «مەدەنى-
يەتلەر توقۇنۇشى» نەزەرىيىسى ئارقىلىق پۈتكۈل دۇنيا ئىلىم ساھەسىدە
زور غۇلغۇلا قوزغىغان سىياسەت تەتقىقاتچىسى سەيمىل خانتىڭتون

ئۆزىنىڭ «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنياۋى تەرتىپنىڭ قايتا قۇرۇلۇشى» دېگەن كىتابىدا: «غەرب كېڭەيمىچىلىكىنىڭ غەيرىي غەرب ئەللىرىنىڭ زامانىۋىلىشىشى ۋە غەربلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكى»نى مۇئەييەنلەشتۈردى ھەم غەيرىي غەرب ئەللىرىنىڭ زامانىۋىلىشىشقا تۇتقان پوزىتسىيىسى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزگەندە، زامانىۋىلىشىش بىلەن غەربلىشىشنى باراۋەر ئورۇنغا قويۇپ تۇرۇپ مۇلاھىزە يۈرگۈزدى. دېمەك، زامانىۋىلىشىش يەنە بىر نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، غەربنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك مەنپەئەتى ۋە سىياسىي ئىستراتېگىيىسىنىڭ مەھسۇلى. بىز بۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى ۋە زامانىۋىلىشىش بىلەن تەڭ پۈتكۈل دۇنياغا كېڭەيگەن غەرب مەدەنىيىتى، غەرب قىممەت قارىشىنىڭ غەربكە يەتكۈزگەن بۈگۈنكى سىياسىي، ئىقتىسادىي پايدىسىدىن ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز.

قانداق زامانىۋىلىشىش كېرەك؟

دۇنيا پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىدىكى زور ئىلگىرىلەشلەر ھەم دۇنيانى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇپ تۇرۇۋاتقان ئىلغار ئالاقە ۋاستىلىرى، ئېلېكترونلۇق ئالاقىلىشىش ئۈسكۈنىلىرى دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسىنى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئۆتۈپ كەتكەن ھەرقانداق بىر تارىخىي دەۋردىكىدىن زور دەرىجىدە كۈچەيتىۋەتتى. بۇ خىل ئالاقىدە تەرەققىي تاپقان ئەللەر ۋە خەلقلەر بىلەن تەرەققىي قىلىۋاتقان ۋە تەرەققىي قىلمىغان ئەللەر، خەلقلەر ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى پەرق مانا مەن دەپلا ئاشكارىلاندى ھەم بۇ خىل پەرق زامانىۋىلىشىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ بارغانسېرى زورايدى. دۇنيا ئىقتىسادىدىكى تەڭپۇڭسىزلىق ۋە ھەرقايسى ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى باي ـ نامراتلىق پەرقى دۇنيادا يېڭى ـ يېڭى مەسىلىلەرنى پەيدا قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەندەك زامانىۋىلىشىشنىڭ بارلىققا كېلىش تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ئۇنىڭ غەربنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئەتى بىلەن ئىچكى بىردەكلىككە ئىگە بولۇشى، غەربنىڭ بولۇپمۇ ئامېرىكىنىڭ دۇنيادىكى زوراۋانلىقى ۋە مەدەنىيەت مۇستەملىكىچىلىكىنى كۈچەيتىۋەتتى. بۇ ھال تەرەققىي قىلىۋاتقان ۋە تەرەققىي قىلمىغان ئەللەر ۋە خەلقلەرنىڭ مەۋجۇدلۇقىغا خىرىس شەكىللەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن زامانىۋىلىشىشتىن ئىبارەت بۇ تېما تەرەققىي قىلىۋاتقان ۋە تەرەققىي قىلمىغان ئەللەر ۋە خەلقلەرنىڭ ئالدىغا تەرەققىيات مەسىلىسى سۈپىتىدىلا ئەمەس، ئۆزلىرىنىڭ دۇنيادىكى بۇنىڭدىن كېيىنكى مەۋجۇدلۇقى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك مەسىلە سۈپىتىدە قويۇلدى. بۇ مەسىلىنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىي قىلىۋاتقان ۋە تەرەققىي قىلمىغان خەلقلەر ئۈچۈن نوقۇل تەرەققىيات مەسىلىسىدىن ھالقىپ كېتىشى، ئەمەلىيەتتىمۇ دۇنيادىكى تەرەققىي تاپقان ئەللەر پەيدا قىلغان خىرىسنىڭ خېلىلا ئېغىرلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنى بىر خىل مەسىلە سۈپىتىدە سەگەكلىك بىلەن ئالدىن بايقاش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىلىم سەرخىللىرى بار ئەللەر ۋە خەلقلەر بۇنىڭغا ئاللىبۇرۇن ھازىرلىنىپ بولغان بولسا، بىزدەك خىرىس ۋە كىرىزىس ئېڭى، دۇنياۋى تېمىلارنى مۇلاھىزە قىلىش ئىقتىدارى ئاجىز ئەللەر ۋە خەلقلەر خىرىس بوسۇغىسىغا قىستاپ كەلگەندە ئاندىن بۇ تېمىنى ئۆزلىرىنىڭ مۇلاھىزە كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزدى.

ئەمدى زامانىۋىلىشىشتىن ئىبارەت بۇ تېما ھەرگىزمۇ يەككە تەتقىقات تېمىسى بولماستىن، ئۇ بىر مىللەت ۋە دۆلەت مەۋجۇدلۇقىنىڭ ئىچكى ـ تاشقى ئامىللىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك مۇرەككەپ نەزەرىيىۋى تەتقىقات تېمىسى بولغاچقا، ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى نۇرغۇن مەسىلىگە جاۋاب بېرىش ۋە كۈچلۈك نەزەرىيىۋى تەتقىقات قوشۇنىنىڭ بولۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەندەك زامانىۋىلىشىشنىڭ بارلىققا كېلىش تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ئۇنىڭ غەربنىڭ يىراق ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئەتى بىلەن ئىچكى بىردەكلىككە ئىگە بولۇشى ھەم بۈگۈنكى خەلقئارادىكى زامانىۋىلىشىشنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك يۈزلىنىشى بىزنىڭ بۇ مەسىلىگە سەگەكلىك بىلەن قارىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى بۈگۈنكى دۇنيادىكى زامانىۋىلىشىشنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشىدىن قارىغاندا، ئاساسىي ئېقىم يەنىلا غەربكە ئەگىشىش بولۇپ، ئالىملار ئورتاق ئېتىراپ قىلغان بازار ئىگىلىكى، شەخسچىلىك ۋە دېموكراتىيىدىن ئىبارەت زامانىۋىلىشىشنىڭ ئۈچ چوڭ ئامىلىنىڭ ھەممىسى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تۇپرىقىدا شەكىللەنگەن. بۇلارنى بەزى مەدەنىيەتلەر قوبۇل قىلالىسىمۇ، لېكىن بەزى مەدەنىيەتلەر قوبۇل قىلالمايدۇ. شۇڭا زامانىۋىلىشىش مەسىلىسى بىر مۇرەككەپ تەتقىقات تېمىسى بولۇپ، ئۇنىڭ مۇرەككەپلىكى نوقۇل يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەندەك بىر مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ مەۋجۇدلۇقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات تېمىسى بولۇپ قالغانلىقىدىلا ئەمەس، بەلكى ئوخشىمىغان مەدەنىيەت ۋە خەلقلەرنىڭ ئۆزگىچە باب كېلىدىغان زامانىۋىلىشىش نەزەرىيە سىستېمىسى بەرپا قىلىش ـ قىلالماسلىقىدا. چۈنكى دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت، ئەنئەنە، قىممەت قارىشى ۋە ئىدېئولوگىيە سىستېمىسىنىڭ بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىشى زامانىۋىلىشىش نەزەرىيىسى ھەممىباپلىقىنى چەتكە قاقىدۇ. يەنى بىر مىللەت ياكى بىر دۆلەتكە ماس كېلىدىغان زامانىۋىلىشىش ئەندىزىسى باشقا بىر دۆلەت ياكى مىللەتكە باب كەلمەسلىكى مۇمكىن. شۇنداقكەن، زامانىۋىلىشىشنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات تېمىسى قىلغان ھەرقانداق بىر خەلق ئورۇنسىز تارىخىي بەدەللەرنى تۆلەشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ مىللىي ئەنئەنىسى ۋە سالاھىيىتىنى بېكىتىپ چىقىشى زۆرۈر. شۇندىلا قانداق زامانىۋىلىشىش مەسىلىسى ئايدىڭلىشىدۇ. چۈنكى زامانىۋىلىشىش مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ئەنئەنە ۋە سالاھىيەتنىڭ كېڭىيىشى ۋە يارقىنلىشىشى بولۇپ، بۇنى بۈگۈنكى تەرەققىي تاپقان ئەللەر ۋە خەلقلەرنىڭ رېئاللىقى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. بۇنى بىز سەيمىل خانتىڭتوننىڭ غەرب مەدەنىيىتىنىڭ زامانىۋى مەدەنىيەتكە ئايلىنىشتىن ئىلگىرىلا ئۆزىگە خاس ئەنئەنىگە بوپكەلگەنلىكىنى ھەم شۇ خىل ئەنئەنىنىڭ غەربنىڭ زامانىۋىلىشىشىدا مۇئەييەن رول ئوينىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، غەربنىڭ سالاھىيىتىنى بېكىتىدىغان (كلاسسىك مەراسلار، كاتولىك دىنى ۋە پروتېستانت دىنى، ياۋروپادىكى تىللار، مەنىۋى نوپۇز ۋە ئەلمانىيە نوپۇزىنىڭ ئايرىلىشى، قانۇن ـ تۈزۈم، ئىجتىمائىي كۆپ مەنبەچىلىك، ۋەكىل ئاپپاراتلىرى، شەخسچىلىك) سەككىز خىل ئالاھىدىلىكنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ھەم بۇ ئالاھىدىلىكلەرنى غەربنىڭ ۋە دۇنيانىڭ زامانىۋىلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا يېتەكچىلىك رول ئوينىغان دەپ قارىشىدىن كۆرۈۋالالايمىز. ئەمەلىيەتتىمۇ زامانىۋىلىشىش ئەنئەنىنىڭ راۋاجلىنىشى بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ ئەنئەنىنىڭ يوقىلىشى، سالاھىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ئەمەس. شۇڭا «زامانىۋىلىشىش»نىڭ دۇنياۋى تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى ئىلمىيلىك ۋە سوغۇققانلىق بىلەن يەكۈنلىگەن

پارتىيىمىز جۇڭگونىڭ زامانىۋىلىشىشنى ئېنىق قىلىپ «جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش»دەپ بېكىتتى!

جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغان بىز ئۇيغۇرلارمۇ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ئاساستا زامانىۋىلىشىشتا ئۆزىمىزنىڭ ئەنئەنىسى ۋە سالاھىيىتىنى بېكىتىدىغان ئالاھىدىلىكلەرنى قىسقىچە قىلىپ تۆۋەندىكىدەك كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

1. «ئۇيغۇر»دېگەن ئېتنىك نام. ئۇيغۇر دېگەن بۇ نامنىڭ ئېتنىك تارىخى تولىمۇ ئۇزاق بولۇپ، يىراق ئەسىرلەردىن بۇيان ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنى مۇشۇ نام بىلەن ئاتاپ كەلگەن. ئۇ بىزنىڭ تارىختىكى ۋە بۈگۈنكى مىللىي سالاھىيىتىمىزنى بېكىتىشتىكى ئالاھىدە نام. بىز مۇشۇ نام ئارقىلىق ئۆزىمىزنى تونۇپ ھەم تونۇتۇپ كەلمەكتىمىز.

2. ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر يېزىقى. ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر يېزىقى ئۇيغۇر دېگەن ئېتنىك نامدىن قالسىلا بىزنىڭ تارىخىمىز ۋە سالاھىيىتىمىزنى ئىسپاتلايدىغان، ئۆزىمىزنى ئىپادىلەيدىغان ئالاھىدە بەلگە بولۇپ، ئۇ بىزنى باشقىلاردىن پەرقلەندۈرىدىغان مۇھىم ئامىل. ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر يېزىقى ئۆزىنىڭ ئىپادىلەش جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقى ۋە ئۆزگىچىلىكى بىلەن باشقا تىل ۋە يېزىقلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇيغۇر تىلى ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئوخشىمىغان يېزىقلاردا ئىپادىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ھازىر قوللىنىۋاتقان ئۇيغۇر يېزىقى 11 ـ ئەسىرلەردە شەكىللىنىشكە باشلىنىپ، ھازىرغا كەلگەندە تولۇق مۇكەممەللەشكەن يېزىققا ئايلانغان. ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر يېزىقى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تۇرمۇشىدىكى ئەڭ مۇھىم ئالاقىلىشىش ۋاستىسى بولۇپ، شىمالدا ئىلى ۋادىلىرىدىن باشلىنىپ جەنۇبتا خوتەنگىچە بولغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنىڭ كاپالەتلەندۈرگۈچىسى. «قوش تىللىقلىشىش» ئالدىنقى شەرتى ئاساسىدا ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ھەسسە قوشۇش ۋە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى ئىزچىللاشتۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

3. ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئىتى. ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئىتى ئۇيغۇرلار مەدەنىيەت بايلىقىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئۆزىگە خاس ئەدەبىيات ـ سەنئەت بايلىقىغا ئىگە. ئۇيغۇر 12 مۇقامى ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئۇيغۇرلار ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ خاسلىقى، چىنلىقى مۇجەسسەملەنگەن. ئۇ ئۇيغۇرلار مەنىۋى ھاياتىنىڭ يۈلەنچۈكى بولۇپلا قالماستىن، ئۇيغۇرلار شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ تەۋرەنمەس ھاياتىي كۈچىنى ئىپادىلەپ كەلگەن.

4. ئۇيغۇرچە ئەخلاق ئەندىزىسى. ئۇلار ئائىلە، جەمئىيەت ۋە شەخسلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەشتە ئۆزىگە خاس ئەخلاق ئەندىزىسى ياراتقان بولۇپ، بۇ خىل ئەخلاق ئەندىزىسىگە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بۇيانقى دۇنيا ۋە قىممەت قارىشى، ياخشى ـ يامانلىق قارىشى، گۈزەللىك قارىشى مۇجەسسەملەنگەن. ئۇيغۇرچە ئەخلاق ئەندىزىسى ئاتا ـ بالا، ئەر ـ ئايال، قولۇم ـ قوشنا، مېھمان ـ ساھىبخانلىق مۇناسىۋىتىدىكى ئۆزگىچە ئەخلاق پرىنسىپلىرى بىلەن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى ئىجتىمائىي تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپلا كەلمەستىن، ئۇيغۇرلار بىلەن باشقا خەلقلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى تەڭشەپ كەلگەن. شۇڭا، ئۇيغۇرچە ئەخلاق ئەندىزىسىنى ئۇيغۇرلار مەنىۋىيىتىنىڭ ۋاز كېچىشكە بولمايدىغان تاشقى پوستى، دېيىشكە بولىدۇ.

5. ئۇيغۇرلارنىڭ قوبۇل قىلىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش ئىقتىدارى. مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۇچرىشىش تارىخىدا سىرتقى مەدەنىيەتلەرنى قوبۇل قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈش ئىقتىدارى بولمىغان خەلقلەرنىڭ باشقا مەدەنىيەتلەر تەرىپىدىن يېيىلىپ كېتىش تارىخى كۆپ. ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بۇيان شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئۇچرىشىش تۈگۈنىدە ياشاپمۇ ئۆزىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قېلىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ يات مەدەنىيەتلەرنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنى يەرلىكلەشتۈرۈپ ئۆزلەشتۈرۈش ئىقتىدارىنىڭ باشقا مىللەتلەردىن كۈچلۈك بولۇشى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. بۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىكى كۆپ خىل دىن ۋە مەدەنىيەت بىلەن ئۇچرىشىش تارىخىدىن كۆرۈۋالماق تەس ئەمەس. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ خىل قوبۇل قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈش ئىقتىدارى تارىختىن بۇيان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە رەڭدارلىق، ئۆزگىچىلىك ۋە سىجىللىق بېغىشلىغان.

بۇ بىر قانچە ئامىل بەلكىم بىر پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئەنئەنە ۋە سالاھىيىتىنى بېكىتىشتە يېتەرلىك ئاساس بولالماسلىقى مۇمكىن. ئەمما بۇلار بىزنىڭ زامانىۋىلىشىشىمىز داۋامىدا كەم بولسا بولمايدۇ. شۇڭا ئۇلارغا زامانىۋىلىشىش داۋامىدا بەلگىلىك ئورۇن بېرىلىشى زۆرۈر. شۇندىلا دۇنياغا يۈزلىنىپ زامانىۋىلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش داۋامىدىكى مەۋجۇدلۇق رىقابىتىدە ئۆزىمىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلىيالايمىز.

### خاتىمە ئورنىدا

زامانىۋىلىشىش توغرىسىدىكى بۇ مۇرەككەپ تېما گەرچە كەسپىي نەزەرىيىۋى تەتقىقات تېمىسى بولسىمۇ، لېكىن ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلىشىش ئۈچۈن پېقىر ئۆزۈمنى چاغلىماي بۇ ئاددىي مۇلاھىزىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھوزۇرىغا سۇندۇم. ئۇنىڭدىكى كۆز قاراشلار توغرىدۇ يا خاتادۇر. ئەمما ئۇنىڭ مۇشۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشكە پىلتە بولۇپ بېرىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. چۈنكى دەۋر، جۈملىدىن بىزنىڭ رېئاللىقىمىز بىزنى مۇشۇ ھەقتىكى نەزەرىيىۋى تەتقىقات ۋە ئىزدىنىشكە تەقەززا قىلماقتا.

2004 ـ يىلى 5 ـ نويابىر، شەھىرى خوتەن


### ستاتا مەنبەلىرى

① جۇۋېي: «غەرب زامانىۋىلىشىش نەزەرىيىسى ۋە جۇڭگونىڭ زامانىۋىلىشىش يولى»، «ئىسلاھات ۋە نەزەرىيە» ژۇرنىلى 2003 ـ يىل 1 ـ سان.

② نوڭ شياڭ: «زامانىۋىلىشىش دېگەن نېمە؟» تور ماتېرىيالى.

③ سەيمىل خانتىڭتون: «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنياۋى تەرتىپنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىل 1 ـ نەشرى، 96 ـ بەت.

④ نوڭ شياڭ: «زامانىۋىلىشىش دېگەن نېمە؟» تور ماتېرىيالى.

⑤ مىچېل تسام: «ئىدېئولوگىيىگە ئايلىنىپ كەتكەن زامانىۋىلىشىش»، مەركىزىي تەرجىمە نەشرىياتى 2003 ـ يىل 1 ـ نەشرى، 6 ـ بەت.

⑥ نوڭ شياڭ: «زامانىۋىلىشىش دېگەن نېمە؟»تور ماتېرىيالى.

⑦، ⑧، ⑨ مىچېل تسام: «ئىدېئولوگىيىگە ئايلىنىپ كەتكەن زامانىۋىلىشىش»، مەركىزىي تەرجىمە نەشرىياتى 2003 ـ يىل 1 ـ نەشرى 27 ـ بەت.


---

ئاپتور: خوتەن ۋىلايەت مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ تىلماچى



# خەلق ۋەكىللىرىدىن سادا

## بىر قىرغىز دېھقاندىن سادا

### ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى

### بەت ئاچار

ھۆرمەتلىك مۇھەررىر، يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىشلىرى كۆپ تەرەققىياتلارغا قول يەتكۈزدى. رادىئو - تېلېۋىزىيىنىڭ ئاڭلىتىش - كۆرسىتىش ۋاقتى 1980 - يىللاردىكى بىر نەچچە سائەت ئاڭلىتىش - كۆرسىتىلىشتىن ھازىرقى پۈتۈن كۈنلۈك، مۇقىم ھالەتكە ئۆتتى (ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق تىللىرىدىكى شۇنداق). بۇنىڭدىكى غايەت زور نەتىجىلەر بۇ ھەقتىكى تەشۋىقاتلاردا كۆپ قېتىم مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن قايتا تەكىتلەپ تەسرات سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوق. مەن پەقەت رادىئو - تېلېۋىزىيىدىكى خەلقىمىزنىڭ «ئىستېمال» ئىدېئولوگىيىسىگە يات بولۇۋاتقان بەزى مەسىلىلەر توغرىلىق ئوي قوزغاپ كۆرۈشنى لايىق تاپتىم. بۇ يازمام رادىئو - تېلېۋىزىيە خىزمەتچىلىرىنىڭ جاپالىق ئەمگەكلىرىنى يوققا چىقىرىش ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئويلىنىشى ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ دىققەت - نەزىرىگە ئېرزىيەلەيدىغان، قەلبىگە سىڭىپ كىرەلەيدىغان ئېسىل - سەرخىل پروگراممىلار توغرىلىق ئىزدىنىپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

### سادا

كىچىك ۋاقتىلىرىم ئىدى. يېزىمىزغا ئەمدىلا توك كېلىشكە باشلە-
غان بولسىمۇ، بىراق تېلېۋىزور تېخى ئومۇملاشمىغان، ھەممىلا ئائى-
لىدە جۇپ باتارىيىلىك كىچىككىنە رادىئو ياڭراپ تۇرىدىغان چاغلار
ئىدى. ئېتىز ـ ئېرىقلارغا ئىشقا ماڭغان ئاتا ـ ئانىلىرىمىز رادىئونى
بىرگە ئېلىۋېلىپ يەر تۈزلەيتتى، ئورما ئورۇيتتى، كېۋەز تېرەتتى، سۇ
ئاچاتتى، مال باقاتتى. ئايدىڭلاردا ھويلىدىكى چەللە ـ پېشايۋانلارنىڭ
ئاستىدا زەدىۋال تۇتۇلغان چالما تاملارغا يۆلەنگەنچە بالىۋاقىلىرى
بىلەن جۇغلىشىپ ئولتۇرۇپ رادىئودىن «غېرىب ـ سەنەم»، «غۇنچەم»،
«رابىيە ـ سەئىدىن»، «مۇدەنخان»، «نازۇكۇم»، «پالۋان
كەلدى»، «چاپان قىز»... قاتارلىق ئوپېرا، دراما، رادىئو دراملىرى
ۋە مۇقاملار، كۈلدۈرگە ـ چاقچاقلار، مۇزىكا ـ سەنەملەرنى تىڭشايتتى. بىكار قالغان ياشلار مەھەللىنىڭ كېسىشكەن دوقمۇشىدا ئولتۇرۇپ
ئولتۇرۇپ ئەدەبىي ئاڭلىتىشلاردىن بىرگە ھۇزۇرلىناتتى. «مەمەت ئاۋاق»، «ئىز» قاتارلىق رومانلارنى ئېسەدىشىپ تۇرۇپ ئاڭلىغانلىرىمىز ھېلىمۇ ئېسىمدە. ئەختەم ئۆمەر ئاكىنىڭ (يازغۇچى ئەختەم ئۆمەر 1980 ـ يىللاردا قەشقەر خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ دىكتورى
ئىدى. ـ مۇھەررىردىن) تەبىئىي جاراڭلىق ئاۋازى، يەتمىش ئىككى
تۈرلۈك ئۆزگىرىشچان ئاۋازلىق ئەدەبىي ئاڭلىتىش ئۇسۇلى ھازىر
قايتا يارالمىغان ئەسلىمە بوپقالدى. رادىئو ئاڭلاش تەبىئىي قىزغىنلىققا
ئايلىنىپ، رادىئودىن ئىبارەت بۇ مەنىۋى ھەمراھ دېھقانلارنىڭ ئەڭ
يېقىن سىرداش دوستىغا ئايلانغانىدى. ئاڭلىتىش ۋاقتى ئاز بولسىمۇ،
ئاز ئىدى. پروگراممىلار يېقىشلىق، تارتىملىق، تەسىرلىك ئىدى.
ئەلە ئەھۋالى ئېغىر، قىينىچىلىقتا ئۆتۈۋاتقان دېھقانلار باتارىيە سېۋالالمىسا، گېزىتنى كانايچە قىلىپ سەككىز ـ ئون تال كونا باتارېينى يۆگەپ رادىئونى جاراڭلىتىۋېتەتتى. قەيەرگە قارىساڭ خۇشھال،
قاينام ـ تاشقىنلىق، ئىللىق مەنزىرە، كۆتۈرەڭگۈ كەيپىيات بار ئىدى.

2

يېزىلارغا توك تارتىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن تېلېۋىزور دېھقان
ئۆيلىرىگە بىر ـ بىرلەپ كىرىشكە باشلىدى. رادىئودىن كۆپ ئاڭلاپ
قانمايدىغان «غېرىب ـ سەنەم»، «رابىيە ـ سەئىدىن»...لەرنى ئېكراندىن كۆرۈپ تولىمۇ خۇشاللاندۇق. ئۇ چاغلار ھەممە ئۆيدە بىردىن تېلېۋىزور يوق چاغلار ئىدى. تېلېۋىزور بار ئۆيگە يەتتە ـ سەككىز ئائىلىلىك دېھقان ئولىشىپ، تال باراڭنىڭ ئاستىدا تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى كۆرەتتۇق. پاشائىشان، ئايشەم قەييۇم، ئەركىن قۇتبىددىنلەرنىڭ ئۆزگىچە جاراڭلىق ئاۋازىدىن قىن ـ قىنىغا پاتماي
ئۇسسۇلغا چۈشۈپ ـ سەكرەپ كېتىشكەن بىز باللارغا قاراپ ئاتا ـ
ئانىلىرىمىز خۇشھال كۈلەتتى. «نەسىرىددىن ئەپەندى»، «خانىش
ئامانىسا»، «تەڭرىتاغ ئېتىكىدە» ... قاتارلىق كىنو ـ تېلېۋىزىيە
فىلىملىرىنى كۆرۈپ قانمايتتۇق.

ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ دېھقان ئۆيلىرىدە كىچىككىنە 14 ديويملۇق رەڭسىز تېلېۋىزور ئومۇملىشىشقا باشلىدى. ھەممىلا دېھقان ئۆيلىرىدە ئولتۇرۇپ تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى كۆرەلەيدىغان بولدى. شوخ سەنەمگە چۈشكەن ئارتىسلار كېپىنەكتەك پىرقىراپ ئېكراندا پەيدا بولسا، يۈزلىرىنى قورۇق باسقان دېھقان ئاتا ـ ئانىلىرىمىز باللىرىنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، نەۋرە ـ
چەۋرىلىرىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئىللىق كەيپىيات ئىچىدە ئائىلىسى بويىچە
جەملىشىپ تېلېۋىزور كۆرۈشكە ئادەتلەندى. تېلېۋىزور دېھقانلارنىڭ
مەنىۋى ھاردۇق چىقارغۇچىسى بولۇپ رادىئونىڭ ئورنىنى ئالدى. رادىئو ئاستا ـ ئاستا تېلېۋىزورغا ئورۇن بوشىتىپ قوشامچە ئورۇنغا
ئۆتتى. بۇزۇلغان رادىئو بۇزۇلغان پېتى، باتارىيىسى تۈگىگىنى باتارېيسىز پېتى تەكچىلەردە توپا بېسىپ قالدى. ھەممىلا يەردە تېلېۋىزور
قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى.

3

جەنۇبىي شىنجاڭدا توكنىڭ تورلىشىشى، تېلېۋىزىيە سىگناللىرىنىڭ
ھەممە يەرنى قاپلىشىشى خەلقىمىزنى تېلېۋىزوردىن ئايرىلالمايدىغان
قىلىپ ئادەتلەندۈرۈشكە باشلىدى. ئاز ساندىكى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئېتىبارىدا مەۋجۇد بولۇپ تۇرىۋاتقان رادىئومۇ بوش كەلمەي، بۇ مەنىۋى
رىقابەتتە داۋاملىق ئىستېمالچى تالاشتى. رادىئو بىلەن تېلېۋىزىيە ھەر
ئىككىسى ئۆزىدە بار بولغان ئارتۇقچىلىقلىرى ئارقىلىق ئوخشاش بولمىغان ساندىكى «ئىستېمالچى» لىرىنى مەنىۋى جەھەتتىن ئوزۇقلاندۇرۇپ كېلىۋاتقاندا، تېلېۋىزىيە ئۆزلۈكىدىن ئۆز كۈرسىنى چۈشۈرۈشكە
يۈزلەندى: 45 مىنۇتلۇق بىر فىلىم ئاخىرلاشقىچە نەچچە ئون قېتىم قايتىلاپ كۆرسىتىلىدىغان بەزى لاۋزا ـ ئېتىقسىز ئېلانلار بىر ئوبدان بىر
قىسىملىق فىلىمنى تىلەمچىنىڭ نېنىدەك پارچە ـ پۇرات قىلىپ تاشلىشى،
ئېكراندىكى بەزى كۆپتۈرمە ـ ساختا ئېلانلار، شەھۋانىي ـ بىمەنە كۆرۈنۈشلەر، ھاياسىز ـ ئۇياتسىز چۈشەندۈرمىلەر، نېرۋىنى چارچىتىدىغان
ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، گۈلدۈر ـ گالاپلار شەرم ـ ھايانى بىرىنچى ئورۇنغا
قويىدىغان، ساغلام ـ ساپ ئىدېئولوگىيىگە ئىگە ئەڭ كۆپ ساندىكى يېزىلىق دېھقان كۆرۈرمەنلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالدى. يېزىلىقلار
بۇرۇنقىدەك ئائىلىسى بويىچە جەملىشىپ، نەۋرە ـ چەۋرىلىرىنى قۇچىقىغا
ئېلىپ ئىللىق كەيپىيات ئىچىدە تېلېۋىزور كۆرەلمەيدىغان بولۇشتى.
چۈنكى بويىغا يەتكەن قىز بالىسى، بالاغەتكە يەتكەن ئوغۇل بالىسى بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ «ھەيز تەڭشەش كومۇلچى»، «باھنى قۇۋۇەتلەش
كومۇلچى»نى ماختاپ ئەزۋەيلىگەن كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈش تولىمۇ
بىئەپ بولغانلىقتىن، خەۋەر ۋە مەخسۇس پروگراممىلارنى دېمىسە تېلېۋىزور كۆرۈشنىڭ ھېچ مەززىسى قالمىدى (ھەتتا مۇشۇ كەمدە پارتىيىنىڭ
ئاۋازىدىن ئىبارەت خەۋەر پروگراممىسىغىمۇ چاكىنىلىشىپ ئېلانلارنى
قىستۇرۇپ بىزارلىق تۇيغۇسىنى قوزغايدۇ). مەشرەپ ۋە روزى ھېيت،
قۇربان ھېيتلىق سەنئەت كېچىلىكىدىن باشقا جەملىشىپ ئولتۇرۇپ بىرگە
كۆرگىدەك پروگراممىلارنىڭ تايىنى قالمىدى. چەت ئەللەر ۋە ئېلىمىزنىڭ
تەرەققىي قىلغان ئۆلكىلىرىنىڭ ئىشلىگەن گاھى كىنو ـ تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدىكى كاسىسىنى مەكىت قوچقىرىنىڭ قويرۇقىدەك، كۆكسىنى
تەكلىماكان ياۋا تۆگىسىنىڭ لوككىسىدەك ئوچۇق لىغىرلىتىپ يۈرۈۋېرىدىغان ئاياللار بىزنىڭ مۇھىتىمىزدا قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان يات
كۆرۈنۈش بولغىنى ئۈچۈن ئائىلىلەردە ئاتا ـ بالا بىرگە تېلېۋىزور كۆرۈش خۇددۇكسىرەش ئالامەتلىك مەززىسىز پائالىيەت بوپقالدى. بىزنىڭ
ھازىرقى تۇرمۇش سەۋىيىمىزدىن مەلۇمكى، بىر ئۆيدە بىر تېلېۋىزور
بولۇش تېخى ئومۇمىي ئەھۋالغا ئايلىنىپ بولالمىغان يەردە، ئاتا ـ ئانا
ئۈچۈن بىر، بالىۋاقا ئۈچۈن بىر تېلېۋىزور بولۇشى تېخى «يىراق مۇساپىلىك» ئەھۋال. ئاكا ـ سىڭىلمۇ بىرگە ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرگىلى
بولمايۋاتقان بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا كۆرۈرمەنلەرنىڭ ئاشۇ «ھاياسىز ـ
ئېتىقسىز» تېلېۋىزورىغا كۆچى يەتتى ـ دە، بار ئاچچىقىنى تېلېۋىزورنى
كۆرمەسلىكتىن ئالدى. بىر مەھەل قىزغىنلىققا ئايلانغان تېلېۋىزور
كۆرۈش قىزغىنلىقى شاپىدە بېسىقىپ، بەزى ئائىلىلەردە تېلېۋىزور-

www.uyghurkitap.com

لارنى توپا بېسىپ، چاشقانلارنىڭ «بەيگە مەيدانى»غا ئايلاندى.

خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجى بىر قەدەر قۇرغاق. چاكىنا تېلېۋىزىيە كۆرۈنۈشلىرىدىن بىزار بولغىنى بىلەن مەنىۋى ئۇسسۇزلۇقى مەۋجۇد بولۇپ تۇردى. بىر ۋاقىتلاردا تاشلاپ قويۇلغان رادىئولارغا قايتا باتارىيە سېلىندى ياكى رېمونتخانىلارغا ئاپىرىلدى. ئىلگىرىكى ئىللىق مەنىۋى تۇرمۇشنى ئەسلىشىپ، مەزمۇنى ساغلام مەنىۋى ئوزۇقنى رادىئودىن ئىزدەپ «ئات ئايلىنىپ يۈرۈپ ئوقۇرنى تاپتى». رادىئو ئاڭلاش يېزىلاردا بىردىنلا قايتا ئومۇمىي كۆرۈنۈشكە ئايلاندى.

4

بىزنىڭ مەھەللىدە «بۇزۇلمىغان كىم قالدى؟» دېگەن بىر تۇراقلىق ئىبارە بار. «ئۆرۈك ئۆرۈكنى كۆرسە ئالا بوپتۇ» دېگەندەك، ھە دېگەندە قۇلىقىمىزغا چاپلىغان رادىئومۇ ئەمدىلىكتە «ئالا» بولغاندى. ئىلگىرىكى بوش ۋاقىتلاردا قويۇپ قويۇلىدىغان «دىل كۈيى» مۇزىكىلىرى ئەمدىلىكتە بەزى چاكىنا ـ لاۋزا ئېلانلارغا يېپىنچا قىلىپ قويۇلغانىدى. ئاڭلىتىۋاتقان ئېلانلار تۈرىنىڭ ئوخشاش ۋە كۆپلىكىدىن بەئەينى «نەيزە ۋە قالقان» دېگەن مەسەلدىكىدەك كۈلكىلىك، ھەجۋىي كۆرۈنۈش كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولغىلى تۇردى: پۇل بەرسىلا تاۋۇزدەك دوملاپ يۈرۈپ ھەممىنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈۋېتىدىغان، «ئىلغىماي يەيدىغان» تېتىقسىز بەزى ئېلان پروگراممىلىرى خەلق ياخشى كۆرگەن رادىئونى پۇل ئۈچۈن ھەممىنى دېيىشتىن يانمايدىغان ئۇترۇقسىز بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. بولۇپمۇ يېقىنقى ۋاقىتلاردىن بېرى يولغا قويۇلغان «قىزىق لىنىيىلىك سۆھبەت» پروگراممىسى گەرچە ئۇچۇر يەتكۈزۈش جەھەتتە يېڭىلىق ياراتقان بولسىمۇ، «نەيزەم ئۆتكۈر، ھەرقانداق قالقاننى تېشىۋېتەلەيدۇ» دەپ بولۇپ، «قالقىنىم پۇختا، ھېچقانداق نەيزە ئۆتمەيدۇ» دېگەندەك ئوخشاش تۈردىكى دورىلارنى «دوملاپ يۈرۈپ» ماختاپ ئادەمنىڭ كۈلكىسىنى قىستىسا، كېسەل كۆرمەي دىئاگنوز قويۇپ، چىرايىنى كۆرمەي دورا بۇيرۇغان سۆزلەر غىدىقىنى قوزغايدۇ. ھەتتاكى بەزى سۆھبەتلەردىكى بىھايا ـ ئۇياتسىز پاراڭلار غەزىپىڭنى قوزغايدۇ. مەسىلەن:

—ھە، مەسلىھەتىڭىز بارمۇ؟ (ئەسلىدە «سورايدىغان مەسلىھەتىڭىز بارمۇ؟» دېسە توغرا بولاتتى. ـ مەسئۇل مۇھەررىردىن)

—ھەئە، ئۆزۈم توغرىلىق سوراي دېگەن. يېقىندىن بېرى نورمالسىز بوپقالدىم.

—قانداق نورمالسىزلىقىڭىز بار؟

—ھېلىقىدەك ۋاقىتتا ... مەنىي كەلگەندە پەقەت بېسىم يوق. شۇڭا سىلەرنىڭ × × كاپسۇلىنى ئىچسەم توغرا كېلەرمۇ، دەپ ...

رادىئو دېگەن خەلقنىڭ رادىئوسى. خەلق دېگەن ئاتا ـ بالا، ئاكا ـ سىڭىللار بىلەن خەلق بولىدۇ. رادىئو دېگەن كېسەل كۆرۈش ئۆيى ئەمەس، خەلقنىڭ رادىئو ئىستانسىسىدۇر. بۇنداق لاۋزىلىشىپ ـ تېتىقسىزلىشىپ كېتىۋەرسە، بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردىكى «قىزلىق پەردىسى تۈزەيمىز» دېگەن قانۇنسىز كىچىك دوختۇرخانىلاردىن رادىئونىڭ پەرقى قالمايدۇ ـ دە!

ئاغرىق دېگەن جېنى ئاغرىغاندا دوختۇرخانىغا بېرىشنى بىلىدۇ. مائدامدا بېرىلىۋاتقان دوختۇرخانا ئېلانلىرى ئاز كەلگەندەك، بۇنداق مەخسۇس ۋاقىت ئورۇنلاشتۇرۇلغان مۇلازىمەت لىنىيىلىرى ساغلام ـ ھايالىق بولسىغۇ كاشكى. چەكتىن ئاشقان لاۋزا ـ بىمەنە، ھاياسىز سۆزلەشلەر ئاڭلىغۇچىلار ئارىسىدا بىئەپ كەيپىيات پەيدا قىلىپ، ئىختىيارسىز رادىئونى ئۆچۈرۈپ تاشلاشقا مەجبۇر قىلىدۇ. پروگراممىلارنىڭ بەزىسى خېلى يامان ئەمەس. مەسىلەن: تۇتقاقلىق كېسىلى، كۆز كېسەللىكى ۋە «چىننۇرى» مەھسۇلاتلىرى ھەققىدىكى مەسلىھەت لىنىيىلىرى. ھەر نەرسە ئۆز يولىدا بولغىنى ياخشى، چەكتىن ئاشقان ۋاقتىڭىزدا خەلق تەرىپىدىن ئېتىباردىن قالىسىز ـ دە، تۈكۈرۈپ تاشلىنىسىز.

5

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «شىزاڭ ـ شىنجاڭ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە قۇرۇلۇشى» خىزمىتىنىڭ شارائىتى بىلەن ناھىيىمىزنىڭ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىشلىرى كۆپ تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ھەر بىر كەنتتىكى بىردىن يۇقىرى ئاۋازلىق رادىئو كانىيىدىن خەلقىمىز پارتىيىنىڭ سىياسىتىدىن ھەر كۈنى دېگۈدەك بەھرىمەن بولۇپ تۇرىدۇ. دېھقانلار ئېتىز ـ ئېرىقلاردا ئىشلەۋېتىپمۇ رادىئو پروگراممىلىرىنى تىڭشىيالايدۇ. ناھىيىمىزنىڭ رادىئو سىگنالى چاستوتىسى تىزگىنلەنگەن كىچىككىنە مىگاگېرتسلىق ئاڭلىتىش بولغىنىغا قارىماي، يوغان چېلەكنىڭ ئاغزىدەك رادىئو كانىيىدىن كۈندە دېگۈدەك «قوشقۇنىغا قىستۇرۇلۇۋېلىۋاتقان» تېتىقسىز ئېلانلار نەچچە ئون ۋاق قۇلاق تۈۋىڭىزدە ۋاراڭشىپ، قايسىبىر دوختۇرخانا ـ ئامبۇلاتورىيىنىڭ ھەر خىل ئايال كېسەللىكلىرى، ئەرلەردە بولىدىغان جىنسىي ئاجىزلىق، ئىسپىرما بالدۇر كېتىش قاتارلىقلارنى داۋالايدىغانلىقى، تۇغماسلارغا سۈنئىي ئۇسۇلدا ئۇرۇق سالىدىغانلىقى ... ۋاھاكازالارنى دەپ قۇلاق ـ مېڭىمىزنى يەيدۇ. بۇ چاغدا نەسىللەندۈرۈش ئورنى بولمىغاندىكىن، «تۇغماسلىق كېسەللىكلىرىگە دىئاگنوز قويۇپ داۋالايدۇ» دېسە ئاغرىق دېگەن ئۆزى باردۇ. ئاندىن ئۇرۇق سالامدۇ ياكى ئالتە ئايلىق بوۋاقنى سېلىپ بېرەمدۇ، دوختۇرخانىنىڭ ئىشى. دېمەكچىمىزكى، كەڭ جامائەتچىلىككە ئاشكارا تارقىتىلىدىغان پارتىيىنىڭ تەشۋىقات ۋاسىتىسىنىڭ يۈكسەك نوپۇزى قوغدىلىشى ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاققا يات تېتىقسىزلىقلارغا رەھبەرلىكنىڭ يۈكسەك دىققەت ئېتىبارى قوزغىلىشى كېرەك ئىدى.

ئەپسۇسكى!...

ئەلۋەتتە، ئۇچۇر دېگەن ياخشى. كىچىككىنە ئۇچۇر ۋاقتى كەلگەندە كۆپ نەپ بېرىشى مۇمكىن. بىراق ھەممە ئىشنىڭ ئۆز دائىرىسى، چەك ـ چېگرىسى ۋە ئۆزىگە تۇشلۇق سالاپىتى بولۇشى كېرەك. ئەڭ مۇھىمى ئۇچۇرلار ساغلام، خەلق قوبۇل قىلالايدىغان، ئىجتىمائىي مۇھىتىمىزغا ماس كېلىدىغان بولۇشى كېرەك. رادىئو دېگەن ئادەتتىكى تەشۋىقات قورالى ئەمەس، ساغلام ئىدىيە تاراتقۇچىدۇر. ئىدېئولوگىيە دېگەن سەل قاراشقا بولمايدىغان بازا. بىزنىڭ رادىئو ـ تېلېۋىزىيىمىز ئۆزىنىڭ ئەنئەنىسىنى ساقلاپ، رولىنى توغرا تونۇپ، سوتسىيالىستىك ساغلام ئىدېئولوگىيىنىڭ تاراتقۇچىسى بولۇشى كېرەك.

## سۆز ئاخىرى

پۈتكۈل ئىشلار «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆزىگە يېتەكچى ئىدىيە قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئۆزىگە ئەڭ يۈكسەك بۇرچنى يۈكلىگەن. «ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ۋەكىللىك قىلىش» شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئۇيغۇر تىلىدىكى رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۇيغۇر تىلىنى ئاڭلاپ چۈشىنەلەيدىغان ئون مىليوندىن ئارتۇق ئاڭلىغۇچى ۋە كۆرۈر-

مەن ئۈچۈن ئىشلەيدۇ. شۇڭا ئېيتالايمىزكى، ئاشۇ ئون مىليوندىن ئارتۇق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇلۇغ مەدەنىيىتى شەرم - ھايالىق، ئەدەب - قائىدىلىك، قىممەتلىك - مۇقەددەس، نورمال - ئەخلاقلىق بولغان سوتسىيالىستىك ساغلام مەدەنىيەتتۇر. بۇنداق سوتسىيالىستىك ساغلام مەدەنىيەتكە ھاقارەت ۋە يات تۇيۇلغان ھەرقانداق خىزمەت «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىك رولىنى نورمال قوبۇل قىلمىغان بولۇپ سانىلىشى كېرەك. چۈنكى پارتىيىمىز بۇ تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويغاندا سۆزسىز ئەڭ ساغلام، سوتسىيالىستىك ئەخلاققا ئىگە مەدەنىيەتنى «ئۇلۇغ مەدەنىيەت» دەپ كۆرسەتكەن ۋە چوقۇم ساغلام بولغان سوتسىيالىستىك تەرەققىياتنى كۆزدە تۇتۇپ، «تەرەققىيات تەلەپكە ۋەكىللىك قىلىش»نى تەشەببۇس قىلغان، چۈنكى پارتىيىمىز مەدەنىيەتلەرنىڭ سوتسىيالىستىك ساغلام ئەخلاق ئۆلچىمى بويىچە ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى تەشەببۇس قىلىدۇكى، سوتسىيالىستىك ئەخلاق، ئەدەب - قائىدىدىن چەتنىگەن ناچار ئىللەتلەرگە ھەرگىز يول قويمايدۇ!

2004 - يىل ئۆكتەبىر، يېڭىشەھەر - ئەرمۇدۇن

ئاپتور: قىرغىز، يېڭىشەھەر ناھىيە ئەرمۇدۇن يېزىسىدا دېھقان، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى

# ناچار دورا ئېلانلىرىغا ئەمدى بەس!

## تۇرسۇنجان ھامۇت

تېلېۋىزىيە، رادىئو، گېزىت قاتارلىق ئاخبارات ۋاسىتىلىرىدىن بەزى دورىلارنىڭ مەلۇم كېسەلنى تۈپ يىلتىزىدىن ساقايتالايدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئېلانلارنى دائىم ئاڭلاپ - كۆرۈپ تۇرىمىز. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەرلەر، ئاياللار كېسەللىكلىرىنى داۋالايدىغان بەزى دورىلارنىڭ ئېلانلىرىدىكى كىشىنى سەسكەندۈرگەندەك «تەپسىلىي تونۇشتۇرۇش»لارنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىكى شەرم - ھايا، پەدىشەپنى بۇزۇشى نۇرغۇن كىشىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ كەلگەندى. سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3 - يىغىنىغا قاتنىشۋاتقان سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى بۇنىڭغا «بەس!» دېدى. ئېلدوس ئەختەموف (شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى) قاتارلىق ئەزالار «دورا ئېلانلىرىنىڭ ئاغرىقلارنى ئازدۇرۇۋاتقانلىقىغا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا تەكلىپ» سۇنۇپ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ دەرھال تەدبىر قوللىنىپ، ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشىنى مۇراجىئەت قىلدى.


ئەزا ئېلدوس ئەختەموف مۇنداق دېدى: ھازىر ھەممىلا يەردە دورا ئېلانلىرى يامراپ كەتتى. بەزى دورا ئېلانلىرىنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىدە ئىجتىمائىي ئەخلاققا يات، ساغلام بولمىغان مەزمۇنلار بولغاندىن سىرت، دورىلارنىڭ رولىمۇ زىيادە كۆپتۈرۈۋېتىلگەن. ئالايلۇق، مەملىكىتىمىزدە ھازىر قەنت كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلار كۆپ بولغاچقا، قەنت كېسىلىنى داۋالايدىغان نۇرغۇن دورا ياسىلىۋاتىدۇ. بىر قىسىم دورا زاۋۇتلىرى ئاغرىقلارنىڭ «جۇڭگو تېبابىتى دورىلىرىنىڭ ئەكس تەسىرى يوقلىقى»غا ئىشىنىشتەك پسىخىكىسىدىن پايدىلىنىپ، قاندىكى قەنت تەركىبىنى تۆۋەنلىتىدىغان جۇڭگو تېبابىتى دورىلىرىنى ھەدەپ ئىشلەپچىقىرىپ بازارغا سېلىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئادەتتىكى جۇڭگو تېبابىتى دورىلىرىنىڭ قاندىكى قەنت تەركىبىنى تۆۋەنلىتىش رولى بىر قەدەر ئاجىز بولۇپ، بىر قىسىم ئاغرىقلارغا پايدا قىلغان بىلەن، بىر قىسىملارغا پايدا قىلمايدۇ. شۇڭا دورا زاۋۇتلىرى قاندىكى قەنت تەركىبىنى تۆۋەنلىتىدىغان جۇڭگو تېبابىتى دورىلىرىغا قاندىكى قەنت تەركىبىنى تۆۋەنلىتىش رولى كۈچلۈك بولغان غەرب تېبابىتى دورىلىرىنى قېتىۋېتىدۇ. ئەمما بۇنى دورىنىڭ چۈشەندۈرۈشىگىمۇ ئېنىق يازمىغاچقا، نۇرغۇن ئورۇنسىز ئاۋارىچىلىق بولۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، قەنت كېسىلى بارلارنىڭ قېنىدىكى قەنت تەركىبى ئۆرلەپ كەتسە، ئۇنى ۋاقتىدا تۆۋەنلىتىش كېرەك. لېكىن قاندىكى قەنت تەركىبى بەك تۆۋەنلەپ كەتسە، مېڭە قاتارلىق رەئىس ئەزالارغا قۇۋۋەت يېتىشمەي ئادەم ھوشىدىن كېتىش، ھەتتا ئۆلۈشتەك ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. ئەگەر ئېلاندا تەشۋىق قىلىنغان دورىنىڭ ئۈنۈمى تۆۋەن بولسا، ئاغرىق ئىقتىسادىي جەھەتتە زىيان تارتقاندىن سىرت، ۋاقتىدا، مۇنتىزىم داۋالانمىغاچقا، كېسىلى ئېغىرلاپ كېتىدۇ.

كىشىلەر كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئېلانغا بەك ئىشىنىدۇ. شۇڭا بەزى ئاغرىقلار دوختۇرغا كۆرۈنمەيلا، ئېلانغا ئاساسەن دورىخانىلاردىن دائىم ئېلان بېرىلىدىغان دورىلارنى ئېلىپ يەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم ئاغرىقلارنىڭ كېسىلى ئېغىرلاپ كەتسە، بىر قىسىملىرىغا دورا تەسىر قىلماي، خەجلىگەن پۇلى بىكارغا ئىسراپ بولىدۇ. دورا ئېلانلىرىدا ساقلىنىۋاتقان يەنە بىر گەۋدىلىك مەسىلە، ئېلانلارنىڭ مەزمۇنى ساغلام بولماسلىق، بۇ مەسىلە يېزىلاردا بەكلا ئېغىر. يەرلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى ئېلان كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئېلانلارنىڭ مەزمۇنى، چىنلىقى بىلەن ھېسابلاشماي، بەزى دورا ئېلانلىرىنى قايتا - قايتا ئېلان قىلىۋەرگەچكە، بەزى تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنىڭ ئېلان پىروگراممىلىرى سېرىق كۆرۈنۈش، شەھۋانىي گەپلەر بىلەن تولۇپ كېتىپ، ئاممىنىڭ كۈچلۈك ئىنكاسىنى قوزغاۋاتىدۇ.

ئېلدوس ئەختەموف قاتارلىق ئەزالار دورا ئېلانلىرىدا ساقلىنىۋاتقان يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش توغرىسىدا مۇنداق كونكرېت تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى: چەت ئەللەرنىڭ رېتسېپلىق دورىلارنى ئېلان بېرىپ تەشۋىق قىلماسلىقتەك ياخشى تەجرىبىسىنى ئۈلگە قىلىپ، ئاخبارات ۋاسىتىلىرىدا نوقۇل پۇل تېپىش ئۈچۈن دورا ئېلانلىرىنى ئېلان قىلىشنى توختىتىپ، تۈرلۈك كېسەللەرگە ئالاقىدار بىلىملەر كۆپرەك تەشۋىق قىلىنسا؛ دورا تەكشۈرۈش تارماقلىرى ۋە تېببىي مۇتەخەسسىسلەردىن تەشكىللەنگەن دورا باھالاش گۇرۇپپىسى قۇرۇلسا؛ زاۋۇتلار دورىلارنىڭ ساپ جۇڭگو تېبابىتى دورىلىرى ياكى ئەمەسلىكى، رولى، ئەكس تەسىرى، قانداق ئاغرىقلارغا پايدا قىلىدىغانلىقى، قانچىلىك پايدا قىلىدىغانلىقى، قايسى تۈردىكى دورا ئىكەنلىكى، مىقدارىنىڭ قانچىلىكلىكى قاتارلىقلارنى دورا قۇتىسىغا تەپسىلىي يازسا؛ دورا تەكشۈرۈش تارماقلىرى ۋە مۇتەخەسسىسلەر بۇنداق دورىلارنى باھالاپ، ئىجازەت نومۇرى بەرسە؛ تەشۋىقات تارماقلىرىمۇ ئەرلەر - ئاياللار كېسەللىكلىرىنى داۋالاش، ساقلىق ساقلاش دورىلىرىنىڭ ئورنىغا شۇ زاۋۇت ئىشلەپچىقارغان باشقا دورىلارنى تەشۋىق قىلىشنى كېڭەيتىپ باقسا. ئېلان بەرگەندە زاۋۇت تەرەپ نېمىنى دەپ بەرسەڭ دېسە، راست - يالغىنىنى سۈرۈشتۈرمەيلا قارا - قويۇق ماختاۋەرمەي، ئالاقىدار تارماقلاردىن پىكىر ئالسا، ئاخبارات ۋاسىتىلىرى كىشىلەرنى پۇللا بەرسە ساختا - ناچار نەرسىلەرنىمۇ ئېلان قىلىپ ماختاۋېرىدۇ، دېگەن قاراشقا كەلتۈرۈپ، نوپۇزىنى چۈشۈرۈۋالمىسا. ئالاقىدار تەكشۈرۈش - نازارەت قىلىش تارماقلىرىمۇ ئاخبارات ۋاسىتىلىرىدىكى ئېلانلارنى ۋاقتى - ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى «ئېلان قانۇنى» ۋە ئالاقىدار بەلگىلىمىلەردىكى تەلەپ بويىچە ۋاقتىدا بىر ياقلىق قىلسا ئاغرىقلارنى ئېلان ئارقىلىق خاتا يولغا يېتەكلەشتىن ساقلانغىلى، ئېلانلارنىڭ چىنلىقى، مەزمۇنىنىڭ ساپلىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ، ئاخبارات ۋاسىتىلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ خەلق قەلبىدىكى نوپۇزىنى ساقلاپ قالالايدۇ.

بۇ خەۋەر «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 2005 - يىل 15 - يانۋار سانىدىن ئېلىندى.

ئاپتور: «شىنجاڭ گېزىتى» مۇخبىرى



# نومۇس ۋارىئانتسىيىسى

ئەمىر غىياس تۈركيار

## ئىپپەت پەرىشتىلىرىنىڭ ھېكايىسى

1 ـ ھېكايە: 17 ياشلىق زۇمرەت يالغۇز قىز ئىدى. ئۇ 2003 ـ يىلى 24 ـ سېنتەبىردە چوڭ ئاپىسىنى يوقلاپ بېرىپ، 3 ـ كۈنى كەچتە چوڭ ئاپىسىنىڭ ئۆتقىنىغا قارىماي ئۆز ئۆيىگە قايتماقچى بولۇپ يالغۇزلا يولغا چىقتى. بۇ دەل ئەتراپقا قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىغان چاغ ئىدى. ئۇ مەھەللىدىن ئايرىلىشىغا، قارشى تەرەپتىن كەلگەن بىر موتسىكلىت ئۇنى يانداپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ بىر-ۋاسىزلا يولنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. لېكىن، موتسىكلىت مىنگەنلەر ئىككى كى-شى بولۇپ، ئۇلار قىزنىڭ يالغۇز كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ نىيىتىنى بۇزدى. ئۇلار قىزغا قول سېلىشنىڭ گېپىنى قىلىپ تۇرۇشقا مەھەللىدىن چىققان بىر دوستىمۇ بۇ يەرگە كەپقالدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى موتسىكلىت مىنگىنى: «مەن بېرىپ ئۇنى تۇسۇپ تۇراي، سىلەر كەينىمدىن بېرىڭلار» دېگىنىچە بېرىپ قىزنىڭ ئالدىنى توغرىسىغا توستى. ئۇ، قىزچاقنىڭ ئۈستۈنىشىغا قاراپ، ئۇنىڭ ئۆز مەھەللىسىدىن ئەمەسلىكىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن موتسىكلىتنى تاش-لاپ ئۇنىڭغا قول ئۇزاتتى. قىز ئۇنىڭ قولىنى زەردە بىلەن سىلكىۋەتتى. لېكىن ئۇ قىزچاقنىڭ قارشىلىق كۆرسەتكىنىگە قارىماي قولىدىن تارتقىنىچە يول بو-يىدىكى تەكلىككە سۆرەپ ماڭدى. قىزچاق ھەرقانچە قارشىلىق كۆرسەتسىمۇ تەڭ كېلەلمىدى. ئۇ ئەمدى قىزچاقنى سۆرەپ ـ دارقىرىتىپ ئېتىزلىققا ئەكىردى. قىزچاقمۇ قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى، ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى، كۈچىنىڭ بارىچە ئېلىشتى، ئۆزىنى قوغدىدى. ئەتراپ ئۇنىڭ نالە ـ زارىدىن تىترەپ جاراڭلاپ كەتتى. ئاڭغىچە بۇ مەلئۇننىڭ كەينىدە قالغان بايىقى دوستى، 23 ياشلىق رەخىم يېتىپ كېلىپ ئۇنىڭ «ئىش»نى ئەپلەشتۈرەلمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «ئەكېلە، بۇنى ماڭا قويۇپ بەر» دېگىنىچە قىزچاقنى بېلىدىن تۇتۇپ سۆرىگەن پېتى ئېرىق بويىغا ئەكەلدى ۋە ئۇنىڭ پۇتىدىن چىرماپ يىقىتىپ يەرگە مەھكەم بېسىۋالدى. لېكىن قىزچاق بىر قولدا ئۇنىڭ چىچىنى تۇتۇۋې-لىپ، بىر قولدا ئىتتىرىپ، پۇتلىرى بىلەن تېپىپ، ۋارقىراپ ئۇنى زادى يېقىن كەلتۈرمىدى. رەخىم تېخىمۇ ۋەھشىيلىشىپ، قىزچاقنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى

ئاگاھ ۋە دانا بولۇڭ

www.uyghurkitap.com

قايرىپ، پۈكلەپ تارتقۇشلاشتۇرۇپ رەزىل مەقسىتىگە يەتمەكچى بولدى. ئەمما
قەيسەر قىزچاق: «ئۆلۈلۈشكە رازىمەنكى، سەن ئەبلەخلەرنىڭ قولىدا ئۆززۆمنى بۇلا-
ىمايمەن، ئادەم بارمۇ، قۇتقۇزۇڭلار! مېنى قويۇۋېتىش لۈكچەكلەر ـ نامەردلەر!»
دېگىنىچە جان ـ جەھلى بىلەن ئېلىشىپ ئۇنىڭغا پۇرسەت بەرمىدى. پۈتكۈل
جەريانىدا ئۇ ئۇلارغا قىلچىلىك يالۋۇرمىدى. ئەمەلىيەتتە مۇنداق پەيتتە قارشى
تەرەپكە يالۋۇرۇش ئۇنىڭ خورىكىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ قوياتتى. قىزچاق بىر
تەرەپتىن توختىماي ۋارقىراپ، بىر تەرەپتىن رەخىمنىڭ قوللىرىنى مورلاپ،
چىشلەپ، پۇتلىرى بىلەن تېپىپ ئۇنىڭغا ئۆزىنى زادىلا تۇتقۇزمىدى. رەخىم
قاتتىق قارشىلىق ئالدىدا مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالماي بوشىشىپ كەتتى.
ئاڭغىچە ئۇلارغا يولدا ئۇچرىغان ھېلىقى دوستى كېلىپ: «سىلەرمۇ ئادەممۇ،
بىرەرسى ئۇنىڭ ئۈنىنى ئاڭلاپ كەپقالسا سەت ئەمەسمۇ؟!» دېدى. شۇنىڭ
بىلەن ئۇلار قىزچاقنى ئۇنىڭغا تاشلاپ قويۇپ كېتىپ قالدى. دەل شۇ چاغدا
زۈمرەتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى كەچ كىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، قىزىنىڭ قايتىپ كەل-
مىگەنلىكىدىن ئەنسىرەپ ئۇنى ئىزدەپ بۇ يەرگە كەپقالدى. ھېلىقى بالا ئۇلا-
رنى كۆرۈپلا قېچىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ قەيسەر قىز ئىپپەت لۈكچەكلىرى
بىلەن كەسكىن ئېلىشىپ ئىپپىتىنى ساقلاپ قالدى. لۈكچەكلەرنىڭ بارار جايى
ئاخىرى ھەپسە بولدى (كىشى ئىسىملىرى ئۆزگەرتىلدى) ①.

2 ـ ھېكايە: پاتىمە ئەمدىلا 13 ياشقا كىرگەن ئوقۇش يېشىدىكى سەبىي قىز
ئىدى. لېكىن نامراتلىق ـ يوقسۇزلۇق ئۇنى ئوقۇشتىن مەھرۇم قالدۇرۇپ، ئادەتتە
ئادەم ئايىغى ئانچە يەتمەيدىغان بىر خىلۋەت تاغدا كۈن بويى قوي بېقىشقا مەجبۇر
قىلدى. گەرچە ئۇ گەي ئايىسى ئۇنىڭ ئۆز ئاپىسىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىندۈرمەي ئۇ-
ىڭغا ئىللىقلىق يەتكۈزگەندەك قىلسىمۇ، نامراتلىق ئۇنىڭ ئوقۇشتىن ئىبارەت
رىزۇ ـ ئۈمىدلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇزماي قويدى. ئۇ ھەر كۈنى تاڭ سەھەر
ۋرنىدىن تۇرۇپ چېيىنى ئىچىپ بولۇپلا قويلىرىنى ھەيدىگىنىچە ئۇرۇمچىنىڭ
چېتىگە جايلاشقان بۇ تاغقا قويلىرىنى باققىلى چىقاتتى. ھالبۇكى، بۇ كەڭ كەتكەن
تاغلىق رايوندا ئائىلىلىكلەرمۇ ناھايىتى شالاڭ بولۇپ، بەكمۇ جىمجىت ئىدى.

2003 ـ يىلى 2 ـ سېنتەبىردە ئۇ ئادىتى بويىچە سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ قوي-
لىرىنى ھەيدەپ ھېلىقى تونۇش تاغقا چىقتى. ئۇ، تاغنىڭ ئۈستىدە قويلىرىغا قارىغاچ
خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرغاندا، تۇساتتىن بىر ناتونۇش ئەر پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ
ئەتراپىنى ئايلىنىشقا باشلىدى. پاتىمە بۇ ئەرنىڭ قاراشلىرى ۋە ھەرىكىتىدىن بىر
خىل شۈملۈكنى سېزىپ، قورقۇپ قالدى. بۇ ناتونۇش ئەر تۇيۇقسىز مېڭىشنى
توختىتىپ، ئىشتىنىنى سالغان پېتى قىزغا يېقىنلاپ كەلدى. پاتىمە قوقۇپ كېتىپ
ئورنىدىن تۇردى ـ دە، كەينىگە ئۆرۈلۈپلا بەدەر قاچتى. بۇ ئەر ئۇنىڭ كەينىدىن
كۈچىنىڭ بارىچە قوغلاپ يېتىشۋالدى ـ دە، ئۇنى پۇتلاپ يىقىتىپ يەرگە بېسى-
ۋالدى. قىزچاق ئۇنىڭ ئاستىدا تىپچەكلەپ «ئادەم بارمۇ، قۇتقۇزۇڭلار» دەپ
ئۈنچە ۋارقىرىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاۋازىنى بۇ جىمجىت تاغدا قويلاردىن باشقا
ھېچكىم ئاڭلىمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بۇ
مەلئۇن بىلەن قاتتىق ئېلىشتى، ئۇنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى، پۇتلىرى بىلەن ئۇنى
تېپىپ ـ تىرەجەپ، ئىشتانىېغا ئېسىلغان قوللىرىنى مورلاپ ئىتتىرىپ، ئۇنىڭ
ھۇجۇملىرىنى توستى. قاتتىق قارشىلىققا دۈچ كەلگەن بۇ ئەبلەخ تېخىمۇ غالجىر-
لىشىپ، تۇساتتىن يېنىدىن پىچىقىنى چىقاردى ـ دە، قىزنىڭ يۈزىنى تىلىپ تاشلاپ،
گېلىغا بىر پىچاق سانجىۋەتتى. ئىسسىق قان قىزنىڭ بەدەنلىرىدە ئېقىشقا باشلاپ
يۈزى، بويىنىنى قىپقىزىل بوياۋەتتى، ئاغرىق ئازابى ئۇنى قاتتىق قىيىندى. ھېلىقى
ھايۋان ئەمدى قىزنىڭ ئىشتىنىنى سالدۇرۇپ باسقۇنچىلىق قىلماقچى بولدى. ئەمما
قىز ھالىدىن كېتەي دەپ قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا يەنىلا داۋاملىق قارشىلىق كۆر-
سەتتى، پۈتۈن بەدەنلىرى قانغا بويىلىپ، چاچلىرى چۇۋۇلۇپ، كىيىملىرى پا-
رە ـ پارە بوپكەتكىنىگە قارىماي قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشتى. بىر قولىدا مەلئۇننىڭ
ھۇجۇمىنى توسسا، بىر قولىدا بەدەللىرىنى مەھكەم توقىدى، ئۆزىنى ھەر تەرەپكە
ئېتىپ ئۇنىڭ ئۆزىنى تىزگىنلىۋېلىشىغا پۇرسەت بەرمىدى. دەل ئىككىسى پومداق-
لىشىۋاتقان ۋاقىتتا، يىراقتىراق ـ تاغ باغرىدا ئوغۇللىرىنىڭ خەش قويۇشقا يار-
دەملىشىۋاتقان زورىخان ئانا خېلى ۋاقىتقىچە تاغ ئۈستىدە ئىككى ئادەمنىڭ پوم-
داقلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ غەلىتىلىك ھېس قىلدى ھەم ئوغۇللىرىغا قاراپ:
«بالىلىرىم، تاغدا بىر ئىش بولغاندەك قىلىدۇ، چىقىپ قاراپ بېقىڭلار» دېدى.
شۇنىڭ بىلەن زورىخان ئانىنىڭ ئىككى ئوغلى يەنە ئىككى بالا بىلەن قولل-
رىدىكى ئىشلىرىنى تاشلاپ دەرھال تاغقا چاپتى. ھېلىقى بەتبەخت تۆت ئادەم-
نىڭ ئۆزىگە قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ دەرھال ئىشتىنىنى كۆ-
تۈرگىنىچە قېچىپ كەتتى. ئىككى بالا تونۇغۇسىز بوپكەتكەن قىزنىڭ قېشىدا
قالدى، ئىككى بالا ئۇ بەتبەختنىڭ كەينىدىن قوغلىدى. ئۇ ئەبلەخ قېچىپ بېرىپ
شۇ ئەتراپتىكى بىر قۇرۇلۇش ئورنىغا كىرىۋالدى. ئىككى بالا ئۇنىڭ كەينىدىن
كىرمەكچى بولغاندا قۇرۇلۇش قىلىۋاتقانلار توسۇۋېلىپ كىرگىلى قويمىدى.
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار شۇ تەۋەلىكتىكى مېھمان كۆتۈش يولى ساقچىخانىسىغا دېلو
مەلۇم قىلدى. ساقچىلار قۇرۇلۇش ئورنىدىكى مۇناسىۋەتلىك خادىملارغا قا-
ئۇننى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق ئاخىرى جاڭ × × ئىسىملىك خېنەنلىك گۇ-
ماندارنى تۇتتى (كىشى ئىسىملىرى ئۆزگەرتىلدى) ②.

ئىلاۋە:(1) زۈمرەت بىلەن پاتىمەدىن ئىبارەت بۇ ئىككى نەپەر ئىپپەت پەرىش-
تىسىنىڭ ھېكايىسىنى ئوقۇۋېتىپ قاتتىق تەسىرلەندىم، ئۇلارنىڭ ئۆز ئىپپىتىنى
ساقلاش يولىدا كۆرسەتكەن باتۇرلۇقىغا چىن دىلىمدىن قايىل بولدۇم ۋە ئۇلارنىڭ
ئېگىلمەس ـ سۇنماس قەيسەر روھىغا چوڭقۇر تەشەككۈر ئېيتتىم. خىيالىمدا، يې-
قىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىمىزدا ئۆتكەن نازۇكۇم، گۈلەمخان، قەمبەرنىسا
قاتارلىق ئىپپەت پەرىشتىلىرى بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇلارمۇ ئاخىرقى
ھېسابتا ئىپپەت ـ نومۇس ۋە غۇرۇر ئۈچۈن دۈشمىنى بىلەن باتۇرلارچە كۈرەش
قىلغان ۋە ئىپپەت ئۈچۈن ئۆلگەن ئەمەسمىدى؟! ئۇلار قىز ـ ئاياللار ئىپپىتىنىڭ بۇ
دۇنيادا ئەڭ قىممەتلىك، ئەڭ ئەزىز، ئەڭ مۇقەددەس كىملىك ئىكەنلىكىنى ئۆزلە-
رىنىڭ شەرەپلىك ئۆلۈمى ئارقىلىق ئىسپاتلىغانىدى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ زۈمرەت
بىلەن پاتىمە دۈشمەنلىرىدىن نەچچە ھەسسە ئاجىز تۇرۇقلۇقمۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە
شۇنداق خىلۋەت جايدىمۇ ئۇلارنىڭ ھەيۋە ـ ھۇجۇملىرىغا باش ئەگمەي ئۆزلە-
رىنىڭ ئىپپىتىنى قەيسەرلىك بىلەن قوغداپ، ئۇيغۇر قىز ـ ئاياللىرىنىڭ ئىپپىتىگە
چېقىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم كۆرسىتىپ قويدى. دېمىسىمۇ، ئۇيغۇر
خوتۇن ـ قىزلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىپپەت ھەممە دېمەكتۇر؛ ئۇ، قىز ـ ئايال-
لارنىڭ ئىپتىخارى ۋە غۇرۇرى، بارلىقى ۋە ھاياتى، مۆرىتى كەلگەندە ئۇ تەن ۋە
جاندىنمۇ بۈيۈكتۇر؛ ئۇ بولغانلىقى ئۈچۈن قىز ـ ئاياللار چىرايلىق، ئۇ بولغاچقىلا
قىز ـ ئاياللار سۆيۈملۈك، ئۇ بولسىلا قىز ـ ئاياللار قەدىرلىك، ئۇ بولسىلا قىز ـ
ئاياللار ئۇلۇغ؛ مۇبادا ئۇ بولمىسا قىز ـ ئاياللار شۇنداق سەت، شۇنداق بەتبەشرە،
ئۇ بولمىسا قىز ـ ئاياللار شۇنداق مەينەت، شۇنداق پاسكىنا، شۇنداق يىرگىنچلىك،
ئۇ بولمىسا قىز ـ ئاياللار تاشلىۋېتىلگەن ئەخلەتتىنمۇ قەدىرسىزدۇر (ئەلۋەتتە
ئىپپەت ئۇنىڭ زورلاۋانلىرى تەرىپىدىن زورلۇق كۈچى بىلەن پايمال قىلىنسا، بۇ-
نىڭلىق بىلەن ئىپپەت سۈبيېكتىنى بىراقلا ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ، ئۇ زورلۇق
كۈچى تەرىپىدىن زىيانلانغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىزنىڭ سېپىمىزدە بىز بىلەن
بىللە نورمال ياشاشقا ھوقۇقلۇق. لېكىن ئۇنىڭ زىيانلانغاندىن كېيىنكى روھىي بې-
سىمى ۋە ئاقىۋەتلىرى ھەققىدە توختىلىش بۇ ماقالىنىڭ مەقسىتى بولمىغاچقا، بۇ-
نىڭغا دائىر مۇلاھىزىنى باشقىلارغا قالدۇرۇپ، بىز داۋاملىق ھالدا ئىپپەتنىڭ قىم-
مىتى ۋە ئورنى ھەققىدە زاكون سۆزلەيمىز). ئۇيغۇر جامائىتى ئارىسىدا ئەخلاق
ھەققىدە گەپ بولغاندىمۇ ئار ـ نومۇس ئۇنىڭ ئەڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىنىدۇ.
ئۇيغۇر يىگىتلىرى قىزلار بىلەن تونۇشقان ۋە نىكاھلانغاندىمۇ ئىپپەتنى ئاساسىي

شەرت قىلىپ تاللايدۇ. شەخسكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭدا ئىپپەتسىز ئەخلاقنىڭ بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش زادى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، نازۇكۇملار ئۆز ئىپپىتى زوراۋان ھۆكۈمرانلار ۋە ئىپپەت مۇشتۇمزورلىرى تەرىپىدىن ئېغىر تەھدىتكە دۇچ كەلگەندە ھېچبىر ئىككىلەنمەي تۇرمايلا ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك ھاياتىنى قۇربان بېرىش بەدىلىگە ئىپپىتىنى قوغداپ قېلىپ، قېرىنداشلىرىنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالدى. ئەمەلىيەتتە زۇمرەت بىلەن پاتىمەمۇ ئۆز ئىپپىتى لۈكچەكلەر تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەندە ئۇلار بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىپ ئىپپىتى (پاكلىقى)نى ساقلاپ قېلىپ، قېرىنداشلىرىنىڭ، يۇرتىنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلدى.

ئۆزىنى بىلىدىغان ئوقۇرمەنلەرگە مەلۇملۇق، بىز خەق ئەھلى قىز ـ ئاياللىرىغا چېقىلغان كىشىنى بەك يامان كۆرىمىز، مۇنداق چاغلاردا خۇن تۆكۈلىدىغان ئىشلارنىڭ چىقىپ قېلىشى ھېچ گەپ ئەمەس ③ . گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، ئىپپەتنى قوغداپ، نومۇسنى ئاقلاش خەلقىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىدۇر. تارىختىن سۈرۈشتۈرگەندىمۇ، خەلقىمىز ئىچىدە ئىككى قېتىم ئىپپەت قوزغىلىڭى يۈز بەرگەن. مەسىلەن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن كۇچا ناھىيىسىگە ئامباللىققا تەيىنلەنگەن مەككار ۋە زالىم ئەمەلدار ئورچىڭئا كۇچا خەلقىنىڭ شىللىسىگە مىنىۋالغانىنىڭ ئۈستىگە 200 دىن ئارتۇق ئاياللىنى مەجبۇرىي يىغىۋېلىپ ئامبال ئوردىسىدا ئىپپەت ـ نومۇسىنى سېتىشقا قىستىغان ۋە كۇچا خەلقىنىڭ مىللىي ئەنئەنىسىنى دەپسەندە قىلىشنى ھەدەپ يولغا قويغاندا، مىللىي ئار ـ نومۇسقا چىدىمىغان كۇچا خەلقى 1857 ـ يىلى 3 ـ ئاپرېلدا مۇھەممەدئېلى، ئىبراھىمشاھنىڭ يېتەكچىلىكىدە قوزغىلىپ، مۇستەھكەم ئۇيۇشۇش كۈچىنى نامايان قىلغانلىقتىن، ئورچىڭئا ھېلىقى ئاياللارنى قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولغان ④ . 1931 ـ يىلى فېۋرالدا جىن شۇرېننىڭ ئاراتۇرك ناھىيىسىنىڭ شوپۇل دېگەن يېرىدىكى چازىغا باج ئەمەلدارى قىلىپ تىكلەپ قويغان تۇڭغىنى جاڭ گوخۋا (جاڭ جىسا) شوپۇلنىڭ دورغىسى سالىھنىڭ ئايىساخان ئىسىملىك قىزىنى ئالىمەن دەپ ئۇنىڭغا قاتتىق زورلۇق قىلدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئاھانەتكە چىدىمىغان شوپۇللۇقلار سالىھ دورغىنىڭ باشچىلىقىدا تەشكىللىنىپ، ھېلىقى باج ئەمەلدارىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ قوزغىلاڭ كۆتۈردى ⑤ . 1934 ـ يىلى ئەتىيازدا ماجۇڭيىڭ باندىتلىرى جياڭ جېشىنىڭ ئاستىرىتتىن بىۋاسىتە ئورۇنلاشتۇرۇشى، ستالىن سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك پىلانلىشى بويىچە جەنۇبىي شىنجاڭغا «چېكىنگەن»دە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يۇرت ـ يۇرتلارنىڭ ئاقساقاللىرى مەھەللىلىرىدىكى قىز ـ ئاياللارنى تارقاقلاشتۇرۇپ ۋە يوشۇرۇپ، ماجۇڭيىڭ باندىتلىرىنىڭ كەلكۈنسىمان ئىپپەت باسقۇنچىلىقىدىن ساقلاپ قالغان.

دېمەك، يۇقىرىقى رېئال ۋەقەلەردىن ئېنىق كۆرۈۋالالايمىزكى، ئۇيغۇر قىز ـ ئاياللىرىغا نىسبەتەن ئىپپەت مۇتلەق دەخلىسىزدۇر، ئۇ ھاياتىنىمۇ، جانىدىنمۇ قىممەتلىكتۇر؛ ئۇنىڭ قىممىتىنى بىلمەسلىك، ئۇنىڭ ئورنىغا بىپەرۋا قاراش، ئۇنىڭ نوپۇزىنى چۈشۈرۈشنىڭ كويىدا بولۇش ئېغىر گۇناھتۇر؛ ئىپپەتنى ئاسرىماسلىق، ئىپپەتنى قوغدىماسلىق، ئىپپەت تەھدىت ۋە ھۇجۇمغا ئۇچرىغاندا كۆرەش قىلماسلىق، مۇرىتى كەلگەندە ئىپپەت ئۈچۈن قۇربان بەرمەسلىك ئۆتۈپ كەتكەن ھاماقەتلىكتۇر؛ پەرزەنتلەرگە ئىپپەت تەربىيىسى بەرمەسلىك، ئىپپەتنىڭ مەزمۇنى ۋە قىممىتىنى بىلدۈرمەسلىك، ئۇلاردا ئىپپەت ئېڭى ۋە ئىپپەت غۇرۇرىنى يېتىلدۈرمەسلىكمۇ سەل قارىغىلى بولمايدىغان ئاقىۋەتلىكتۇر؛ جۈملىدىن ئىپپەتنىڭ قىممىتى ۋە نوپۇزىنى ئاجىزلىتىشقا سەۋەب بولىدىغان ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشىغا بىپەرۋا قاراشمۇ ئېغىر ۋىجدانىي مەسئۇلىيەتسىزلىكتۇر.

شۇنداق، ئىپپەت ھۆرلۈك دېمەكتۇر، ئىپپەت ھەممە ـ ھەممە دېمەكتۇر؛ ئۇ ھايات دېمەكتۇر، ئۇ ـ جان دېمەكتۇر. ئۇ بولغاچقا بىزنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرىمىز شۇ قەدەر ئوماق ۋە گۈزەلدۇر، ئۇ بولغاچقىلا بىزنىڭ قىز ـ چوكانلىرىمىز شۇنداق كۆركەم ۋە مەردانىدۇر، ئۇ بولغاچقىلا بىزنىڭ خېنىم ـ قىزلىرىمىز بىز ئېيتىپ قاندۇرالمايدىغان ئېسىل ناخشىدۇر، ئۇ بولسىلا ئۇلار ئەرلەرگە نېمە دېسە ھەقلىقتۇر. ئىپپەتنى ئاسراش، قوغداش يالغۇز قىز ـ ئاياللىرىمىزنىڭلا مەجبۇرىيىتى بولۇپ قالماي، ئەرلىرىمىزنىڭمۇ سەل قارىيالمايدىغان، باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتىدۇر؛ ئىپپەتنىڭ قىممىتىنى بىلمىگەن، ئۇنىڭ ئورنىغا سەل قارىغان، ئىپپەت زوراۋانلىرىغا قارشى كۆكرەك كېرىپ چىقمىغان، ئىپپەت «بايىما»چىلىرىنىڭ «بايىما» ئېچىشىغا قارشى كۆرەش قىلمىغان ئەرلەرنى ئەر ھېسابلىغىلى بولمايدۇ.

شۇنداق، ئەرلەرنىڭ ۋىجدان ۋە غۇرۇرى، پەزىلەت ۋە ئەخلاقى ئۇلارنىڭ ئىپپەتنى قەدىرلەش ئېڭى، ئىپپەتنىڭ نوپۇزىنى قوغداش جاسارىتى، ئىپپەت مۇشتۇمزورلىرىنىڭ ئەدىپىنى بېرىش مەيدانى ۋە ئىرادىسى، ئىپپەت بايىمچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ خېرىدارلىرىغا قارشى تۇرۇش ئاڭلىقلىقىدا ئەڭ روشەن ئىپادىلىنىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، بىر ئادەمنىڭ ئىپپەت قارىشى ۋە ئەخلاقىدىن ئۇنىڭ قانداق ئادەملىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئىپپەت قارىشى ئاجىز، شاللاق ئەرلەرنىڭ باشقا جەھەتتىنمۇ ساغلام ئادەم بولالىشى مۇمكىن ئەمەس. دېمەك، ئىپپەت ئەخلاقى باشقا بارلىق ئەخلاقنىڭ يادروسى ۋە جەۋھىرى، ئۇ ئەخلاقنىڭ نۇرى، ۋىجداننىڭ ئەينىكى، غۇرۇرنىڭ كۆزى؛ ئۇ ئادەمىيلىكنىڭ ۋۇجۇد قەسرىدە يالتىرىشى، ئۇ، كىشىلىك غۇرۇرنى جەۋلان قىلدۇرۇشنىڭ ئاساسى، ئۇ، «مەن»نىڭ ئىنسانىي قىممىتى ۋە مىللىي ئىپتىخارىنىڭ سەمەرىسى. ئىپپەت مانا شۇنداق بۈيۈك ئەخلاق تۇغى! مۇبادا، ئىپپەت ئۇنىڭ زوراۋانلىرى ئالدىدا قوغدالمايدىكەن، ئۇ ئۇلار تەرىپىدىن مۇقەررەر ھالدا پايخان قىلىنىدۇ ۋە چەيلىنىدۇ، ئۇ ھالدا ئىپپەتنىڭ ھېچنېمىسى بولمايدۇ، زېمىن ماتەمگە چۆكۈپ، كۆزلىرىدىن يۇم ـ يۇم ياش تۆكىدۇ. شۇڭا، مۇشۇنداق ئېغىر ئاقىۋەتكە قېلىپ، يۇرتىنىڭ يۈزىنى تۆكۈشنى خالىمىغان 17 ياشلىق زۇمرەت بىلەن 13 ياشلىق پاتىمە ئىپپەت زوراۋانلىرى بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىپ ئىپپىتىنى ساقلاپ قالدى. ئۇلار قىزلىق جاسارىتى بىلەن ۋىجدان ۋە غۇرۇر تۇغىنى لەپىلدىتىپ، ئۆز ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ، مەھەللە ـ يۇرتىنىڭ، ئۇيغۇر قىز ـ ئاياللىرىنىڭ يۈزىنى يورۇتتى. بۇ، ئۇيغۇر ھاياتىدا قەدىرلەشكە، مەدھىيىلەشكە ئەرزىگۈدەك قەھرىمانلىق. ئۇلار ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ئىپپەت پەرىشتىلىرى بولۇشقا مۇناسىپ! شۇنداق، ئىپپەت ـ يۈز، ئىپپەت ـ ئىناۋەت، ئىپپەت ئىززەت ـ ھۆرمەت؛ ئۇنى قەدىرلەش، ئۇنى ئەتىۋارلاش، ئۇنى ئاسراش، ئۇنى قوغداش كىملىك مەجبۇرىيىتى؛ ئۇنى قەدىرلىمەسلىك ئۆزىنىڭ ئىنسانىي قىممىتىنى تونۇمىغانلىق، ئۇنى ئەتىۋارلىماسلىق ئۆز ـ ئۆزىنى خار قىلغانلىق؛ ئۇنى ئاسرىماسلىق، ئۇنى قوغدىماسلىق ئۆزىنىڭ شەخسىي كىملىكى ۋە مىللىي، ئىرقىي سالاھىيىتىنى ئۆز قولى بىلەن زەبۇن ـ خاراب ئەتكەنلىك؛ ئۇنىڭ ئورنىغا بىپەرۋا قاراش، ئۇنىڭ ئۈچۈن ياشىماسلىق، ئىپپەت لىبېرالىزمچىلىرىغا شېرىك بولۇش ئىپپەت دوزىخىلىرىغا يانتاياق بولغانلىق. ئىپپەت غۇرۇرى بولمىغان ئادەمدە ۋىجدان بولمايدۇ، ۋىجدانى يوق ئادەمدە ئىمان بولمايدۇ، ئىمانى بولمىغان ئادەم «ئادەم» بولمايدۇ؛ ئىپپەت شاللاقلىقى ئادەتكە ئايلانغان جايلاردا ئەخلاق بولمايدۇ، ئەخلاق بولمىغان جايلاردا چىرىكلىك، بۇزۇقچىلىق، پاسىقلىق ئەۋج ئالىدۇ؛ پاسىقلىق ئەۋج ئالغان جايلاردا ھېچنېمە بولمايدۇ... بارلىق پاسىقلىقنىڭ مەنبەسى ئىپپەت شاللاقلىقىدۇر. ئىپپەت شاللاقلىقى شەخسنىڭ كىملىكىنى، مىللەتنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى نابۇت قىلىدىغان ئەيىۋدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىپپەت شاللاقلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا، ئىپپەت لىبېرالىزمچىلىرىغا قولچوماق بولۇشقا سەۋەب بولىدىغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ يامراپ كېتىشىگە قول قوشتۇرۇپ تۇرۇشقا بولمايدۇ. ئەلۋەتتە، بۇنىڭغا بىزنىڭ ئىمان ـ ئېتىقادلىق قىز ـ ئوغۇللىرىمىز ھەرگىزمۇ قاراپ تۇرالمايدۇ. بىزنىڭ قىز ـ يىگىتلىرىمىزدە ۋىجدان بار، غۇرۇر بار، جاسارەت بار؛ ئۇلاردا نازۇكۇم، گۈلەمخان، قەمبەرنىسا، زۇمرەت، پاتىمە قاتارلىق ئىپپەت پەرىشتىلىرىگە ئوخشاش يالقۇنلۇق يۈرەك بار. مۇھەممەد ئېلى،

ئىبرەتلىك سالىھ دورغا قاتارلىق ئۈيپەت سەردارلىرىغا ئوخشاش ئۆزلۈك روھى
بار...

## جۈمە ۋە شەنبە كۈنلىرىنىڭ كۆز يېشى ـ ئۈيپەت بېدىكلىرىنىڭ ھېكايىسى

3 ـ ھېكايە: ئاپتور «نومۇس ۋارىسلاتسىيىسى»نى يېزىشقا نەق خام ماتېرىيال
ئىزدەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، يەنى 6 ـ دېكابىر (شەنبە)دا مېنىڭ يېقىن ئا-
غىنەم، مەلۇم ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ئىلھام (ئەسلى
ئىسمى ئۆزگەرتىلدى) مېنى بىر پارچە ئېلان بىلەن تەمىنلىدى. ئۇ بۇ ئېلاننى 5 ـ
دېكابىر (جۈمە) چۈشتە ئۈچ نەپەر ئوقۇغۇچى مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش بىناسى تېمىغا
چاپلاۋاتقان نەق مەيداندىلا قولغا چۈشۈرگەنىكەن. ئىلھامنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئې-
لاننى مۇشۇ ئۈچ نەپەر ئوقۇغۇچى بىرلىشىپ مەخسۇس ئېلان ئىشلەش مەركىزىدە
پۇل تۆلەپ ئىشلەتكۈزگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىككىسى شۇ مەكتەپنىڭ چوڭلار
مائارىپىدا ئوقۇۋاتقان تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى، بىرى، باشقا بىر ئالىي مەكتەپنىڭ
مەكتەپتىن چېكىندۈرۈلگەن ئوقۇغۇچىسى ئىكەن. ئېلان تۆت فورماتلىق گېزىتنىڭ
چوڭلۇقىدىكى يالتىراق قەغەزگە هازىرقى زامان تېخنىكىسى بىلەن رەڭلىك
كۆركەم ئىشلەنگەن بولۇپ، ئۈستىگە تېخى نامى چىقمىغان x x ئىسىملىك، يازلىق
ئاسما مايكا كىيگەن بىر سەرگەردان نايناق ئەر «ناخشىچى»نىڭ كۆزلىرى چەك-
چەيگەن ھالەتتىكى چوڭايتىلغان سۈرىتى، ئاندىن «ناخشىچى»نىڭ كۆكرەك
قىسمىنىڭ ئاستىغا ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئېلاننىڭ مەزمۇنى بېرىلگەن. ئېلاننىڭ
ئوتتۇرىسىغا كۆك رەڭدە بېرىلگەن چوڭ ھەرپلىك «تەشنالىقىم» دېگەن ئۇيغۇر-
چە ـ ئىنگلىزچە سۆزلەر بىر قاراشتىلا كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. «x x گە مەرھە-
مەت» ماۋزۇلۇق بۇ قانۇنسىز ئېلاننىڭ ئەينەن تېكىستى مۇنداق: «ئەزىز ساۋاق-
داشلارنىڭ كېچىلىكىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلىشىنى قارشى ئالىمىز. سىزلەرنىڭ
شەنبە كۈنىدىكى ئارام ۋاقتىڭىزلارنى تېخىمۇ خۇشھال ـ خۇرام، كۆڭۈللۈك ئۆت-
كۈزۈشىڭىزلەر ئۈچۈن بىر مەيدان كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى ئورۇنلاشتۇردۇق.
كېچىلىكىمىزگە يېتىلىۋاتقان تالانتلىق ناخشىچى x x نى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ناخ-
شىچىلار ۋە ئۇسسۇلچىلارنى تەكلىپ قىلىش بىلەن بىرگە، ھەر خىل قىزىقارلىق
ئويۇن ۋە مۇكاپاتلىق پائالىيەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. دوستلارنىڭ كېچىلىكىمىزگە
ۋاقتىدا كېلىپ قانغۇچە ئويناپ كېتىشىنى قارشى ئالىمىز.

ئورنى: شىنجاڭ x x نىڭ ئارقا دەرۋازىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى x x مېھمانخا-
نىسىنىڭ 3 ـ قەۋىتىدە.

ۋاقتى: 6 ـ دېكابىر كەچ سائەت 7:00دىن ئەتىگەن سائەت 7:00 گىچە» (ئالا-
قىلاشقۇچىلارنىڭ ئىسمى ۋە تېلېفون نومۇرى ئېلانغا بېرىلگەن، بۇنى بۇ يەردە
ئەسكەرتمىدۇق. ـ ئا).

ئېلاننىڭ لايىھىلىنىش سۈپىتىنىڭ كۆركەملىكىدىن قارىغاندا، بۇ ئېلاننى ئىش-
لىگۈچىلەر ئىلگىرىمۇ مۇشۇنداق ئېلاننى كۆپلەپ ئىشلىگەن. بۇنىڭدىن، مۇشۇنداق
قانۇنسىز ئېلاننىڭ ئالىي مەكتەپلىرىمىزدە بۇرۇنمۇ كۆپلەپ تارقىتىلغانلىقىنى بىلە-
گىلى بولىدۇ. ئادەمنى ئويلاندۇرىدىغان ۋە ئېچىندۇرىدىغان يېرى شۇكى، بۇ ئې-
لاننى ئىشلەشنى ئورۇنلاشتۇرغۇچىلار ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولۇپلا قالماي،
بەلكى ئاساسىي قاتلاملاردا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان، ئادەم تەربىيىلەيدىغانلار-
دۇر. ئىلھامنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ئۇلار بۇ قانۇنسىز ئېلاننى پۇل تېپىش مەقسىتىدە
مېھمانخانىغا ــ «كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى»گە خېرىدار جەلپ قىلىش، ئادەم
يىغىش ئۈچۈن مەخسۇس ئىشلەتكۈزگەن ۋە مەكتەپمۇ مەكتەپ تارقاتقان. ئۇلار بۇ
ئىشتىن بۇرۇن x x مېھمانخانىسىنىڭ 3 ـ قەۋىتىدىكى مەخسۇس بەزمىخانا (دى-
با)نىڭ بىر كېچىلىكىنى خوجايىن بىلەن 800 يۈەنگە پۈتۈشۈپ، ئالدىن 300 يۈەن
رەنىگە قويغان. ئۇلار «كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى» گە تېخىمۇ كۆپ ئادەم جەلپ
قىلىش ۋە ئېلاننى تارقىتىش جەريانىدا مۇناسىۋەتلىك ئورۇننىڭ دىققىتىنى قوزغاپ
قويماسلىق ئۈچۈن «ئوغۇللاردىن ئون يۈەن كىرىش ھەققى ئېلىنىدۇ، قىزلاردىن
كىرىش ھەققى ئېلىنمايدۇ» دېگەن مەزمۇننى ئېلانغا كىرگۈزمىگەن بولسىمۇ، لېكىن
بۇ مەزمۇنلارنى ئۇلار ساۋاقداش ۋە تونۇش ـ بىلىشلىرى ئارقىلىق مەكتەپ ئە-
چى ـ سىرتىغا يېيىپ بولغان. ئۇنداقتا، بۇ زادى قانداق «كېچىلىك»؟ كېلىپ
ئېيتىشقا بولىدۇكى، گەرچە بۇ تېخى ئۆتكۈزۈلمىگەن كېچىلىك بولسىمۇ، ئەمما ئۇ
ئۆتكۈزۈلگەن تەقدىردىمۇ ساغلام ئۆتكۈزۈلمەيدىغان، ئۈيپەتنىڭ قىممىتى ۋە
ئورنىنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا سەۋەب بولىدىغان كېچىلىك بولاتتى. ئويلاپ كۆرەيلى،
ئوغۇللاردىن ئون يۈەن كىرىش ھەققى ئېلىنىپ، قىزلاردىن كىرىش ھەققى ئېلىن-
مىسا، قىزلارنىڭ كۆپلەپ كىرىشى ئېتىبار بېرىش ئارقىلىق رىغبەتلەندۈرۈلسە، «ـ
كۆڭۈل ئېچىش» كەچ سائەت 7:00دىن ئەتىگەن سائەت 7:00گىچە توپتوغرا بىر
كېچە داۋاملاشسا، يەنە كېلىپ بۇ «كېچىلىك» بىرەر ئاممىۋى سورۇنلاردا ئەمەس،
بەلكى كوچىدىكى بىر بەزمىخانا (دىبا)دا ئۆتكۈزۈلسە، تېخىمۇ گۇمانلىق يېرى، بۇ
بەزمىخانىنىڭ ئۈستۈنكى قەۋەتلىرى «ئېچىۋېتىلگەن» ياتاق تۇرسا، مۇشۇنداق
ئەھۋالدا بۇنى قانداقمۇ ساغلام، نورمال «كېچىلىك» دېگىلى بولسۇن!؟ ئالدى
بىلەن مەكتەپلىرىمىز مۇنداق جايدا مۇنداق كېچىلىكنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشىگە يول
قويمايدۇ، بەلكى بۇنىڭغا قاتتىق قارشى تۇرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن مۇنداق تەش-
كىللىنىدىغان كېچىلىك كوچىدىكى مەخسۇس كېچىلىك بەزمىخانىدا كېچىچە، تاڭ ئاتقۇچە
داۋاملاشسا، بۇ جەرياندا يانچۇقتىكى پۇللار خەجلىنىپ، ھاراق ـ پاراقلار ئىچىلىپ
تۇرسا، بەدەنلەر قىزىشىپ، قانلار ئۇرغۇپ تۇرسا، ھاماقەت كۆزلەر خۇمارلىشىپ
ئوغۇللار قىزلارغا، قىزلار ئوغۇللارغا تەلمۈرۈش باشلانسا، تانسلار ئوينىلىپ،
قوللار قىسىشىپ، كۆكرەكلەر تېگىشىپ، يۈزلەر يېقىشىپ، بەللەر چىرمىشىپ تۇرسا،
ئاخىرىدا ھاراقنىڭ كەيپى تۇتۇپ نېرۋىلار تورمۇزلانسا، ئوغۇللار قىزلارنى، قىزلار
ئوغۇللارنى قىزغىنىش باشلانسا، ئوغۇللار بىلەن ئوغۇللار، قىزلار بىلەن قىزلار،
ئوقۇغۇچىلار بىلەن جەمئىيەتتىكىلەر ئوتتۇرىسىدا نېمە ئىشلار يۈز بەرمەيدۇ دەي-
سىز!؟ مۇشۇنداق سورۇندا، مۇشۇنداق «كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى»دە ئۈيپەت
ئېڭىنىڭ ئاجىزلاشماسلىقىغا، ئۈيپەت شاللاقلىقىنىڭ ئاساسى يارىتىلماسلىقىغا، ھەتتا
بىر ـ بىرىدىن «ئۇلجا» تالىشىپ قاش ـ قاپاقلارنىڭ يېرىلماسلىقىغا، قاڭشالارنىڭ
ئېزىلمەسلىكىگە، جاۋغايلارنىڭ يىرتىلماسلىقىغا، چاچلارنىڭ يۇڭدالماسلىقىغا،
سۆڭەكلەرنىڭ سۇنماسلىقىغا، ئېغىرراق بولغاندا ئۆلۈم ۋەقەسىنىڭ يۈز بەرمە-
لىكىگە، ئاخىرى بېرىپ جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە نورمال ئوقۇتۇش تەرتىپىنىڭ
تەسىرگە ئۇچرىماسلىقىغا كىم ھۆددە ـ كاپالەت بېرەلەيدۇ؟! ھازىر دىبا ـ بەزمە-
خانىلاردا چىقىۋاتقان قانلىق ۋەقەلەر ئازمۇ؟ بۇ بەزمىخانىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىدى-
غانلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ بەزمىخانىدا ھەر جۈمە ـ شەنبە كۈنلىرى (بەزىدە باشقا
كۈنلەردىمۇ) «كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى» ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان بولۇپ، ئەد-
راپتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بەزى ئوقۇغۇچىلىرى ۋە جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم
ياشلار كېلىپ قاتنىشىدىكەن. تېخى بۇنىڭدىن بىر قانچە كۈن ئىلگىرى مۇشۇ مېھ-
مانخانىدا بىر قېتىم «كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى» ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، ئويۇن
داۋاملىشىۋاتقان مەزگىلدە بىر نەچچە ئادەم بىرلىشىپ ئادەم ئۇرۇش ۋەقەسى يۈز
بەرگەن، ۋەقەدە بىر نەچچە ئادەم تاياق يېگەن. ھالبۇكى، شۇنداق بولۇشىغا قا-
رىماي بۇ مېھمانخانىنىڭ كېچىلىك بەزمىخانىسىدا مۇشۇنداق «كۆڭۈل ئېچىش
كېچىلىكى» ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىۋەرگەن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ بەزمىخانىغا كە-
رىشىگە چەك قويۇلمىغان، ئەكسىچە بەزمىخانا خوجايىنلىرى ئۈيپەت بېدىكلىرى،
يەنى ھېلىقىدەك قولچوماقلارنى سېتىۋېلىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى كۆپلەپ
كېلىشكە ۋە تاڭ ئاتقۇچە «ئويناش»قا قىزىقتۇرغان. بۇ بەزمىخانىدا يۈز بېرىۋات-
قان ئىشلار مۇناسىۋەتلىك ئورۇننىڭ دىققىتىنى قوزغىمىغان. خۇددى دۆلەتنىڭ ئا-
لىي مەكتەپ، تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كېچىلىك بەزمىخانا (دىبا)لارغا كىرىپ
كېچىچە ئوينىسا بولىدىغانلىقى ھەققىدە بىرەر بەلگىلىمىسى باردەك ئوقۇغۇ-
چىلارنىڭ كېچىلىك بەزمىخانىلارغا كىرىپ بولۇشىچە ئويۇن ـ تاماشا قىلىشى ۋە
تۈنەپ چىقىدىغان بولۇۋېلىشى ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن.

www.uyghurkitap.com

قويۇلغاندىن كېيىن دەسلەپ ئىچكىرىدىكى چوڭ شەھەرلەردە مەيدانغا كەلگەن، شىنجاڭدا بولسا ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ مەيدانغا كەلگەن. ئۇ شىنجاڭدا پەيدا بولۇش بىلەنلا شىددەت بىلەن كېڭەيگەن. ئۇنىڭ مەنىسى ئەسلىدە قىز ـ ئوغۇللار، ئەر ـ ئاياللار كۆڭۈل خۇشى قىلىدىغان ئورۇن دېگەنلىك بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى «بەزمىخانا» دېگەن سۆز بىلەن ئاساسەن مەنداش كېلەتتى. لېكىن ئۇ مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن مۇلازىمەت شەكلى ۋە ئۇسۇلى بارغانسېرى ئۆزگىرىپ، كىشىلەر ئارىسىدا ياخشى تەسىر بەرمەيدىغان بوپقالغان. ئۇنىڭدا دەسلەپكى نەغمە ـ ناۋا قىلىش، تانسا ئويناش، تونۇشۇش شەكلىدىن نۆۋەتتىكى زال ئىچى گۆڭگىلاشتۇرۇلۇش، قىزلارمۇ هاراق ئىچىش (ئىچمەيدىغانلارمۇ بار)، تانسا ئويناش، تونۇشۇش، قۇچاقلىشىش، سۆيۈشۈش، پۇتلىشىش، سۇركىشىش قاتارلىق ئىجتىمائىي ئەخلاققا يات هارامزادىلىك شەكلىگىچە تەرەققىي قىلغان... ئوخشاشلا نۆۋەتتىكى خېلى كۆپ بەزمىخانا مىللىي ئەخلاققا مۇخالىپ پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزىدىغان ۋە ئىپپەتنىڭ قىممىتىنى ئاجىزلىتىشقا بىۋاستە سەۋەب بولىدىغان سورۇن بولغانلىقتىن، بۇ ماقالىمىزدە «دىبا» سۆزىنى «بەزمىخانا» ياكى «كېچىلىك بەزمىخانا» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەشنى لازىم تاپتۇق. نۆۋەتتە خېلى كۆپ «بەزمىخانا» ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق شاللاقخانا بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇزۇقچىلىق ئۇۋىسىغا ئايلىنىپ قالماقتا. بۇنداق بەزمىخانىلارنىڭ ئەقلىدە ئۆزىنى توختاتمىغان بەڭۋاش، شاللاق باللارنى يىغىۋېلىپ كېچىچە هاراق ـ شاراب، تانسا بەزمىسى ئۇيۇشتۇرۇشى، تەھقىقكى، مۇتەكەببىر (ئاتا ـ ئانىسىنى قاقشاتقۇچى) ۋە ئاسىي ـ گۇمراھ، يولدىن چىققان ئەۋلادلارنىڭ كۆنسېرى كۆپىيىشىگە «يېشىل چىراق» يېقىپ بېرىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس!

دېمەك، نۆۋەتتە، ئۈرۈمچىدىكى ئالىي مەكتەپلەردىكى بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەزمىخانىلارغا بېرىپ تۈنەپ قېلىشى ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان. تېخىمۇ خەتەرلىك يېرى شۇكى، بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار ۋە كۇرسانتلار ئاقىۋىتىنى ئويلىمايلا كېچىككىنە پۇلنى دەپ بەزمىخانا خوجايىنلىرىغا دەللاللىق قىلىپ ۋە بەزمىخانىنىڭ بىر كېچىلىكىنى سېتىۋېلىپ، هېلىقىدەك قانۇنسىز «چىرايلىق» ئېلانلارنى ئىشلەپ تارقىتىپ، ئوقۇغۇچىلارنى بەزمىخانىلارغا كۆپلەپ كېلىشكە قىزىقتۇرغان. بۇنىڭ بىلەن مەكتەپ ـ مەكتەپلەردىكى بەزى ئوقۇغۇچىلار جۈمە، شەنبە كۈنلىرى بەزمىخانىلارغا بېرىپ بۇ جايدا بولۇشچە «كۆڭۈل ئاچىدىغان» ۋە تۈنەپ چىقىدىغان بولۇۋالغان. بۇ هال بىر تەرەپتىن ئوقۇغۇچىلارغا ئېغىر ئىقتىسادىي بېسىم ئەكېلىپ، ئۇلارنىڭ پۇلغا بولغان موهتاجلىقىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنى دەللاللىق، شاللاقلىق كويىغا باشلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن مەكتەپنىڭ نورمال ئوقۇتۇش تەرتىپى ۋە تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزگەن؛ بىر تەرەپتىن بىر قىسىم ئىرادىسىز، غاپىل، ناشۈكۈر ئوقۇغۇچىلارنى جىنايەت يولىغا باشلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن بەڭباش، باشباشتاق، تەركىي ئەخلاق، گۇمراھ ـ ئازغۇن ئوقۇغۇچىلار تۈركۈمىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئەهلى ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. مۇشۇنداق بىر تۈركۈم مەيلى خىيال، تەركىي ئىلىم، هارامتاماق ئوقۇغۇچىلارنىڭ كاساپىتىدىن مەكتەپلىرىمىزدە تېخىمۇ كۆپ ئوقۇغۇچى ئۈمىدسىزلىنىپ هېچكىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايدىغان، ئۆگىنىشكە قىزىقمايدىغان، ئىنتىزامغا رىئايە قىلمايدىغان، تىرىشچان ئوقۇغۇچىلارغا ئۆچمەنلىك قىلىدىغان، ئۆزىنىڭ كىملىكى ۋە كېلەچىكىنى ئويلىمايدىغان، ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسسەيدىغان بولۇۋالغان. گەرچە، مەكتەپلىرىمىز پائال تەدبىر قوللىنىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەزمىخانىلارغا بېرىشىنى كۆچەپ توسقان ۋە چەكلىگەن بولسىمۇ، ئەمما مۇناسىۋەتلىك فۇنكسىيىلىك تارماقلار ماسلىشىپ بەرمىگەنلىكى ۋە بېشىنى ئىچىگە تىقىپ تۇرۇۋالغانلىقى سەۋەبلىك ئەھۋالدا تۈپتىن ئۆزگىرىش بولمىغان. پېقىر بىچارە مەكتەپىمۇ مەكتەپ قاتراپ بىر نەچچە ئوقۇغۇچىدىن مۇشۇ ھەقتە گەپ ئېلىپ، نېمىشقا شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى سورىغىنىمدا، ئۇلاردىن بەزىسى: باشقىلار ئويناپ ـ كۈلۈپ يۈرسە مېنىڭ قاتاردىن قالغۇم كەلمىدى شۇ، دەپ جاۋاب بەرسە؛ بەزىسى: مەن تىرىشىپ ئوقۇغىنىم بىلەنمۇ بەربىر خىزمەت تاپالايمەنمۇ ـ يوق؟! ئۇنىڭدىن كۆرە مۇشۇ پۇرسەتتە راسا ئويناۋالسام، كەلگۈسىم ۋاقتى كەلگەندە بىر گەپ بولۇر شۇ، دەپ جاۋاب بەردى؛ بەزىسى: قانداق قىلىسىز، مەن تىرىشساممۇ، تىرىشمىساممۇ جاهان دېگەن شۇ تۇرسا، ئىستىقبالىم ھەققىدە باش قاتۇرۇپ ئۆزۈمنى ئۇپراتقىچە، ئۆزۈم خالىغان ئىشنى قىلىپ كۆڭلۈمنى خۇش قىلغىنىم ئەۋزەل ئەمەسمۇ؟ دەپ جاۋاب بەرسە، بەزىسى: مەكتەپلىرىمىز بىزنىڭ ئۆگىنىش تەلىپىمىزگە قۇلاق سالماي، ئۆزىمىز خالىمىغان نەرسىنى زورلاپ تاڭسا، بۇنى ئوڭشايدىغان ئادەم چىقمىغاندىكىن، كۆڭلىمىزنى تەسكىن تاپتۇرۇش ئۈچۈن تاماشا قىلىپ يۈردۇق شۇ، دەپ جاۋاب بەردى؛ يەنە بەزىسى بولسا: بۇ ئانچە ئەندىشە قىلىپ كەتكۈدەك ئىش ئەمەسقۇ؟ بەزمىخانىلارغا بېرىپ تانسا ئويناپ قويغاننىڭ نەرى يامان دەيسىز؟ دەپ جاۋاب بەردى... مەن بۇ يەردە ئەمدى گەپنى ئۇزارتماي، بۇ نەپسى خاهىشىغا قۇل بولغان ئوقۇغۇچىلارغا ياپونىيىنىڭ بۈگۈنكى زامان داڭلىق مۇتەپەككۇرى، ئىجتىمائىي پائالىيەتچىسى، 1983 ـ يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن تىنچلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن يىكېدا دايساكۇ ھەزرەتلىرىنىڭ مۇنۇ ئۈچ كەلىمە مەشھۇر ھېكمەت سۆزىنى تەقدىم قىلىمەن: «ئەي، هايات سەپىرىدە كېتىۋاتقان ئىنسان، ناتونۇش دۇنيا ئالدىڭدا سېنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. بۇ دۇنيادا ئازاب ۋە خەتەردىن ساقلىنىش مۇمكىن ئەمەس. مانا بۇ هاياتنىڭ ئەينى سۈرىتى. بۇنىڭغا نىسبەتەن كۈچلۈك تەييارلىق بولسا، كىشىلەر ئۈمىدسىزلىك ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ». «مەغلۇب بولۇشقا توغرا كەلسە مەغلۇب بولۇۋەرگۈلۈك. بۇنى ياشلىق جاسارىتىدە تۈزلۈك بىلەن ئىقرار قىل، مانا بۇ ئاقىلانىلىك. ئۆز خاتالىقىنى تەن ئالماستىن، ئەكسىچە ئۇنى باشقىلارغا دۆڭگەپ قويۇش تولىمۇ رەزىللىكتۇر. سىلەر ھەرگىز مۇنداق قىلماڭلار. سوغۇققانلىق بىلەن بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەتنىڭ سەۋەبىنى تەھلىل قىلغاندا، مەغلۇبىيەت مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئانىسىغا ئايلىنىدۇ». «سەۋر ـ تاقەت — كۈچ. هاياتلىق غەلىبە ناخشىسىنىڭ مۇقەددىمىسى بولغان ئۈمىدسىزلىق ھەتتا مەغلۇبىيەتنى ۋە روهىي جەھەتتە چېكىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرامدۇ؟ ياق! مەيلى قانداق ئۈمىدسىزلىققا، قانچە قېتىملاپ ئۈمىدسىزلىققا ئۇچرىسۇن، پەقەت قەتئىي سەۋر ـ تاقەت قىلىپ، قايتا ئورنىدىن تۇرسىلا هاياتنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. ياشلار! ياشلىق مەزگىل سىلەرنىڭ كېيىنكى ئۇزۇن هايات سەپىرىڭلەرنى بەلگىلەيدۇ. شۇڭا، بۇ مەزگىلدە كۈچلۈك پىسخىك زىلزىلە بولسا، ئۈمىدسىزلىقمۇ ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ. لېكىن، شۇنى بىلىڭكى، بۇ ئەمەلىيەت سىزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىڭىزدىكى سىناق، ئىلگىرىلىشىڭىزدىكى بالداق. ھەر قېتىم كۈلپەت ئۈستىدىن غالىب كەلگىنىڭىزدە، سىزنىڭ ئۆزىڭىزنى تولۇقلىش كۈچىڭىز بىر ئۇلۇشتىن كۆپىيىدۇ» ⑥.

شۇنداق، رېئال هاياتلىق خىيالىي هاياتلىققا زادى ئوخشىمايدۇ. ئۇ خىيالەن هاياتلىققا قارىغاندا تېخىمۇ مۇرەككەپ، تېخىمۇ جاپالىق، تېخىمۇ ئازابلىق بولىدۇ. لېكىن، ئۇ مەيلى قانچىلىك مۇرەككەپ، قانچىلىك جاپالىق، قانچىلىك ئازابلىق بولمىسۇن، هىدايەت يولىنى تۇتۇپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ، سەۋر ـ تاقەتلىك بولغان كىشىلەر ئۇنىڭ ئۈستىدىن زەپەر قۇچماي قالمايدۇ؛ ئەكسىچە، گۇمراھلىق يولىنى تۇتۇپ، سەۋر ـ تاقەتنى تەرك ئېتىپ بولۇشچە ياشاشقا ئادەتلىنىپ قالسا، هاياتلىق سەپىرىدە ئەجەللىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، ۋىجدان ئازابىنىڭ دەردىنى تارتماي قالمايدۇ. شۇنداق، ئادەم هاياتلىق دۇنياسىدا ئۆزىنىڭ قانداق ياشاۋاتقانلىقى ۋە قانداق ياشىشى كېرەكلىكىنى بىلسە ۋە شۇ بىلىشكە يارىشا غۇرۇرلۇق، ئېتىقادلىق ياشىسا، زۇلمەت ۋە قىيىنچىلىققا ئۇچراپ كۈلپەت تارتقاندىمۇ ئۆز ئېتىقادىدىن يانمىسا، ئۇ بۇنىڭ بەدىلىگە هامان ياخشىلىق كۆرمەي قالمايدۇ.

بىر مىللەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى شۇ مىللەتنىڭ مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىنى يارىتىدىغان، باشقىلارنىڭ ئىلغار ۋە پايدىلىق تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۇنى

ئۆز مىللىتىنىڭ كونا ۋە ئاجىز تەرەپلىرىگە سىڭدۈرۈپ، يۇغۇرۇپ، تاۋلاپ، كۆچەيتىپ بىر پۈتۈن پارلاق مىللىي مەدەنىيەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشكە يېقىندىن تۆرتكە بولىدىغان مۇنەۋۋەر كىشىلەر گەۋدىلىدۇر؛ ئۇلار ھەر جاي، ھەر يەردە مىللەت ۋۇجۇدىدىكى قان، دىل ۋە تىل تۇغىنى جەۋلان قىلدۇرۇپ، ھۆررىيەت ۋە مۇسەللەت غۇرۇرىنى، رىقابەت ۋە ئىجادىيەت قىزغىنلىقىنى نامايان قىلىپ، ھەر بىر سۆز ـ ھەرىكىتىدە ئۆزلۈك ۋە مىللىي كىملىك ئىپتىخارىنى كۆرەك ئېلىپ، مىللەتنىڭ ئابرۇيى ۋە ئورنىنى مۇستەھكەملەيدىغان ئاۋانگارت قوشۇنىدۇر. قارايدىغان بولساق، بىزنىڭ ئارىمىزدىمۇ غايە ۋە ئېتىقادنى، بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەتنى، ئارنىلىق ۋە ئۆگىنىشنى ھاياتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرۇپ، ئۆزى ۋە خەلقىنىڭ تەرەققىيات ئۇلىنى چىڭداۋاتقان قىز ـ ئوغۇل «نەمۇنە يېرىم قوشۇن»لار بار. ئۇلار نۆۋەتتە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي رېئاللىقىمىزنىڭ قانداق بولۇشىدىن، ئۆز ئەتراپىدا تەركىي ئىنتىل، روھسىز، ئۈمىدسىز، شاللاق، ماڭقۇرت مىللىي قېرىنداشلىرىنىڭ قانچىلىك ئاينىپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر ئاتا ـ ئانا ۋەسىيتى، ئائىلە رىشتى ۋە كىملىك ھۆررىيىتىنى قەلبىگە مەھكەم پۈكۈپ، ئۆزىنىڭ ئۆگىنىش ئىرادىسىنى ئۆز ئاساسىنى چىڭداش ۋە كەلگۈسىنى قۇرۇش ئىستىكى بىلەن مۇستەھكەم بىرلەشتۈرۈپ، پەيسەرلىك بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە. ئەمما، ئۇلارنىڭ قارشى تەرىپىدە ۋۇجۇدىدىكى بىپەرۋالىق، ھۇرۇنلۇق، ئاڭقاۋلىق، چۈشكۈنلۈك، زەئىپلىك تۇپەيلى دۇنيانى بىلىشكە، ئۆزىنى ئىپادىلەشكە، كۈچ ـ قۇدرىتىنى نامايان قىلىشقا ئىنتىلمەيدىغان خۇيى دورامچى، دىللىرى قەساۋەت قىز ـ ئوغۇل «خارابىي يېرىم قوشۇن»لارمۇ بار بولۇپ، ئۇلار يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان «خارابىي يېرىم قوشۇن» بولۇشىغا قارىماي سان جەھەتتە تېز سۈرئەتتە كۆپەيمەكتە ھەمدە ئىپپەت بېدىكلىرىگە شېرىك بولۇپ «نەمۇنە يېرىم قوشۇن»لىرىمىزنىڭ يۈزىنى تۆكۈپ، ئۇلارنىڭ كىملىكىگە ئېغىر تەھدىت پەيدا قىلماقتا. ئۇلار تۇرغان ۋە بارغانلا يېرىدە «نەمۇنە يېرىم قوشۇن»لىرىمىزنىڭ ئەزالىرىنى غىدىقلاپ، قوزغاپ، ۋە زەرەتلەپ مەكتەپلىرىمىزنىڭ ئارامىنى بۇزماقتا. بۇ تەركىي ئىلىم «خارابىي يېرىم قوشۇن» لار: «ھايات دېگەن پەقەت دۇنيادىكى ھاياتىمىزدۇر، ئۆلۈمىز ۋە تىرىلىمىز (تۇغۇلىمىز). پەقەت زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن يوق بولىمىز» ⑦ دەپ بۇ دۇنيانىڭ ئۆتكۈنچى راھىتىگە بېرىلىپ بولۇشىغا ياشاشقا ئادەتلىنىپ قالماقتا. بىزنىڭ خاسىيەتلىك جۈمە، شەنبە كۈنلىرىمىز بۇ شەقى (گۇناھكار) ئۈممەتلەرنىڭ ئاينىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالالمىغانلىقىدىن ئۆكۈنۈپ كۆزلىرىدىن يۇم ـ يۇم ياش تۆكمەكتە.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، بۇ دۇنيادا ھەر كىم ھالاللىق بىلەن ياشىسىمۇ، ياخشى ئىش قىلسىمۇ ئۆزى ئۈچۈن ياشايدۇ، ئۆز پايدىسى ئۈچۈن قىلىدۇ؛ ھاراملىق بىلەن ياشىسىمۇ، يامان ئىش قىلسىمۇ ئۆز زىيىنى ئۈچۈن ياشايدۇ، ئۆزىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن قىلىدۇ. ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ ھالىتىنى ئۆزى ياخشىلىمىغۇچە ھېچكىم ئۇنىڭ ھالىنى ئۆزگەرتىپ قويمايدۇ. جاپا تارتمىغىچە، ئازاب چەكمىگىچە، سەۋر ـ تاقابەت قىلمىغۇچە خۇشاللىق تاپقىلى بولمايدۇ. روھىي قاتلىمى يۈزە، ئىرادە كەمىرى بوش ئادەمنىڭ جىسمانىي قۇۋۋىتىمۇ ئاجىز بولىدۇ. ئۆز روھىغا، ئۆز جېنىغا خىيانەت قىلغانلار خۇشاللىق تاپالمايدۇ. مۇنداق ئادەملەر بىرەر پېشكەللىككە، بىرەر ئوڭۇشسىزلىققا، بىرەر زەخمەتكە ئۇچرىسىلا يەل تۇپتەك بوشىشىپ، يوپۇرماقتەك سولىشىپ، چۈشكۈنلىشىپ، تېخىمۇ مەھكۇملۇققا دۇچار بولىدۇ؛ روھىدىكى ئىپلاسلىق ۋە رەزىللىكلەر بىلەن تەن تونىنى بۇلغاپ ئادەمسىمان مەخلۇققا ئايلىنىپ قالىدۇ.

## نومۇس ۋارىئاتسىيىسى

20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدا رېلار ملما «ياۋروپانى كۆزىتىش» ناملىق بىر كىتاب نەشر قىلدۇرغان. رېلار بۇ كىتابنى تەخمىنەن 1970 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن 1980 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىگە ئەزا ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيە، ھوللاندىيە، دانىيە، بېلگىيە، ليۇكسېمبۇرگ، ئىسپانىيە، پورتۇگالىيە، گرېتسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى 343 مىليون ئاھالە ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشلىرى ئاساسىدا يېزىپ چىققاچقا، ئۇنىڭدىكى ماتېرىياللار ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، سانلىق مەلۇماتلار ئىشەنچلىك، تەھلىلى چوڭقۇر بولغان. كىتابتا ئەينى چاغدىكى ھالەت مۇنداق تەسۋىرلەنگەن: نۆۋەتتە كىشىلەر ئائىلىنى ئەڭ ئاددىي شەكىلگە قىسقارتتى، دەپ قاراۋاتىدۇ. بۇ جەمئەت تىپلىق ئائىلە قېلىپىدىكى «ھۆجەيرە يادروسى»سىمان ئائىلىدىن قۇتۇلغانلىق. لېكىن شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، بۇ خىل يادرولۇق ئائىلىلەرمۇ پارچىلانماقتا. ياۋروپادا كىشىلەر ئەمەلىيەتتە ئەر ـ خوتۇننىڭ ئىناق ئۆتەلمەسلىكى تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان يادرو بۆلۈنۈشىنىڭ كۈنسېرى ئېغىرلىشىپ، «ھۆجەيرە يادروسى»نىڭ پارتلىغانلىقىنى بايقاشتى.

ئەينى ۋاقىتتا ئائىلىنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە پارچىلىنىپ «ۋارىئاتسىيىلىنىپ» كېتىشى ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى (ھازىرقى ياۋروپا ئىتتىپاقى)گە ئەزا دۆلەتلەردىكى گەۋدىلىك ئەھۋال بوپقالغان. بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى: ياشلار ئىپپەت لىبېرالىزمى، يەنى جىنسىي ئەركىنلىك شوئارىغا مەپتۇن بوپكېتىش بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ مۇھەببەتلىشىش، زىنا قىلىش يېشىمۇ كىچىكلەپ كەتكەن؛ نىكاھتىن ئاجرىشىش نىسبىتى ئېشىپ كېتىپ، توي قىلىش نىسبىتى تۆۋەنلەپ كەتكەن؛ نىكاھلانماي بىللە تۇرغۇچىلار ئەۋج ئېلىپ كەتكەن (ئاياللار ئەرلەرگە قارىغاندا كۆپ بولغان)؛ نىكاھسىز پەرزەنت كۆرگۈچىلەر، يەنى ئاتىسىز بالىلار كۆپىيىپ كەتكەن؛ بويتاقلارنىڭ نىسبىتى ئارتىپ كېتىپ، «بويتاقلار ئائىلىسى» ھەممە يەرگە كېڭىيىپ كەتكەن؛ ئىپپەت لىبېرالىزمى ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان؛ شەخس بىلەن ئائىلە ئوتتۇرىسىدىكى مېھرىبانلىق سۇسلىشىپ كەتكەن؛ كلاسسىك ئائىلە قۇرۇلمىسى، يەنى جەمئەت تىپلىق ئائىلە قېلىپىدىكى «ھۆجەيرە يادروسى»سىمان ئائىلىدىن يەككە ئائىلە ئەندىزىسى پەيدا بولغان؛ ھەتتا يالغۇز ئاتا ياكى يالغۇز ئانىلىق ئائىلىلەر مەيدانغا كەلگەن. نەتىجىدە ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىگە ئەزا دۆلەتلەردە مۇھەببەت، نىكاھ، جەمئەت ۋە مەسئۇلىيەت جەھەتتىن ئايرىلماس بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن مۇستەقىل ھالدا جەمئىيەتنىڭ ئەڭ كىچىك بىرلىكى بولۇپ شەكىللەنگەن، ھاكىمىيەت ھۆكۈمرانلىقى ۋە مۇستەبىتلىكىنىڭ زەربىسىگە ئەڭ ئاز ئۇچرايدىغان ئائىلە ئېغىر ئەخلاق بوھرانىغا دۇچ كەلگەن. گەرچە، 1990 ـ يىللارغا كەلگەندە ياۋروپالىقلار بۇ خىل ئائىلە ئەخلاقى بوھرانىنى ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولى بىلەن قىسمەن ھەل قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئىلگىرىكى سەلتەنەتلىك دەۋرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئامال قىلالمىغان. دېمەك، 1970 ـ يىللىرىدىن 1990 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغىچە ياۋروپادا پەيدا بولغان ئەنئەنىۋى ئائىلە قۇرۇلمىسىنىڭ مانا شۇنداق ئېچىنىشلىق پارچىلىنىپ ـ بۇزۇلۇپ كېتىش ھادىسىسى شۇ چاغلاردا فرانسىيە «تېز خەۋەرلەر» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان بىر ماقالىدە ناھايىتى ئوبرازلىق ھالدا «ئائىلە ۋارىئاتسىيىسى» دەپ ئاتالغان. مۇتەخەسسىسلەر مۇنداق «ئائىلە ۋارىئاتسىيىسى»نىڭ پەيدا بولۇشىغا ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىگە ئەزا دۆلەتلەردە تېزگىنلەش رولىنى ئويناپ كەلگەن ئائىلىنىڭ رولى ۋە جامائەت بېسىمىنىڭ سۇسلاشقانلىقى، دىن رولىنىڭ ئاجىزلاشقانلىقى سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن ⑧ دەپ قارىغان. ئەمما ئۇلار ئىپپەت لىبېرالىزمى (جىنسىي ئەركىنلىك)نىڭ ئاشكارىلىقى ۋە ئىپپەت ئېڭىنىڭ ئاجىزلىقى «ئائىلە ۋارىئاتسىيىسى»نى كەلتۈرۈپ چىقارغان مۇھىم سەۋەب ئىكەنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلغان. ئەمەلىيەتتە ياۋروپالىقلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، جىنسىي ئەركىنلىكنىڭ ئاقىۋىتى ۋە ئىپپەتنىڭ قىممىتى ھەققىدە سۆزلەپ ئولتۇرۇش ئارتۇقچە بولسا كېرەك. چۈنكى، ھەرقانداق بىر ھەرىكەت مەيلى ئۇ شاللاقلىق بولسىمۇ مۇئەييەن كىشىلەر توركۇمى تەرىپىدىن ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن بولسا، ئۇ شۇ كىشىلەر تەرىپىدىن ئىلغار ئادەت سانىلىۋېرىدۇ. جۈملىدىن ئىپپەت لىبېرالىزمىمۇ ياۋروپالىقلارنىڭ نەزىرىدە ئادەتتىكى ئىش ھېسابلانسا كېرەك. ئەمما شەرقلىقلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، جىنسىي ئەركىنلىكنىڭ ئاقىۋىتى، ئىپپەتنىڭ قىممىتى ۋە ئورنى سۆزلەپ يۈرمىسەكمۇ ناھايىتى چۈشىنىشلىك بىر ئەھۋال. شۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈنكى كۈندە ئەتراپىمىزدا، ئىچىمىزدە كۈن بويى يۈز بېرىۋاتقان غەيرىي ھادىسىلەر شەرقلىقلەرنىڭ بىر ئەزاسى بولمىش بىز

ئۇيغۇرلارغا جىنسىي ئەركىنلىكنىڭ كاساپىتى ۋە ئىپپەتنىڭ قىممىتى ھەققىدە راسا زاكون تاشلاش زۆرۈرلۈكىنى تونۇتماقتا. مۇبادا، بۇ مەسىلىگە سەل قاراپ بېشىمىزنى ئىچىگە تىقىپ يۈرۈۋەرسەك، پات ئارىدا «ئائىلە ۋارىئاتسىيىسى» بىزنىڭ ئارىمىزدىمۇ يۈز بەرمەيدۇ دېگىلى بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە بىزدىمۇ، بولۇپمۇ شەھەرلەردە پىلانلىق تۇغۇشنىڭ ئومۇملىشىشى، پەرزەنتلىك بولۇش ئارزۇسىنىڭ سۇسلىشىشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن خۇددى رىلار كۆرسەتكەندەك ئاددىي ئائىلە شەكلى، يەنى يەككە ئائىلە ئەندىزىسى (ئەر ـ خوتۇن ۋە بىر ياكى ئىككى بالىلىق ئائىلە) ئاللىقاچان شەكىللەندى. توي قىلىش نىسبىتى تۆۋەنلەپ كەتمەگەندەك قىلغىنى بىلەن ئاجرىشىپ كېتىش نىسبىتى كۆپىيىپ كەتتى؛ بىللە تۇرغۇچىلار ئەۋج ئېلىپ كەتمىگەندەك قىلغىنى بىلەن ئىپپەت شاللاقلىقى يامراپ كەتتى؛ بويتاقلارنىڭ نىسبىتى ئارتىپ كەتمىگەندەك قىلغىنى بىلەن يالغۇزلۇقنى خالايدىغانلار كۆپىيىپ كەتتى؛ ئاتىسىز باللار يوقنىڭ ئورنىدا بولغىنى بىلەن يېتىم باللار كۆپىيىپ كەتتى؛ شەخسلەر بىلەن ئائىلە (ئەر بىلەن ئايال، ئاتا ـ ئانا بىلەن بالا) ئوتتۇرىسىدىكى مېھرىبانلىق سۇسلىشىپ كەتمىگەندەك قىلغىنى بىلەن، شەخسلەرنىڭ ئائىلىگە ئېتىبار بەرمەسلىك خاھىشى كۈچىيىپ قالدى؛ بىر نىكاھلىق بولۇش ئەنئەنىسى ئاجىزلىشىپ كۆپ نىكاھلىق (كۆپ توي قىلىش) بولۇش، ئاشنا تۇتۇش خاھىشى باش كۆتۈرۈپ كەتتى؛ جىنسىيەت ئاشكارىلىقى ئادەتتىكە ئايلانمىغىنى بىلەن پاھىشە ـ پاھىشۋازلىق ۋە ئىپپەت ياپىمچىلىقى باش كۆتۈرۈپ قالدى؛ كەڭ دائىرىلىك ئەخلاق بوھرانى يۈز بەرمىگەندەك قىلغىنى بىلەن يەككە خاراكتېرلىك ئەخلاق بوھرانى ئېغىرلىشىپ كەتتى. گەرچە، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا ئەنئەنىۋى ئائىلە قۇرۇلمىسى ۋە مىللىي ئەخلاق قارىشىدا مۇنتىزداق ئۆزگىرىش ــ ئاينىپ كېتىش (ۋارىئاتسىيە) ھادىسىسى يۈز بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما خەلقىمىزنىڭ ئاساسىي قىسمى مۇنداق بولماسلىقنى چىن دىلىدىن خالايدۇ. خەلقىمىز ھازىرغىچە مىڭ يىللاپ ئىسلام ئەخلاقىي مۇھىتىدا ياشاۋاتقان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ھاياتىدا يۈز بەرگەن ۋە يۈز بېرىۋاتقان ئەخلاق بوھرانىنى ياۋروپا خرىستىيان ۋە كاتولىك دىنىي مۇھىتىدا يۈز بەرگەن «ئائىلە ۋارىئاتسىيىسى» بوھرانىغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. خەلقىمىزنىڭ روھىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان ئىسلام ئەخلاقى قارىشى ھېلىمۇ تەقۋادار «ئەر ـ ئايال يېرىم دۇنيا»نىڭ قەلبىدە نۇر چېچىپ تۇرماقتا. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالىي مەكتەپلىرىمىزدىكى ھېلىقى قىز ـ ئوغۇل «نەمۇنە يېرىم قوشۇن»لىرىمۇ «ئەر ـ ئايال يېرىم دۇنيا»لار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ۋە ئۇلار بىلەن قەلبداش، ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇپ ئۆزلىرىنىڭ كىملىك تۇغىنى لەپىلدەتمەكتە. شۇنداق بولغانلىقتىن بىز ماقالىمىزنىڭ ماۋزۇسىنى ئەسلىدە «ئىپپەت ۋارىئاتسىيىسى» دەپ قويۇشنى ئويلاشقان بولساقمۇ، قەلەم تەۋرىتىش جەريانىدا توساتتىن ئويىمىزنى ئۆزگەرتىپ ھازىرقى ماۋزۇنى قويدۇق. ناۋادا، «ئىپپەت ۋارىئاتسىيىسى» دەپ ماۋزۇ قويساق، ئۇ ھالدا شەرم ـ ھايالىق «ئەر ـ ئايال يېرىم دۇنيا»لار بىلەن قىز ـ ئوغۇل «نەمۇنە يېرىم قوشۇن»لىرىمىزغا قارا چاپلىغان بولۇپلا قالماي، ھەتتا سۆيۈملۈك مىللىتىمىزنىڭ ئىپپەت ئەخلاقىنىمۇ ئۇزۇل ـ كېسىل ئىنكار قىلىۋەتكەن بولىدىكەنمىز ھەمدە ئۆز ـ ئۆزىنى ئىنكار قىلىپ باشقىلارنىڭ كۈلكىسىگە قېلىشتەك خاتالىقنى سادىر قىلىپ قويىدىكەنمىز. يەنە بىر جەھەتتىن 3 ـ ھېكايە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقايسى شەھەرلىرىمىزدە يۈز بېرىۋاتقان شۇنىڭغا ئوخشاش ھېكايىلەر ئىپپەت سودىسىنىڭ ئالدىدىكى «تەييارلىق» بولغانلىقتىن، ھەمدە خاراكتېر جەھەتتىن نومۇسقا ياتىدىغان قىلمىش بولغانلىقتىن «نومۇس ۋارىئاتسىيىسى» دەپ ماۋزۇ قويساق، ئوبيېكتىپ رېئاللىققا ئۇيغۇن بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇق.

## ئىپپەت پەرىشتىلىرىنىڭ خىتابى

ئادەم ئۆلتۈرۈش نىيىتىدە يۈرگەن قارا نىيەتتىن بىرى سىزنى ئەتەي ئۆلتۈرۈۋەتمەك بولۇپ توساتتىن ئالدىڭىزنى توستى. بۇ چاغدا سىز مەيلى قانچىلىك ئاجىز ۋە بىنەپ شارائىتتا بولماڭ سىز ئۇنىڭ بىردىنبىر توغرا تاللاش ئۇنىڭ بىلەن قەتئىي، مۇرەسسەسىز، باتۇرلارچە ئېلىشىشتىن ئىبارەت. مۇبادا، سىز ئۇنىڭدىن سىزنى ئۆلتۈرمەسلىكنى ئۆتۈنۈپ يالۋۇرسىڭىز ئۇنىڭ مەقسىتى پەقەت سىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىشلا بولغاچقا، سىزنى بىر قورقۇنچاق قاتارىدا كۆرۈپ، سىزنىڭ ئادەمىيلىك جاسارىتىڭىز، غۇرۇرىڭىز ۋە قىممىتىڭىزنى بىلمەيلا سىزنى ئۇ دۇنياغا ئۇزىتىپ قويىدۇ. يەنە بىر نۇقتىدىن ئېيتقاندا، سىز ئۇنىڭ بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشقىنىڭىزدىلا ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز ئۇنىڭ بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشقىنىڭىزدىلا ئۇ سىزنىڭ ئادەمىيلىك جاسارىتىڭىز ۋە غۇرۇرىڭىزنى بىلىپ قويىدۇ. بولمىسا ئۇ پەقەت ئادەتتىكى بىر ئادەمنىلا ئۆلتۈردۈم، دەپ قارايدۇ. بۇ نۇقتىدا سىزنىڭ ئۆلۈمىڭىز بەكلا ئەرزان توختاپ قالىدۇ. توغرىسىنى ئېيتقاندا، سىز قارا نىيەتكە سىزنى ئۆلتۈرۈشى ئۈچۈن داغدام يول ئېچىپ بەرگەن بولىسىز، ئۇ سىزنى جاپا تارتمايلا ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ. ئۇ ھالدا جاھاندا سىزدەكمۇ بىچارە، سىزدەكمۇ ھاماقەت، سىزدەكمۇ يارىماس، سىزدەكمۇ رەزىل ئادەم بولامدۇ؟! بۇ بىر خىل ئەھۋال.

يەنە بىر خىل ئەھۋال شۇكى، قارا نىيەتتىن بىرسى سىزنى بىرەر ماددىي ئېھتىياج ۋەجىدىن ئۆلتۈرمەك بولۇپ ئالدىڭىزنى توستى. بۇ چاغدا سىز قانداق ئەھۋالدا بولماڭ سىز ئۇچۇن بىردىنبىر توغرا تاللاش ئەقىل ـ ئىدراكنى ئىشقا سېلىپ، ئۇنىڭ سىزنى ئۆلتۈرۈش ھەرىكىتىنى توسۇپ قېلىشتىن ئىبارەت. ئەگەر سىز ئەقىل ئىشلەتمەي ئەلەم ۋاستىسىنى ئىشلەتسىڭىز، ئۇ ھالدا سىزدىن مەلۇم نەرسىگە ئېرىشەلا سىزنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىدىن يېنىش ئېھتىمالى بولغان قارا نىيەت توساتتىن سىزنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىشى مۇمكىن. بۇ ھالدىمۇ جاھاندا سىزدەك ئەخمەق ئادەم بولماس؟! مۇبادا، سىز ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىپ قارا نىيەتنىڭ پسىخىك دۇنياسىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭغا پايدا ـ زىيان مەسىلىسىنى چۈشەندۈرسىڭىز، بەلكىم ئۇ سىزنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىدىن يېنىپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇ ھالدا جاھاندا سىزدەك پەم ـ پاراسەتلىك، سىزدەك جاسارەتلىك ئادەم بولمايدۇ.

ئەمدى ئىپپەت ئىپپەت مۇشتۇمزورلىرى تەرىپىدىن پايمال قىلىنىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەندە پەقەت بىرىنچى خىل ئەھۋالنىلا، يەنى ھايات ـ ماماتلىق كەسكىن ئېلىشىش يولىنىلا تاللاشقا بولىدۇكى، باشقا ھەرقانداق يولنى تاللاش خىيالدا بولۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئىپپەت، پەقەت ئىپپەتلا مۇتلەق دەخلىسىزدۇر، ئۇنىڭ قىممىتى جاننىڭ قىممىتىدىن يۇقىرى تۇرىدۇ. ئۇ ھۇجۇمغا ئۇچرىغاندا قەتئىي قارشىلىق كۆرسىتىش ۋە قوغداش، مۆرتى كەلگەندە ئۇنىڭ ئۈچۈن جاننى پىدا قىلىش قەھرىمانلىق ۋە ئادەمىيلىك غۇرۇرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ھېسابلىنىدۇ. نازۇكۇم، زۇمرەت، پاتىمە، مۇھەممەدئېلى، ئىبراھىمشاھ، سالىھ دورغىلار مانا مۇشۇنداق شەرەپكە لايىق ئىپپەت پەرىشتىلىرى ۋە ئىپپەت سەردارلىرىدۇر. ئۇلار ئىپپەت قاراقچىلىرى تەرىپىدىن ھۇجۇمغا ئۇچرىغاندا ئۇلار بىلەن ھايات ـ ماماتلىق ئېلىشىپ ئىپپەتنى قوغىدىدى، قىلچىمۇ تەسلىم بولۇش خىيالىدا بولمىدى، ئىپپەت ئۈچۈن تەن زەخمىسىگە چىدىدى، ئىپپەت ئۈچۈن ھەتتا جېنىدىن كېچىپ، ئىپپەت قىممىتىنىڭ ھەممىدىن يۇقىرى تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويدى. بەكمۇ تەسىرلىك يېرى شۇكى، زۇمرەت بىلەن پاتىمە يېشىنىڭ شۇنچە كىچىك، تېنىنىڭ شۇنچە ئاجىز بولۇشىغا قارىماي ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك قارا نىيەتلەر بىلەن كەسكىن ـ مۇرەسسەسىز ئېلىشىپ ئىپپەتنىڭ پاكلىقىنى ساقلاپ قالدى. ئۇلار ئىپپەت باسقۇنچىلىرى تەرىپىدىن تەلۋىلەرچە دارقىرىتىپ سۆرەلگەندىمۇ، قوللىرى قايرىلىپ، پۇتلىرى پۇكلەنگەندىمۇ، چاچلىرى يۇلۇنۇپ، كىيىملىرى تىتما ـ پارە قىلىۋېتىلگەندىمۇ، تەنلىرى يەرگە نىقتىلىپ، دۇمبە ـ كاسىلىرى ئاغرىپ كەتسىمۇ، يۈزلىرى پىچاق بىلەن تىلىنىپ، بويۇنلىرى پىچاق بىلەن كېسىلىپ، بەدەنلىرى قىپقىزىل قانغا بويىلىپ تونۇغىسىز بوپكەتكەندىمۇ قەتئىي باش ئەگمەي، ئۇ مەلئۇنلار بىلەن ئاخىرغىچە ئېلىشتى. ئۇلار نېمىدېگەن غۇرۇرلۇق، نېمىدېگەن جاسارەتلىك قىزلار ـ ھە؟! ئۇلار بۇ دۇنيادىلا «جەننەت»نىڭ ئىشىكىنى ئاچتى.

شۇنداق، ئىپپەت قىز، ئىپپەت ــ ئانا، ئىپپەت ــ ئاتا، ئىپپەت ــ ۋەتەن. ئىپپەتسىز قىز «قىز» بالا بولمايدۇ، ئىپپەتسىز ئانا «ئانا» بولمايدۇ، ئىپپەتسىز ئاتا «ئاتا» بولمايدۇ، ئىپپەتسىز ۋەتەن «ۋەتەن» بولمايدۇ. قىزلارنى «قىز»

قىلغانمۇ، ئانىلارنى «ئانا» قىلغانمۇ، ئاتىلارنى «ئاتا» قىلغانمۇ، ۋەتىنىنى «ۋەتەن» قىلغانمۇ ئىپپەت، پەقەتلا ئىپپەت. ئىپپەتنىڭ قىممىتىنى تونۇمىغان، ئىپپەت قۇرۇرى ئاجىز قىزلارنى «قىز» دېگىلى بولمايدۇ؛ ئىپپەت ئىگە زەبۇن، ئىپپەت قارىشى بىپەرۋا ئانىلارنى «ئانا» دېگىلى بولمايدۇ؛ ئىپپەت ھۇجۇمغا ئۇچرىغاندا قايتۇرما زەربە بېرىشكە ئاتلانمىغان، ئىپپەت شالاقلىقىغا شېرىك بولغان ئاتىلارنى «ئاتا» دېگىلى بولمايدۇ. ئى قىزلار، يىگىتلەر، ئانىلار، ئاتىلار! سىلەر ئىپپەتنىڭ قىممىتىنى تونۇڭلار، ئىپپەتنى ئاسراڭلار ۋە قوغداڭلار! ئەجەبا، سىلەر شالاق قىزلار بوپقېلىشتىن، ھاماقەت ئوغۇللار بوپقېلىشتىن، ھۆرمىتى يوق ئانا بوپقېلىشتىن، گۆشۋاش (گىناۋەتسىز) ئاتا بوپقېلىشتىن قورقمامسىلەر!؟ مۇشۇ ماكاندا، مۇشۇ زاماندا، بۈگۈنكى كۈندە ئىپپەتنى قەدىرلەش، ئىپپەتنى ئاسراش، ئىپپەتنى قوغداش پەقەت شەخس ۋە ئائىلىنىڭلا مۇقەددەس ۋەزىپىسى بوپقالدى. شەخس ئۆزىنىڭ ئۆمۈر مۇساپىسىدىكى چىن ئىنسانىي قىممىتى ۋە تارىخىي ئىپتىخارىنى يوقىتىپ قويمىسىلا، ئائىلە جاھان مۇشتۇمزورلىرىنىڭ دورۇت ـ ئەپسۇنلىرى ئىچىدىن ئۆز ـ ئۆزىنى تونۇپ ھوشيارلىق «تۇغى»نى لەپىلدىتىپ تۇرىدىغانلا بولسا ئىپپەت بېدىكلىرى ۋە ئىپپەت لىبېرالىزمچىلىرى ئۆز مەقسەت ـ مۇددىئالىرىنى ئىشقا ئاشۇرالمايدۇ؛ ئىپپەت باسقۇنچىلىقىغا ئۇزۇل ـ كېسىل قارشى تۇرسىلا خۇددى رەخىم ۋە جاڭ x x لارغا ئوخشاش مۇشتۇمزورلار ھامان مەغلۇب بولماي قالمايدۇ.

ئى قىزلار، ئاياللار، ئانىلار، سۆھبەتلىرىمىزدە، ماقالىلىرىمىزدە سىزلەرنىڭ مۇبارەك ناملىرىڭلارنى بەس ـ بەستە ئاتاپ ئۇلۇغلىشىمىز، مەدھىيىلىشىمىز ئىپپەتنىڭ ھۆرمىتى ۋە قىممىتىدىن ئەمەسمۇ؟! سىلەر ھەرگىزمۇ غەربچە ئىپپەت لىبېرالىزملىق (جىنسىيەت ئەركىنلىكى) قىممەت قارىشىنىڭ دامىغا دەسسەپ كەتمەڭلار! سىلەر ئەففە (پاك) ئاياللاردىن بولۇڭلاركى، ھەرگىز شالاق ـ لىبېرال ئاياللاردىن بوپقالماڭلار. «زىنا قىلغۇچى ئەر پەقەت زىنا قىلغۇچى ئايالنى ياكى مۇشرىك ئايالنىلا ئالىدۇ، زىنا قىلغۇچى ئايال پەقەت زىنا قىلغۇچى ئەرگە ياكى مۇشرىككىلا تېگىدۇ، ئۇ (يەنى زىنا) مۆمىنلەرگە ھارام قىلىندى» ⑨ .

ئىپپەت لىبېرالىزمى بارلىق گۇناھنىڭ مەنبەسىدۇر. شۇڭا، ئاللا بارلىق مۆمىنلەرگە ئەۋرەتلىرىنى پەقەت جۈپتى ھالالىدىن باشقىلاردىن ساقلىغۇچىلاردىن بولۇشقىلا بۇيرۇغان. ئىپپەت لىبېرالىزمى ئىپپەتنىڭ قىممىتىنى ئاجىزلىتىشقا بىۋاستە سەۋەب بولۇپ، ئىپپەت شالاقلىقى ۋە ئىپپەت يايمىچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇ، روھنىڭ ئېتىبارغا ئېلىنمىغانلىقى شۇنداقلا تەننىڭ زىيادە ئۇلۇغلىنىۋاتقانلىقىنىڭ مەھسۇلى. ھالبۇكى، روھ ئۆلگەندە تەننىڭ قىممىتىمۇ قالمايدۇ، ئۇ خۇددى «تېشى پال ـ پال، ئىچى غال ـ غال» كېرەكسىز بىر نېمىگە ئايلىنىپ قالىدۇ، ئۇ پەقەت روھ ئارقىلىقلا «تەن» بولالايدۇ. تەن ئەۋزەللىكى (بىرلەمچىلىكى)گە قارىغۇلارچە ئىشىنىپ كېتىش روھ زەئىپلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، جاھاننى شالاقلىق، چىرىكلىك، مەھكۇملۇق، قولچوماقلىق، ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈك قاپلاپ كېتىدۇ؛ ئىشتانبېغى بوش ئاياللار، زىناخور ئەرلەر جىقلاپ كېتىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە ئالىي مەكتەپلىرىمىزدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا قىز ـ ئوغۇل «خارابىي يېرىم قوشۇن»لارنىڭ پەيدا بولۇشى، ئايىنىپ كېتىشى، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشنى، ئىلىمنى تەرك ئېتىپ كېچە ـ سايىغا ئۆزىنى ئۇرۇشى، جۈمە ـ شەنبە كۈنلىرى كېچە ـ كېچىلەپ بەزمىخانىلاردا «كۆڭۈل ئېچىش» بولۇشىغا ياشاشقا ئادەتلىنىپ قېلىشى، ئۆزىنىڭ كىملىكى ۋە سالاھىيىتىنى، يەنى «مەن» ۋە «بىز»لەرنى «ئۇ» ۋە «ئۇلار»نىڭ ئالدىدا خار قىلىشتىن ئۇيالماسلىقى، ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ چۈشكۈنلەشكەنلىكىدىن بولغان: رېئاللىقنىڭ مېيلى قانچىلىك ئادالەتسىز، قانچىلىك پاجىئەلىك، قانچىلىك يىرگىنچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلار ئۇنىڭغا جان تىكىپ تاقابىل تۇرۇشقا، ئۇنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىشكە ئۇرۇنۇپ ـ تىرىشىپ باقمىغانلىقىدىن بولغان. ۋەھالەنكى، ئادەمدە مۇشۇنداق كىشىلىك تەبىئەتكە نىسبەتەن ئىشەنچ قالمىغاندا، ئەدەبىيات بولسۇن، تارىخ بولسۇن، ئومۇمەن دۇنيادىكى ئىنسانلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك قىممەت، تەرەققىيات قاتارلىق بارلىق نەرسىلەرنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى قالمايدۇ ⑩ . ئۇ ھالدا ئادەملەر خۇددى بىزنىڭ قىز ـ ئوغۇل «خارابىي يېرىم قوشۇن»لىرىمىزغا ئوخشاش بولۇشچە ياشاشقا ئادەتلىنىپ قالىدۇ. ئۇنداقتا قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ يەردە مەن بارلىق تىركىي ئۈمىد ئوقۇغۇچىلىرىمىزغا ياپونىيە بويىچە ئەڭ چوڭ بۇددا دىنى تەشكىلاتى—ياپونىيە سوكا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ رەھبىرى، يەنە شۇ يىكېدا دايساكۇ جانابلىرىنىڭ مۇنۇ بايانلىرىنى تەقدىم قىلىش بىلەن ماقالەمنى ئاخىرلاشتۇرىمەن: «كۆڭۈلسىز ئەھۋالغا دۇچ كېلىپ قالغىنىڭىزدا ئۇنتۇماڭكى، سەۋر ـ تاقەت قىلىش، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش باتۇرلۇقتۇر. ھاۋا بەزىدە ئوچۇق، بەزىدە تۇتۇق بولىدۇ؛ ھاياتمۇ مۇقەررەر دولقۇنلۇق بولىدۇ، بەزىدە كىشى بالا ـ قازاغا يولۇقۇپ، كۆلپەت تارتىدۇ، بەزىدە پۈتكۈل ئىستىقبالى تۈگەپ، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالغاندەك بولىدۇ. مۇنداق چاغدا تولا كىشى بۇ خىل ئەھۋالنى مەڭگۈ داۋاملىشىدىغاندەك ھېس قىلىشىدۇ. ئەمما، يامغۇرلۇق كۈنلەرنىڭ پۈتۈن بىر يىل داۋام قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئالدىمىزدا ئوچۇق كۈنلەر بىزنى چوقۇم كۈتۈپ تۇرىدۇ. كۆلپەتتە قالغان ئادەم قانچە ياش بولسا شۇنچە كۆپ تەشۋىشلىنىدۇ، قورقۇق ئاۋارىگەرچىلىك بىلەن تىركىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كۆلپەتكە تېخىمۇ چوڭقۇر پېتىپ، تېخىمۇ چوڭ دىل ئازارى تارتىدۇ. ئەگەر، شۇنچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كۆلپەتتىن قۇتۇلالمىغاندا، تەمكىنلىك بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش، سەۋر ـ تاقەت قىلىش كېرەك، بۇ نۇقتىنى ئېسىڭلاردا چىڭ تۇتۇڭلار. تىت ـ تىت بولۇش، سەۋرسىزلىنىش مەجەزنى ئوساللاشتۇرۇپ، ئۆز ـ ئۆزىنى ھالاك قىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا، بۇنىڭدىن مۇتلەق ساقلىنىش، سەۋر ـ تاقەت قىلىپ كۈتۈش كېرەك. ئازابلىق مىنۇتلار ھامان ئۆتۈپ كېتىدۇ. ھەقىقىي سەۋر ـ تاقەتكە، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا جاسارەت كېرەك»⑪ .

2003 ـ يىل دېكابىر، شەھىرى ئۈرۈمچى

## ئىزاھلار


① ، ② «شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى» (ئۇيغۇرچە)، 2003 ـ يىلى 2 ـ دېكابىر (سەيشەنبە) 1530 ـ سان؛ 2003 ـ يىلى 28 ـ ئۆكتەبىر (سەيشەنبە) 1516 ـ سان.

③ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «ئويغانغان زېمىن» (1)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىلى مارت 2 ـ بېسىلىشى، 162 ـ بەت.

④ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1992 ـ يىلى ماي 1 ـ نەشرى، 190 ـ ، 191 ـ بەتلەر.

⑤ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (13)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىلى فېۋرال 1 ـ نەشرى، 167 ـ ، 168 ـ بەتلەر.

⑥ ، ⑩ ، ⑪ «يىكېدا دايساكۇ ھېكمەتلىرى»دىن، «مىراس» ژۇرنىلى 1999 ـ يىلى 6 ـ سان، 26 ـ ، 27 ـ بەتلەر.

⑦ ، ⑨ «قۇرئان كەرىم»، 45 ـ سۇرە جاسىيە 24 ـ ئايەت؛ 24 ـ سۇرە نۇر 3 ـ ئايەت، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1987 ـ يىلى مارت 2 ـ بېسىلىشى.

⑧ «پايدىلىنىش خەۋەرلىرى» گېزىتى (ئۇيغۇرچە)، 1992 ـ يىلى 3 ـ ، 5 ـ ، 6 ـ ، 7 ـ ، 8 ـ ، 10 ـ ، 11 ـ فېۋرال سانلىرى.


---

ئاپتور: «شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى

www.uyghurkitap.com



# سەنئەت ۋە بىز

ئابدۇنىياز توختى

ئانىنىڭ يېقىملىق ئەللەي ناخشىسى ئىچىدە تاتلىق
ئۇخلاپ چوڭ بولغان ھەربىر ئۇيغۇرنىڭ روھىي دۇنياسىغا
بۆشۈكتىكى ۋاقتىدىلا سەنئەتنىڭ ھىدى ئورۇلغان. ئۇنىڭدا
سەنئەتكە بولغان چوڭقۇر مېھىر، سېغىنىش ئىستىكى بار. بۇ
خىل ئىستەك تەمتىلەپ ئەمدىلەتىن ماڭغان قەدەملىرىدىمۇ،
مۇھەببەتنىڭ شىرىن پەيزىنى سۈرگەن چاغلاردىمۇ بار.
ھەتتاكى ئۇيغۇر ئانىلىرى ھازا ناخشىسى بىلەن ھازا ئېچىپ
ئۆلۈمنى ئۇزىتىدۇ. ھاياتقا بولغان مۇھەببەت، گۈزەللىكنى
سۆيۈش ۋە يارىتىش ئۇنىڭ قان - قېنىغا سىڭىشىپ كەت-
كەچكە، ئۇنىڭ ھاياتىدا سەنئەت بىلەن تۇرمۇش يۇغۇرۇ-
لۇپ كەتكەن. سودا سارايلىرىنىڭ ئالدىدا خېرىدار جەلپ
قىلىش ئۈچۈن چېلىنغان ناغرا - سۇناي ئاۋازى ئۇنىڭ قۇ-
لىقىغا مەيلىنى تارتىشلا ئەمەس، سەنئەت سەزگۈلىرىنىمۇ
چالغۇتۇپ ئۆتىدۇ. نەتىجىدە كەچمىشتىن ھازىرلىققا سو-
زۇلغان تەكلىماكاننىڭ قۇم دولقۇنلىرىدەك بىر ئېقىمنىڭ
تەسىرىدىن ئاجايىپ بىر لەززەت شۇررىدە قىلىپ ئۆتۈپ
كېتىدۇ. تەكلىماكاننىڭ ھەر بىر قۇم دانىچىلىرىغىچە سەن-
ئەتنىڭ ھىدى - پۇراقلىرى سىڭىشىپ كەتكەن. دۇتار، تەم-
بۇر، راۋابلارنىڭ تارلىرىدىن مەۋجۇدلانغان كۈيلەر ئاڭلى-
غۇچىنى ھېيتگاھتىن يىراققا كەتكەن چەكسىزلىككىمۇ، ئىلە-
نىڭ قارىغايزارلىق تاغلىرىغىمۇ، توپىلار ئۈچۈپ تۇرغان
توپا تاملىق ئۆيلەر يېنىغىمۇ باشلاپ بارىدۇ. تارلاردىن
تۆكۈلگەن كۈيدىن ئاڭلىغۇچى ئاشۇ تارلارنى يول قىلىپ
يىراق مەنزىللەرگە كېتىپ قالىدۇ. ئاھاڭدا كەچمىشلەرنىڭ
يېقىملىق ۋە ئازابلىق ئەسرارلىرى بار. دۇتار تارىسى ئۇس-
تىدە تۆگىلەرنى يېتىلەپ ئاپئاق ساقال بىر بوۋاي كېلىدۇ.
ھەر بىر پەدە ئۇ دۇچ كەلگەن مۇشكۇلات ۋە ئۇلۇغ - كە-
چىك تىنىقلىرىنىڭ ئىزناسى. ئۆيگە كىرسەڭ ئوتقاشتەك
گىلەملەر، چالغۇلاردىكى ئىسسىق رەڭگە مايىللىق (بىر قا-
راشتىن كۆزگە ئىسسىق كۆرۈنىدىغان قىزىلغا مايىل رەڭلەر)
سەنئەتكە بولغان مۇھەببەتنىڭ، ئاق كۆڭۈل، خاتىرجەم-
لىككە ئىنتىلىشچان خاراكتېرنىڭ رەڭدە ئۆز ئىپادىسىنى
تېپىشىدۇر. قۇملىرى بوراندا ئۇچۇپلا تۇرىدىغان سارغۇچ
تەكلىماكان، قۇرۇپ شاخلىرى سۇنغان توغراقلار ئۇنىڭ
روھىغا قاغجىراش ئاتا قىلىپ مەنىۋى جەھەتتىكى موھتاج-
لىقنى ئاشۇرغان. كەچكى قۇياش نۇرىدا تاۋلىنىپ ياتقان قۇم
بارخانلىرى، شادا قادالغان زاراتگاھلىق، چوقچىيىپ تۇرغان
قەدىمىي تۇرلار تەكلىماكاندا ياشىغۇچىلارنىڭ چىراي ھې-
سىياتىغا چوڭقۇر يەرلىك پۇراق بولۇپ سىڭىشكەن. قۇم
بارخانلىرى — تۆگىلەرنى يېتىلەپ كېتىۋاتقان ئادەم شۇن-
داقلا رەسساملارنىڭ تونۇشىدا مۈكچەيگەن بوۋاي. ئېشە-
كنى مىنىپ كېلىۋاتقان يولۇچىغا ناخشا ھەمراھ. ئۇ ئاشۇ
ناخشىسى بىلەن تونۇر بار ھويلىدىكى قوي قوتىنى يېنىدا
باغلاقلىق ئىتلارنى ھاۋشىتىپ ئۆتىدۇ. ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى

بىلەن ناخشا قوزۇققا چاپان بىلەن بادام دوپپىسىنى ئېسىپ قويۇپ سۇپىدا ياتقان يېرىق تاپان، كەڭ ئالقان دېھقانغا يىراقتىن بىر ئەللەي ناخشىسى بوپكېتىدۇ. ئاددىي توپا تام ئۆيلەرنىڭ ئىچكى تېمىغا گويۇلغان گويۇقلاردىن پىشايۋانلارغا سىزىلغان گۈللەرگىچە، زاراتكاھلىقتا قوپۇرۇلغان گۈمبەزلەردىن مەسچىتلەرگە ئىشلەنگەن نەقىشلەرگىچە ئۇلارنىڭ سەنئەت تالانتىنى كۆرسىتىش بىلەن بىرگە ئەركىن ـ ئازادە ياشاش، بىغەملەرچە خاراكتېرىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. كەتمەننى مۇرىسىگە ئېسىپ كېلىۋاتقان يىگىت قوناقلىقتىن ئوت ئېلىپ چىققان ئۆرۈمە چاچلىق، چىمەن دوپپىلىق مەشۇقىنى بىر كۆرۈۋالغىنىغا قايسىدۇر بىر ئاھاڭلارغا غىڭشىغىچە ئۆيىگە كىرىپ كېتىدۇ. ناخشا بىلەن ھاياجانلىق تۇيغۇلىرىنى كۆچەيتمەكچى، ئۇزاققا سوزماقچى بولىدۇ. سەنئەتلىك ئىپادە قىلىشلاردىن قاراملىق، ياۋۇزلۇقمۇ شۇنداقلا ئەۋرىشىملىك، قىزلارچە نازاكەتلىك خاراكتېرمۇ تېپىلىدۇ. بىر قانچە دىنغا بولغان ئېتىقاد، شارائىتقا ماسلىشىپ ياشاشقا ماھىر ئالاھىدە خاراكتېر مەنىۋىيەتكە بولغان موھتاجلىقنى يېڭىلاپ، كۆپەيتىپ تۇرغان. ئەتلەستىكى ھەرخىل رەڭ، سىزىقچىلار، شەكىللەر قوپاللىق ۋە نەپىسلىكنىڭ بىرىكمىسى بولۇپ، ئەتلەس قارىماققا ئوت يالقۇنىدۇر. ئەتلەستىن شامان دىنىنىڭ تەسىرىنىمۇ، شۇنداقلا ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىنىمۇ سىزىش مۇمكىن. شامان دىنى — ئوتقا بولغان ئىخلاسمەنلىك ئۇيغۇرلارنىڭ رەڭ تونۇشىغا ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتكەن. توي يۆتكىگەندە كېلىننى ئوت ئۈستىدىن ئاتلىتىش داۋاملىشىپ كېلىۋەرگەن. ئۇلار گۈلخان يېقىپ مەشرەپ ئوينايدۇ. يىگىتلەر مەشۇقىنى ئوتنىڭ يورۇقىدا كۆرىدۇ. ئوت يالقۇنى بىلەن قىز بىر بوپ كېتىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلار «كۆزۈمگە ئوت بولۇپ كۆرۈندى» دەپ سۆيگىنى ئۈچۈن ھەسرەت چېكىدۇ. يىراقتىن تۆگىلەرنىڭ ئالتۇن كولدۇرمىسى ئاڭلىنىدۇ. تۆگە ئۇ بىر تارىخ. قۇمغا سىڭىنغان ئىزىدا ئۆتمۈشنىڭ ئىزناسى پارلاپ تۇرىدۇ. توغراققا ئېسىلغان ئەتلەس شامالدا يېنىك تەۋرىنىدۇ. ئۇنىڭدىن «كارۋان بۇيۇك» (يىپەك يولى)نىڭ ھىد ـ پۇراقلىرى كېلىدۇ. ئەتلەس كۆڭلەكلىك قىز يىگىتنىڭ كۆزىگە ئوت بولۇپ كۆرۈنىدۇ. قىزنىڭ چىمەن دوپپىسى، ئىككى تال ئۇزۇن ئۆرۈمە چېچىنى ئەتلەس كۆڭلەكسىز

كۆرۈش ياخشى بولمايدىغاندەك بىلىنىدۇ. كۈز مەزگىلىدە قېرى ئۈجمىنىڭ سارغايغان يوپۇرماقلىرىنى قويلىرىغا چۈشۈرۈپ بېرىۋاتقان قىزچاق تەبىئەت مەنزىرىسى بىلەن بىرلىشىپ كېتىدۇ. ئىسسىق رەڭگە تويۇنغان مەنزىرىلەر ئىچىدە قىزچاق يەنىمۇ جەلپكار، گۈزەل بوپكېتىدۇ. كۆتەك ھارۋا توپىلىق يولدىكى توپىلارنى توزىتىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ غىچ ـ غىچ ئاۋازى ھارۋا ئۈستىدە يوغان تاياقنى تۇتۇپ ئولتۇرغۇچىغا بىر مۇزىكا، ئاشۇ مۇزىكىسىز ئۇنىڭ ھارۋىسى مەۋجۇد ئەمەس. ھارۋىنىڭ چاقى بىر دەۋرلەرنى بېسىپ ئۆتكەن سائەت، ئۇنىڭدا داپنىڭ تاراڭشىغان ئاۋازىمۇ، پەرىخونلارنىڭ ئەپسۇنلىرىمۇ، سوپى ـ ئىشانلارنىڭ دۇرۇتلىرىمۇ شۇنداقلا خانىدانلىقلارنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنىڭ ئىزنالىرىمۇ بار. ئاپئاق ساقال بوۋاي چاق يېنىدا ئولتۇرۇپ «ئۇر توقماق»نى باللارغا ئېيتىپ بېرىدۇ. تارىم دەرياسى سۇ يۈزىدە سارغايغان يوپۇرماقلارنى لەيلىتىپ ئېقىپ كېلىدۇ. سۇلار مەشرەپ ئويناۋاتقانلارنىڭ ھېس ـ ھاياجانلىرىنى ئۆزى بىلەن قوشۇپ قۇم باغرىغا كىرىپ كېتىدۇ. قوزۇققا ئېسىپ قويۇلغان بادام دوپپا شۇ كۆرۈنۈشتە بىر پارچە رەسىم. دوپپا ئىچىدە نۇرغۇن ئوي ـ پىكىرلەر، ئارزۇ ـ ئارمانلار بار. ئۇ خېلى ئۇزاق تارىخ چەكسىزلىكىدىن ھازىرغا باشلاپ كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن ئوغلاق تارتىشىش، چېلىشىش، دارۋازلىقنى كۆرگىلى بولىدۇ. گۈزەللىك ھەممە يەردە بار. گۈزەللىك بىلەن چىرايلىق ئىككىسى ئىككى ئۇقۇم. چىرايلىقلىق بولسا گۈزەللىك ئۆز ئىچىگە ئالغان مەلۇم تەرەپ. چىرايلىق بولسىلا گۈزەل بولمايدۇ. سەنئەتنىڭ مەيلى قايسىلا تۈرىدىن بولمىسۇن ئەسەر يارىتىش ئۈچۈن ئىجادىيەت ماتېرىياللىرىنى كۆرۈپلا ئەمەس، كۆزىتىپ قوبۇل قىلىش زۆرۈر. تايىنى يوق ئادەم تۇتامى يوق سەنئەتتىن ھۇزۇرلىنىدۇ. بولۇپمۇ بۈگۈنكى كۈندە بىزدە تېتىقسىز ناخشا ـ مۇزىكىلار ئەۋج ئېلىۋاتقاندا يازغانلىرىمىز ئوقۇرمەنلىرىمىزنى سەنئەت توغرىسىدا ئازراق بىلىشكە ئىگە قىلالىسا ئەجەب ئەمەس.

---

ئاپتور: كۇچا ناھىيە ئاقئۆستەڭ يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ھازىر شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى گۈزەل سەنئەت كەسپىدە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتىدۇ

بۇ ساندىكى ئەسەرلەرنى تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى:
زۇنۇن باقى



# بوياقچى

(ھېكايە)

ياسىنجان سادىق چوغلان

1

تاسادىپىي پۇرسەتتە ھەر خىل رەڭ چېلانغان بوياق كۆلچىكىگە چۈشۈپ كېتىپ، دۈمبالىنىشتىن قۇتۇلۇپ قېچىپ كەتكەن قوتۇر ئۇشەك ـ بوز ھاڭگىنىڭ ھەر خىل رەڭدە بويالغان تۇرقىنى كۆز ـ كۆز قىلىپ «تاۋۇس ئەللەيىن» دېگەن نام بىلەن يىراق ئورماندىكى ھايۋاناتلارغا پادىشاھ بولۇۋېلىپ، بىر مەزگىل دەۋران سۈرگەنلىكى ھەققىدىكى ھېكايىنى ئاڭلىغان بوياقچى، ئۆزىنىڭ بوياقچىلىقتىن ئىبارەت ئاشۇ ئاددىي ھۈنىرىنىڭ شۇ قەدەر كارامىتى بارلىقىنى ھېس قىلىپ ھەيران قالدى. ئەمما باشقىلارغا شۇنچىلىك كارامەت، ئامەت ئەكەلگەن ھۈنىرىنىڭ ئۆزىگە ھېچقانداق بەخت ئەكېلەلمىگەنلىكىنى، تۇرمۇشىنىڭ تېخىچىلا نامرات، غۇربەتچىلىكتە ئۆتۈۋاتقانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتى.

دېمىسىمۇ ھۈنەرگە ھەم پۇختا، ھەم كامىل بوياقچى بەكمۇ نامرات ئىدى. كۈن بويى شاگىرتلىرى بىلەن جاپا تارتىپ ئىشلىسىمۇ تاپقان تاپاۋىتى سالغان دەسمايىسىنى چىقىرىۋەتكەندە بىر كۈنلۈك روزىغارىنى قامداشقا ئاران يېتەتتى.

ئۇنىڭ بوياقچىلىق ھۈنىرىگە تايىنىپ باي بولۇش، ھېسابسىز پۇل تېپىش ئارزۇسى بار ئىدى. ئەمما شۇنچە ياشقا كىرىپ، نۇرغۇن شاگىرت يېتىشتۈرۈپ، مۇشۇ يۇرتتىكى خېلى داڭقى بار بوياقچى ئاتىلىپمۇ ئاشۇ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى. ھەمىيىنى ئاختۇرسا ئارتۇق تۆت تەڭگە ھەرگىز چىقمايتتى.

ئەۋۋىلىسىدە بوز ھاڭگا، بوياق كۆلچىكىگە سەكرەپ چىققاندىن كېيىن تاۋۇس ئەللەيىن ئاتىلىپ بىر ئورمانلىقنىڭ ھۆكۈمرانىغا ئايلانغان قوتۇر ئېشەك ھېكايىسى ئۇنىڭ باش ـ ئاخىرى يوق ئوي ـ خىياللىرىنى چالغىتىپ، تەپەككۇرىنى بىردىنلا جانلاندۇرۇۋەتتى. شۇ تاپتا ئۇ بوياقچىلىق ھۈنىرى بىلەن يالغۇز ماتا ـ چەكمەن، شايى ـ ئەتلەسلەرنىلا ئەمەس باشقا نەرسىلەرنىمۇ بويىسا بولىدىغانلىقىنى، ئەقلىنى ئىشقا سالسىلا باي بولۇش ئارزۇسىغا چوقۇم يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى بىردىنلا ھېس قىلىپ يەتتى.

2

ھايت ـ ھۇيت دەپ بولغىچە خۇددى خىمىيۋى ئوغۇت سالغان زىرائەتتەك تېز ئۆسۈپ، بىرىنچى باشلىق بوپقالغان نەۋرە ئاكىسى نۇسرەتجاننىڭ ئالىي دەرىجىلىك پىكاپىنىڭ ئالدى ئورۇندۇقىدا گەدىيىپ ئولتۇرۇشلىرىنى ھەر قېتىم كۆرگەندە غالىبجاننىڭ بىر يەرلىرى ئېچىشىپ بەكمۇ راھەتسىزلىنەتتى، كەيپىسىزلىنىپ، خۇيلىنىپ

ئەدەبىيات گۈلزارى

www.uyghurkitap.com

قالاتتى. قايىل بولمىغان ھالدا ئۆزىنى نەۋرە ئاكىسىغا سېلىشتۇراتتى.

دېمىسىمۇ بوي ـ بەستى، چىراي ـ تۇرقىنى سېلىشتۇرغاندا ئۇنىڭ نەۋرە ئاكىسىدىن قالغۇچىلىكى يوق ئىدى. ھەتتا ئوقۇش تارىخىمۇ نەۋرە ئاكىسىنىڭكىدىن خېلىلا يۇقىرى ئىدى. ئۇ ئەنە ئاشۇنداق سېلىشتۇرۇپ كۆرۈۋېدى ئىچى تېخىمۇ بەك ئاداپ كەتتى. راستتە، ئاشۇ نەۋرە ئاكىسى تېخى ئادەتتىكى خىزمەتچى ۋاقتىدا ئۇ ئاللىقاچان بۇ يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا ئۆستۈرۈلگەنىدى. گەرچە ئىككى يىل ئاۋۋال مەكتەپ مۇدىرى ئېغىر كېسەللىك سەۋەبىدىن ئارام ئېلىشقا چىقىپ مۇدىرلىق ئورنى بوش قالغان بولسىمۇ، نېمە ئۈچۈندۇر تەشكىل بۇ ئورۇننى ئاشۇ بوش پېتى ساقلاپ قېلىۋاتاتتى. ئۇ تا بۈگۈنگىچە مۇئاۋىنلىق سالاھىيىتى بىلەن مەكتەپنىڭ خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئاشۇ بوش ئورۇننى ئاللىكىملەرگە تارتتۇرۇپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ، يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرى دەككە ـ دۈككىدە ئىدى. ئېرىدىن تۇل قالغان خوتۇن كىشىگە قاش ئاتقىلى ئەر چىقىدۇ ـ يۇ، قىز بالىدىنمۇ جەلپكار ئاشۇ بوش ئورۇنغا كۆز تىكىدىغان ئادەم چىقماسمۇ؟ ئەندىشىلىك خىياللار ئۇنىڭ ئارامىنى بۇزاتتى. ھەر خىل ئامال — چارە ئىزدەش ئۈچۈن ئالدىرايتتى، تىپىرلايتتى، باش قاتۇراتتى.

ئۇ نەۋرە ئاكىسىنىڭ تېز ئۆسۈشىدىكى سىر ـ ھېكمەتلەرنى بىلىش ئۈچۈن ئۇزاق كۆزەتتى. ھېس قىلغانلىرىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشكە تىرىشتى. نەۋرە ئاكىسىغا ئوخشاش ئۆكلىگەن كاللىدەك غىلجىڭلاپ كۈلۈشنى، ساداقەتمەن ئاغۋاتلاردەك قۇللۇق قىلىشنى ئۆگەندى. ئاشۇ ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ ئىدارە باشلىقىنى كاتتا رېستوراننىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئايرىمخانىسىغا باشلاپ، تانسىكەش قىزلارنى ھەمراھ قىلدى. ناھايىتىمۇ ئەپسۇسكى، باشلىقنىڭ غىتتى ـ غىتتاڭ تانسا مۇزىكىسى بىلەنمۇ، قىزلارنىڭ بېلىنى تۇتقاندىن باشقا ھېچ ئىشنىڭ تايىنى يوق ئوينىلىدىغان گىلدى ـ گىلدىڭ تانسا بىلەنمۇ خۇشى يوق چىقىپ قالدى.

— تانسا مۇزىكىسىنى ئالماشتۇرۇۋېتىڭلار، ئۆزىمىزنىڭ مىللىي مۇزىكىلىرىنى ئاڭلايلى، ـ دېدى باشلىق بىر قول تانسا ئاخىرلىشىپ ـ ئاخىرلاشمايلا كەسكىنلىك بىلەن، — خەلق ناخشا ـ مۇزىكىلىرى نېمىدېگەن پەيزى ـ ھە! ئۇسسۇل ئوينايدىغانلار ئىختىيارى ئۇسسۇل ئويناڭلار، ئۇسسۇل ئوينىمايدىغانلار ئۇسسۇل بىلەن مۇزىكىدىن بىللە ھۇزۇر ئېلىپ ئولتۇرۇڭلار. مانا مەن سىلەرگە بىر پەدە ئۇسسۇل ئويناپ بېرەي.

باشلىقنىڭ ئۇسسۇل ئويناش ماھارىتى ھەقىقەتەن يۇقىرى ئىدى. ئۇنىڭ قولىنى بۈركۈتنىڭ قانىتىدەك مەغرۇر تۇتۇپ، خۇددى چاپچىپ تۇرغان ئايغىردەك مەردانە قەدەم ئېلىپ، ئۆزىگە جۈر بولۇپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان قىزنىڭ گاھ ئوڭ يېنىدىن، گاھ سول يېنىدىن چىقىپ، گاھ قوغلاپ، گاھ ئالدىنى توسۇپ ماھارەت بىلەن ئۇسسۇل ئويناشلىرى غالىبجاننى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇردى. غالىبجاننىڭ تانسا ئويناشقا خېلى ئېپى بولسىمۇ، ئۇسسۇل بىلمەيتتى. بىر تەرەپتىن ئىچىپ، بىر تەرەپتىن ئۇسسۇل ئويناپ خېلىلا قىزىپ قالغان باشلىق، قىزلارنى بىرەر پەدە ئۇسسۇلغا تارتماي، ئۆكلىگەن كاللىدەك ھىجىيىپ ئولتۇرغان غالىبجاننى ئۇسسۇل ئويناشقا دەۋەت قىلدى:

— غالىبجان! ياقا تەشكەن سويمىدەك قايلاپ ئولتاماي، ئا قىزچاقلىنى ئۇسسۇلغا تارتىپ ئىككى پەدە دەسسەڭلا دەيمەن.

بۇ تويۇقسىز تەكلىپتىن غالىبجان تەمتىرىدى:

— مە...مە...ن...ئو...يناشنى...بىلمەيمەن، باشلىق...

— بوپتۇ ئەمىسە، ئويناشنى بىلمىسەڭلا، بىزنىڭ ئوينىغىنىمىزنى ئوبدان كۆرەپ ئولتۇراڭلا. قوپاڭلا ئاغىنىلەر، قىز باللا جىم ئولتۇراپ قالسا ئىچى پۇشۇپ قالىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ سورۇندىكى قىزلارمۇ ۋە باشقا ئەرلەرمۇ پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. ئەرلىك غۇرۇرى ئىزا تارتقان غالىبجان چاندۇرمايلا مەسخىرىلىك كۈلكىگە ھىجايغان پېتى قېتىلدى.

باشلىق غالىبجاننىڭ بۇ مېھماندارچىلىقىغا بۆلۈم باشلىقلىرى ۋە بىر قانچە غوللۇق مەكتەپنىڭ مۇدىرلىرىنى بىللە ئەكەلگەنىدى. غالىبجان بىر قاراپلا ئۇلارنىڭ ئىدارەباشلىقىنىڭ يېقىنلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى. ئۇلارمۇ ئۇسسۇلنى ئىدارە باشلىقىغا ئوخشاش ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئوينايتتى. غالىبجان ئۇسسۇل ئويناش ئارقىلىق ئىدارە باشلىقىغا يېقىنلاشقىلى، ئۇسسۇل بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۇتقىلى بولىدىغانلىقىنى، شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ يېقىنىغا، ھەمتاۋاقلىرىغا ئايلانغىلى بولىدىغانلىقىنى بىردىنلا ھېس قىلدى ـ دە، شۇ ھامان ئۆزىنىڭ شۇ ياشقا كىرگىچە ئۇسسۇل ئويناشنى ئۆگەنمىگەنلىكىگە، تۆت ئادەم بار سورۇندا قولىنى كۆتۈرۈپ باقمىغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلدى.

3

بوياقچى نېمىنى بوياش، قانداق بوياش ھەققىدە ئۇزاق باش قاتۇردى. ئەلۋەتتە بوياش ئوبيېكتىنى ياخشى تاللىمىغاندا پۇل تېپىپ باي بولۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايتتى. ئۇ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىرى دىققىتىنى يەنىلا ئېشەككە مەركەزلەشتۈردى. ئەلۋەتتە خالىغان بىر ئېشەكنى ھەر خىل رەڭدە بوياپ «تاۋۇس ئەللەيىن» دېگەن نام بىلەن ئورمانلىققا پادىشاھ قىلىپ، شۇ ئارقىلىق نەپ ئېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بوياقچى كاللىسىدا بىر يۈرۈش پىلان تۈزۈپ بولغانىدى. شۇڭلاشقا ئۇ بوياقچىلىق ھۈنىرىگە دەسمى سالىدىغان ئازغىنە پۇلنى ھەمىيىنىغا سېلىپ، ئۇدۇل مال بازىرىغا قاراپ ماڭدى.

ھەر يەكشەنبە كۈنى سودا بولىدىغان مال بازىرى بۈگۈن باشقىچە قىزىپ كەتكەنىدى. بوياقچى قوي بازىرى، كالا بازىرىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئېشەك بازىرىغا كېلىپ توختىدى ـ دە، ئېشەك سودىسىنىڭ ئەھۋالىنى بىر ئاش پىشىم كۆزەتتى. ساتارمەنلەر ئېشەكلىرىنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختايتتى. ئالارمەنلەر ئېشەكلەرنىڭ كالپۇكىنى يىرىپ چىشىغا قارايتتى. ئالدى ـ كەينىگە ئۆتۈپ بوي ـ تۇرقىنى سىنايتتى. قۇيرۇقىنى كۆچەپ تارتىپ تەپكەك ـ

تەپكەك ئەمەسلىكىنى، مىنىپ بېقىپ هالۋۇز ئاتىدىغان ـ ئاتمايدىغانلىقىنى، چاپتۇرۇپ مېڭىشىنى، يورغىسىنى، كۆچىنى سىنـايـتـتى. تەجرىبىلىك بېدىكلەر گەپدانلىقىغا تايىنىپ ئالارمەن بىلەن ساتارمەننى ئىمكان بار سودىدا كېلىشتۇرۇشكە تىرىشاتتى. چىشى يېگى ـ ياش، مېڭىشلىرى چەبدەس، يورغىسى چىرايلىق، خۇيـلـۇق ئەمەس، بويلۇقراق ئېشەكلەرنىڭ باهاسى ئۆرە، چىشى كونا، قېرى، مۇدۇرگەك، سوكسوك، خۇيلۇق، جۇغى كىچىك، پاكار ئېشەكلەرنىڭ باهاسى تۆۋەنرەك ئىدى.

ئېشەك بازىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ كۆڭۈل توختاتقان بوياقچى چىشى كونا، قېرى بولسىمۇ بويلۇقراق كەلگەن، رەڭگى ئاق، بوزغا مايىل هاڭگىدىن ئىككىنى ئەرزان باهادا سېتىۋالدى.

4

غالىبجان ئەتىسى مەكتەپكە چىقىپلا ئۇسسۇلغا ئۇستا ئوقۇتقۇچىلارنى ئۆزىگە ئۇسسۇل ئۆگىتىشكە تەشكىللىدى. مەكتەپتە ئىككى نەپەر سەنئەت ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، هەر ئىككىلىسى هەم ياشىنىپ، هەم سەمىرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن سەنئەت ئۆمەكتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان خانىملار ئىدى. شۇنداقتىمۇ يېزا ۋە مەكتەپنىڭ هەر خىل پائالىيەتلىرىدە ئۇسسۇل ئويناش مۇشۇ ئىككى خانىمنىڭ ۋەزىپىسى ئىدى.

ـــ ئەمىسە ئىككىلىرىگە ۋەزىپە، ـ دېدى ئۇ ئىككى خانىمنى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ، ـــ بىر هەپتە ئىچىدە مەن راۋۇرۇس بىر ئۇسسۇلچى بولاپ چىقىمەن. ئىككىلىرى مېنىڭ مەخسۇس ئۇسسۇل ئوقۇتقۇچۇم بولىلا.

ـــ دەرسىمىزنى قانداق قىلىمىز، مۇدىر؟

ـــ مېنىڭ بۇ هەپتىلىك دەرسىم جىقىراق ئىدى.

ـــ دەرسىڭلار تۇرۇپ تۇرسۇن، ـــ دېدى ئۇ كەسكىنلىك بىلەن، ـــ بىر هەپتە دەرس ئۆتمىگەنگە ئوقۇغۇچىلار ساۋاتسىز بولاپ قالمايدۇ. قانداق، ئۇسسۇل دەرسىنى هازىرلا باشلامدۇق؟

غالىبجاننىڭ ئۇسسۇل ئۆگىنىش ئىشتىياقى قوزغىلىپلا كەتكەنىدى. بىچارە ئىككى خانىم ئۇنىڭغا دەملىشىپ تۇرۇپ ئۇسسۇل ئۆگىتىپ هېرىپ هالىدىن كەتتى. لېكىن چىلىق ـ چىلىق تەرلەپ كەتكەن غالىبجان بولسا مەشىق قىلىپ هارمايتتى.

ـــ كەچتە تۇرسۇنئاي ئىبراهىمجان قاتارلىق داڭلىق ئۇسسۇلچىلىرىمىزنىڭ VCD پلاستىنكىلىرىنى تېپىپ كۆرەپ كۆزلىرىنى پىشۇرسىلا مۇدىر، ئۇسسۇل پلاستىنكىلىرىنى كۆپرەك كۆرسىلە ئۇسسۇلنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى پۇختا ئىگىلىۋالالايلا، ـــ دېدى ئىككى خانىم ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن غالىبجانغا ئالاهىدە تاپشۇرۇق بېرىپ.

غالىبجان ئۇسسۇل ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ تاپشۇرۇقىنى خېلى ئەستايىدىل ئىشلىگەندەك قىلاتتى. هەر كۈنى ئۇنىڭ ئۇسسۇل ئويناش ماهارىتىنى ماختاپ، رىغبەتلەندۈرۈپ كەلگەن ئىككى خانىم 4 ـ كۈنىگە قەدەم قويغاندا ئۆزلىرىچە قۇسۇر ئىزدەپ قالدى:

ـــ مۇدىر، قوللىرىنى كۆتەرگەندە بىلەكلىرىنى، بارماقلـىـرىـنى قاتتىقراق تۇتسىلا، ئۇسسۇل هەرىكەتلىرى مەردانە كۆرۈنىدۇ.

ـــ هازىرقىدەك يۇمشاق، ئەۋرىشىم تۇتسىلا نازاكەتلىك كۆرۈلۈپ قالىدىكەن.

ـــ ئەرلەر ئۇسسۇلى ئادەتتە مەردانە ئوينىلىدۇ، ئاياللار ئۇسسۇلى بولسا نازاكەتلىك ئوينىلىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ غالىبجاننىڭ بىردىنلا قاپىقى تۈرۈلدى:

ـــ نېمە مېنى خوتۇن خەقتەك ئۇسسۇل ئويندىڭ، دېمەكچىمۇ؟

ـــ ياق ـ ياق، ئۇنداق ئەمەس، ـــ دېدى مۇدىرنىڭ رەنجىپ قالغىنىنى كۆرگەن خانىم هودۇققان هالدا.

ـــ ئەسلىدە سىلىنىڭ ئۇسسۇل تالانتلىرى بار ئىكەن، مۇدىر، ـــ دېدى يەنە بىر خانىم خىزمەتدىشىنى ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ـــ مانا تۆت كۈندىلا سەنئەت ئۆمەكنىڭ كەسپىي ئۇسسۇلچىلىرىدىن قېلىشمىغۇدەك ئۇسسۇل ئوينايدىغان بولاپ كەتتـىـلـە. قايىلاپ باقسام سىلىنىڭ ئۇسسۇللىرىدا مەردانە ئۇسسۇل، نازاكەتلىك ئۇسسۇلدىن باشقا يەنە هىندىستانچە، پاكىستانچە، ئەرەبچە ۋە تولغىما، چاقماق ئۇسسۇللىرىنىڭمۇ ئېلېمېنتى بار ئىكەن.

بۇ ماختاش غالىبجانغا خۇددى توك تەپكەندەك تېز تـەسـىـر قىلدى:

ـــ ئەلۋەتتە، بۇ هەر كۈنى كەچتە داڭلىق ئۇسسۇلچـىـلارنـىـڭ VCD پلاستىنكىلىرىنى كۆرەپ، ئۇلارنىڭ ئۇسسۇل هەرىكەتلـىـرىـنى پۇختا ئۆزلەشتۇرگەنلىكىمىزنىڭ نەتىجىسىدە، ـ دېدى غالـىـبـجـان مەغرۇرۇلۇق بىلەن، ـــ ئىككىلىرىنىڭ ئۆگىتىشلىرىگە قايىلاپ ئولتاسام بۇ يېقىنلىدا ئۇسسۇل سورۇنلىرىغا چۈشەلمەيدىغاندەك قىلمەن.

ـــ راست، راست، ئوقۇغۇچىسىنىڭ تالانتى بولمىسا، ئوقۇتقۇچىنىڭ هەر قانچە ئەجىر قىلغىنى بىكار.

ـــ بۈگۈن ـ ئەتە ئوبدان بىر مەشىق قىلۋالسىلا. ئۆگۈنلۈككە بىرەر رېستورانغا كىرىپ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزمەيمىزمۇ، مۇدىر. سىلىمۇ دوكلات ئويۇنى كۆرسەتكەن هېسابتا بىر پەدە ئۇسسۇل ئويناپ بەرسىلە.

بۇ ماختاش سادالىرى غالىبجاننى بەكمۇ هاياجانلاندۇرۇۋەتتى:

ـــ شۇنداق قىلايلى، شۇنداق قىلمايمۇ بولمايدۇ زادى. شۇ باهانىدا مەنمۇ چوڭ سورۇندا ئۇسسۇل ئويناپ ئازراق قاشىرىۋالاي.

5

بوياقچى قىلىۋاتقان كەسىپكە يارىشا قۇۋ ـ هىيلىگەر، تەدبىرلىك ئادەم ئىدى. ئۇ ئىككى قېرى هاڭگىنى ئېغىلغا سولاپ، ئالدىغا هەلەپ، بېدە، قوناق، كۈنجىرە قاتارلىق ئوت ـ بوغۇزلارنى ئايىماي تۆكتى. ئۇسسۇزلۇقىغا قوناق ئۇنىدا تۇزىنى ئۆتكۈزۈپ ئاداپ چېلىپ بەردى. هەپتە ئۆتكەندە خېلى ئوبدان بېقىش تاپقان ئىككى قېرى هاڭگىنىڭ تۈكلىرى پارقىراپ قۇيرۇقىـدا چـىـۋىن قـورۇپ مۆگدىمەيدىغان، ئانچە ـ مۇنچە هاڭرايدىغان، ئېغىناتقىلى ئەپچىقسا سۆيدۈك پۈرايدىغان بولدى.

بوياقچى ئەمدى پىلاننى قەدەم - باسقۇچ بويىچە ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كىرىشتى. ھېلىقى ئۆزىنى «تاۋۇس ئەللەيىن» دەپ ئاتىۋېلىپ، ئورمانلىقتا پادىشاھ بولۇۋالغان قوتۇر ئېشەكنىڭ بوياقچىنىڭ بوياق كۆلچىكىگە چۈشۈپ كېتىشى ۋە ئۇستىۋېشىنىڭ غەلىتە، رەڭدار بويىلىپ كېتىشى پۈتۈنلەي تاسادىپىيلىق ئىدى. ئۇنىڭ بويىلىپ قانداق رەڭدار تۈسكە كىرىپ قالغانلىقىنى ھەقىقىي تەسۋىرلەپ بېرىدىغان بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى. شۇنداقلا بوياقچىنىڭمۇ ئېغىلىدىكى ئىككى قېرى ھاڭگىنى بوياق كۆلچەكلىرىگە سەكرىتىپ، بىرەر ئورمانلىقتا «تاۋۇس ئەللەيىن» دېگەن نام بىلەن پادىشاھ قىلىش نىيىتىمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ پىلانى پەقەت بۇ ئىككى قېرى ھاڭگىنى خېرىدارلارغا ھەم ياش، ھەم شاش، ھەم كۆركەم - كېلىشكەن قىلىپ كۆرسىتىش ئىدى. شۇڭلاشقا، ئۇ ئىككى ئېشەكنى ئىسسىق سۇ بىلەن سوپۇنداپ ئىككى قېتىم پاكىزە يۇيدى. قوشقۇن، مۇلە، توشباش، جۈمبۈ، شوتا يالاپ، قوتۇر بېسىپ تۈكلىرى چۈشۈپ كەتكەن يەرلەرگە خۇددى شال مايسىسى كۆچۈرگەندەك تۈجۈپىلەپ تۈك چاپلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئېشەكنىڭ قېرىلىقىنى ئاشكارىلاپ قىرچاڭغۇلىشىپ، ئەسلىي رەڭگىنى، پارقىرىقىنى يوقاتقان تۈكلىرىنى بارلىق ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ بوياشقا باشلىدى.

بوياقچىنىڭ ھۈنىرى ھەقىقەتەن قالتىس ئىدى. بىر ھەپتە ئىچىدە ئىككى قېرى ھاڭگا ياشىرىپ ئەمدىلا مىنىككە، ھارۋىغا كۆندۈرۈلگەن تەخەي سىياقىغا كىردى. ئەڭ ئاخىرىدا بوياقچى قېرى ھاڭگىنىڭ ئېزىق چىشلىرىدىن تارتىپ ئۇتتۇر چىشلىرىغىچە تۈجۈپىلەپ كاسۋال سېلىپ چىقتى. شۇ تاپتا ھەر قانداق تەجرىبىلىك بېدىكمۇ بۇ ئىككى ئېشەكنىڭ چىشىغا قاراپ تەخەي ئىكەنلىكىدىن گۇمانلانمايتتى.

بوياقچى بىر يەكشەنبە كۈنى سەھەردە ئىككى ئېشەكنىڭ تۇيىقىنى ياستىپ، تاقىلاتتى - دە، ئەتىگەنلىك بوغۇزىغا نەشە، ئادىپىغا شاراب ئارىلاشتۇرۇپ قورسىقىنى راسا بىر تويغۇزغاندىن كېيىن، ئۇدۇل مال بازىرىغا ھەيدەپ ماڭدى. نەشە بىلەن شاراب مال بازىرىغا كەلگەندە ئىككى قېرى ھاڭگىغا ئوبدانلا تەسىر قىلدى - دە، پۈتكۈل مال بازىرىنى بېشىغا كىيىپ ھاڭراشقا، چاتىرىقىدىكى ھېلىقى نەرسىسىنى پۇلاڭلاتقىنىچە ئالدىدىكى ئېشەكنىڭ مادا ياكى ھاڭگا ئىكەنلىكىنى ئايرىماستىن ئارتىلىشقا باشلىدى. بىچارە بوياقچى مەست بوپكەتكەن ئىككى ھاڭگىنى باشقۇرۇپ بولالماي ئوبدانلا ھالسىرىدى.

ئىككى ھاڭگا ھاڭگىراپ يۈرۈپ مال بازىرىدىكى پۈتكۈل خېرىدارلارنى ئۆزىگە قارىتىۋالغانىدى. خېرىدارلار تۈكلىرىنىڭ ئېقى كۈمۈشتەك، قارىسى قۇندۇزدەك، سېرىقى ئالتۇندەك، قىزىلى شاپەردەك، ئالىسى ئالا، قارىسى قارا، كۈن نۇرىدا خۇددى ھەسەن - ھۈسەندەك جۇلالاپ تۇرغان ئىككى ھاڭگىغا قاراپلا قېلىشتى.

— توۋا، ئېشەكنىڭ نەسلىمۇ مۇشۇنداق كېلىشكەن، چىرايلىق بولىدىكەن - ھە!

— تۈكلىرىنىڭ پارقىرىشىغا قاراڭلار، خۇددى ئەينەكتەك.

— ھەسەن - ھۈسەندەك كۆز قاماشتۇرىدىكەن تېخى.

— ھاڭگىلىقىمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق خوپ بارىكەن كاساپەتنىڭ.

— ئېشىكىڭ بارمۇ دېسە بار دېگۈچىلىكى بار ئىكەن - دە جاڭگۇانىڭ.

— نەسلى بۇ يۇرتتىكى ئېشەكلەردىن ئەمەستەك قىلامدۇ - نېمە؟

— ھە، شۇنداقتەك قىلىدۇ...

...

بوياقچى ئەتىگەن ئېشەكلەرنىڭ يەم - بوغۇزىغا ئارىلاشتۇرۇپ بەرگەن نەشە بىلەن شارابتىن ئۆزىمۇ ئىستېمال قىلىۋالغانىدى. شۇ تاپتا ئۇمۇ ئاشۇ قېرى ئىككى ھاڭگىدەك خۇشكەيىپ ئىدى. مانا ئەمدى خېرىدارلارنىڭ ماختاشلىرى ئۇنى تېخىمۇ بەك مەست قىلىۋەتتى - دە، ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا پو دېگەننى زەيى سالماي ئېتىشقا باشلىدى:

— بۇ ھاڭگىلارنىڭ نەسلى بۇ يۇرتتىكى ئادەتتىكى ئېشەكلەرنىڭ نەسلىدىن ئەمەس. بۇلارنىڭ ئەجدادى ئۆز زامانىسىدا پادىشاھ — ھۆكۈمران بولغان كاتتا ئېشەكلەردىن. سىلەر سەلتەنەت نامى «تاۋۇس ئەللەيىن» دەپ ئاتالغان ئېشەك پادىشاھنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىغانمۇ؟ ھە، مانا بۇلار دەل ئاشۇ «تاۋۇس ئەللەيىن» شاھ ئائىلىلىرىنىڭ نەسلىدىن بولىدۇ، ئازراقمۇ ئارىلاشمىسى يوق.

ئىككى ھاڭگا بوياقچىنىڭ گېپىنى تەستىقلىماقچى بولغاندەك پۈتكۈل مال بازىرىنى بېشىغا كىيىپ، بار ئاۋازى بىلەن ھاڭراشقا باشلىدى.

ئىككى ھاڭگىنىڭ سودىسىنىڭ چوقۇم ياخشى بولىدىغانلىقىنى پەملىگەن تادان بېدىكلەرمۇ بوياقچىنىڭ دۈمبىقىنى چېلىپ، خېرىدارلارنى باز - بازغا سېلىشقا باشلىدى.

سودا تېزلا پۈتتى. بوياقچى ئاشۇنداق قېرى ھاڭگىدىن يۈزنى سېتىۋالغۇدەك پايدىغا ئېرىشكەنىدى. ئۇ بېدىكلەرگە مەردلىك بىلەن دەللاللىق پۇلىنى ئايرىپ بېرىپ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

6

ئادەتتە مائارىپ ئىدارىسى، بولۇپمۇ مەكتەپلەر مۇقىم ئىقتىسادىي كىرىمى يوق نامرات ئورۇن ھېسابلىنىدۇ. ئەمما غالىبجان ئۆزىنىڭ تەسەررۇپىدىكى زېمىندەك كۆرىدىغان، شەھەر ئەتراپىدىكى يېزا مەركىزىگە جايلاشقان بۇ مەكتەپنىڭ بولسا بىقىنىنىڭ خېلىلا «يېغى» بار ئىدى. ئەلۋەتتە ئىنچىكىلەپ سۈرۈشتۈرگەندە بۇنىمۇ غالىبجاننىڭ تۆھپىسى دېيىشكە بولاتتى. چۈنكى ھەر يىلى 6 - ئايدىكى ئورما مەزگىلىدە ۋە 9 - ، 10 - ئايلاردىكى كېۋەز تېرىش مەزگىلىدە غالىبجان مەكتەپتىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنى «ئەمگەك دەرسى ئوقۇتۇش» پائالىيىتىگە تەشكىللەيتتى - دە، يىللىقلار بويىچە ئۆلچەم، سىنىپلار بويىچە ۋەزىپە بەلگىلەپ كەملىگەن ۋە ئاشقان قىسمى بويىچە جازا ۋە مۇكاپات تۈزۈمى بېكىتىپ پۇل

تېپىشقا ئورۇنلاشتۇراتتى. ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار ئورما مەزگىلىدە 15 كۈن، كېۋەز تېرىش مەزگىلىدە بىر ئاي دەرس توختىتىپ ئىشلەپ، مەكتەپكە ئوبدانلا كىرىم قىلىۋالاتتى. غالىبجان بۇنى «تېرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش» دەپ ئاتايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا «ئوقۇتۇش ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن تۈزۈمدە قاتتىق بولۇش» دېگەننى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ھەر خىل باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن جەرىمانە قويۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشىدىن پۇل تۇتۇۋالاتتى. ئۇلار دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ بۇ پۇللارنى تۆلىمەسلىككە ئامالى يوق ئىدى. چۈنكى قايسىبىر ئوقۇتقۇچى غالىبجان بىلەن زاكونلاشسا ئۆزىنى ئەتىسىلا يېزىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى 20 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان شۆبە مەكتەپلەردە كۆرەتتى. شۆبە مەكتەپلەرگە ئوقۇتقۇچى يۆتكەش غالىبجاننىڭ ئىمتىيازى ئىدى. كىمنىڭمۇ شەھەرگە، ئۆيگە يېقىن مەكتەپتىن چەت ـ يىراق مەكتەپكە بېرىپ ئىشلىگۈسى بار دەيسىز!؟

ئەسلي گېپىمىزگە قايتساق، غالىبجان ھەر يىلى «ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى» مەزگىلىدە مەكتەپ مالىيىسىدىن پۇل ئاجرىتىپ ئوقۇتقۇچىلارنى رېستورانغا باشلاپ، بىر قېتىم مېھمان قىلىپ قويغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا باشقا ۋاقىتتا ئوقۇتقۇچىلارغا مەكتەپنىڭ سىنىت پۇلىنىمۇ كۆرسەتمەيتتى.

ھەئە، ئۇ بۇ قېتىم ئۆگەنگەن ئۇسۇلنى دوكلات قىلىش يۈزىسىدىن، گەپنىڭ ئۇچۇقىنى قىلغاندا چوڭ سورۇندا ئۇسۇل ئويناپ قاشىرىۋېلىش ئۈچۈن قائىدىنىڭ سىرتىدا بىر قېتىم مەردلىك قىلىپ، مەكتەپنىڭ پۇلىدا بارلىق ئوقۇتقۇچىلارنى رېستوراندا مېھمان قىلدى. ئىچىپ تەڭشىلىۋېلىپ سەھنىدىن چۈشمەي ئۇسۇل ئوينىدى. ئۇسۇل ئويناۋېتىپ باشقىلارنىڭ قاقاقلاپ كۈلۈپ، چاۋاك چالغىنىنى كۆرۈپ قىلچىلىك غەيرىيلىك ھېس قىلمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ باشقىلارنى ھەيرەتتە قالدۇرغىدەك ئۇسۇل ئۆگەنگەنلىكىگە ئىشىنىپ قالغانىدى.

غالىبجان باشلىقنىڭ ئالدىدا راۋۇرۇس ئۇسۇل ئوينىغىدەك بولدۇم، دەپ ئىشەنچ تۇرغۇزغاندىن كېيىن، ئىدارە باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىنى يۈرەكلىك چەكتى:

ــ ۋاقتىلىرى بولسا بىرەر ـ يېرىمدەم ساز تىڭشاپ، ئۇسۇل ئويناپ كۆڭۈل ئاچايلىمىكىن دېگەنىدىم، ـ دېدى ئۇ مەقسىتىنى ئەگىتىپ ئولتۇرمايلا.

ــ بولىدۇ، ـ دېدى بارماقلىرىنى قاس چىقىرىپ ئولتۇرۇپ باشلىق، ــ ياز ۋاقتىدا رېستورانغا تىقىلىۋالمايلى، بىرەر باغقا ئورۇنلاشتۇرۇڭلا.

ــ ماقۇل، ماقۇل، ـ دېدى غالىبجان چالا ئېچىلغان كېۋەزدەك ھېجىيىپ، ـ ۋاقىتنى بەلگىلەپ بەرگەن بولسىلا.

ــ ئالدىرىماڭلا، ـ دېدى باشلىق بىر تال تاماكىنى لېۋىگە قىستۇرۇپ، ـ باغ سەيلىسىگە شۇنداقلا چىقساق تەسىرى ياخشى بولمايدۇ. يېقىندا ناھىيە تەۋەسىدىكى بىر قانچە مەكتەپنى ئارىلاپ، سېلىشتۇرۇپ باھالاش ئېلىپ بارىمىز، سىلىنىڭ مەكتەپمۇ ئاشۇ باھالاش دائىرىسىدە بار. بۇ قېتىمقى باھالاشنىڭ كۆلىكىرىيتى مەقسىتىنى بىلدۈرمەيمىز، ئىشقىلىپ چېتىلىش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ. باھالاشنىڭ هاردۇقىنى سىلە تەييارلىغان باغدا چىقىرايلى. شۇنىمۇ دەپ قويايي ئادىشىم، باھالاش باشقا، باغدا ئويناش باشقا. بىخۇد تۇرۇپ قېلىپ، تەييارلىقنى پۇختا بولماي، باھالاش نەتىجىڭلا چۇشۇپ كېتىپ قالسا ھەرگىز يۈز ـ خاتىرە قىلمايمىز، نەتىجەڭلا يۇقىرى چىقسا ئىستىقبالىڭلىغىمۇ پايدىسى بار.

ــ خاتىرجەم بولسىلا باشلىق، سىلىنىڭ ئىشەنچلىرىنى ھەرگىز يەردە قويمايمىز.

غالىبجان شۇنداق دېگىنىچە باشلىقنىڭ ئىشخانىسىدىن ئارقىچىلاپ مېڭىپ يېنىپ چىقتى.

شۇ كۈندىن باشلاپ مەكتەپتە ئوقۇتۇش پۈتۈنلەي توختىدى. مەكتەپنىڭ ئىچىدىن تارتىپ تېشىغىچە، بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدىن تارتىپ مۇدىر ئىشخانىسىغىچە، دەرسخانىلاردىن تارتىپ هاجەتخانىغىچە بىر قېتىم تازىلاندى. تام ـ تورۇسلار ئاقارتىلدى. سىنىپ، ئىشخانا، مەكتەپنىڭ قورۇق تاملىرىغا چاپلانغان شوئار، ئۆزۈندە، قائىدە ـ تۈزۈملەر، تۈرلۈك سخېمىلار، تەشۋىقات رەسىملىرى، نەتىجە ـ كۆرسەتكۈچلەر... سۆكۈپ ئېلىۋېتىلىپ، شەھەردىكى ئېلان ـ بېزەكچىلىك مۇلازىمەت شىركەتلىرىگە لايىھەلەتكۈزۈلۈپ، ئېسىل رامكىلارغا ئالغۇزۇلۇپ قايتىدىن ئاسقۇزۇلدى. خېتى چىرايلىق ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلاردىن تەشكىللەنگەن 50 كىشىلىك كاتىباتلىق گۇرۇپپىسى يېڭىدىن سېتىۋېلىنغان ئۆلچەملىك خاتىرە دەپتەرلەرگە مەكتەپتىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىياسي ئۆگىنىش خاتىرىسى، ئۆگىنىشتىن تەسرات يېزىش خاتىرىسى، ئۆز ـ ئۆزىنى پاش قىلىپ تەكشۈرۈش خاتىرىسى... قاتارلىق خاتىرىلەرنى يېزىپ تەييارلىدى. يوقلىما، پىلان قاتارلىقلار تولۇق ئالماشتۇرۇلۇپ قايتىدىن تولۇقلاندى. تۈرلۈك ئارخىپلار قايتىدىن رەتلەندى.

غالىبجاننىڭ ئىنچىكىلىك بىلەن ھەر بىر كىچىك ھالقىلارغىچە پۇختا تەكشۈرۈپ ئېلىپ بارغان بۇ تەييارلىقى مەكتەپنىڭ قىياپىتىنى باشقىچە تۈسكە كىرگۈزۈپ قويغانىدى.

تەييارلىقلار پۈتۈپ تۇرۇشىغا ئىدارە باشلىقى يېتەكچىلىكىدىكى باھالاش ئۆمىكىمۇ يېتىپ كەلدى. غالىبجان چېتىلىش دائىرىسى كەڭ بۇ باھالاشقا تولۇق تەييارلىق كۆرگەنىدى. باھالاش ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى: «ھەي ئىست، بىزنىڭ ھەممە مەكتەپلىرىمىز مۇشۇ مەكتەپتەك سۈپەتلىك بوپكەتكەن بولسا ـ ھە» دەپ قايىللىقىنى ئىپادىلەپ تىللىرىنى چاكىلدىتىشتى. ئىدارە باشلىقى بولسا غالىبجاننىڭ دولىسىغا ئىككى قېتىم رازىمەنلىك بىلەن شاپىلاقلىدى. غالىبجاننىڭ كۈتكىنىمۇ، ئېرىشمەكچى بولغىنىمۇ دەل مۇشۇ ئىدى.

مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتى، دەرس ئۆزلەشتۈرۈش نىسبىتىدىن باشقا بارلىق ھالقىلار ئالا قويماي ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈلدى. باھالاش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئالاھىدە تەييارلانغان باغدا هاردۇق

چىقىرىش باشلاندى. غالىبجاننىڭ بۇيرۇقى بويىچە مەكتەپتىكى ياشانغان ئوقۇتقۇچىلار ئارقا سەپكە ـ قازان بېشىغا، ياش ئەر ئوقۇتقۇچىلار مۇلازىمەتكە ـ داستىخانغا نازۇ ـ نېمەت توشۇشقا، ياش ئايال ئوقۇتقۇچىلار ھەمراھ بولۇشقا ـ مېھمانلارغا چاي قويۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغاندى.

تۈرلۈك مول نازۇ ـ نېمەتلەر داستىخانغا تۆكمە قىلىنغانىدى. ئېسىل شارابلار رومكىلارغا بۇلدۇقلاپ قۇيۇلاتتى ۋە ئالللىقانداق ياخشى تىلەكلەرگە قوشۇلۇپ ئۇدۇل كانايلارغا تۆكۈلەتتى. يۇقىرى ھەق بىلەن ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان سازەندىلەر سورۇن ئەھلىنىڭ كەيپى تەگشىلىپ بولغىچە ئىشتەي نەغمىسى چېلىۋاتاتتى. باشلىقمۇ، غالىبجانمۇ خېلىلا تەگشىلىپ قالغانىدى.

—ئۇسسۇل پەدىلىرىگە چېلىڭلار، ئۇسسۇل ئوينايمىز، ئۇسسۇل! ـ سازەندىلەرگە قول شىلتىپ بۇيرۇق قىلدى غالىبجان.

باشلىق ياش بىر خانىمنى ئۇسسۇلغا تارتىپ بېقىشىپ ئويناشقا باشلىدى. باشلىقتىن كېيىن باشقىلارمۇ سورۇنغا چۈشتى. رومكىلار قولدىن قولغا ئۆتۈپ ئايلىناتتى، مېھمانلار سورۇنغا پاتماي پىرقىرايتتى. بىر ۋاقىتتا مېھمانلار ئۇسسۇل ئويناپ ھېرىپ قالدىمۇ نېمە سورۇن خېلىلا سېلىكىپ قالدى. سورۇننىڭ ساقىيلىقىنى قىلىۋاتقان غالىبجان ئىككى رومكا ھاراقنى كۆتۈرۈپ باشلىقنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، رومكىنى قوش قوللاپ تەڭلىدى:

—باشلىق، ئۆزلىرىنى مۇشۇ بىر رومكا ھاراق بىلەن ئۇسسۇلغا تارتىمەن.

ھاراق تەسىرىدە چىرايى قىزىرىپ خېلى ئوبدان تەگشىلىپ قالغان باشلىق دەلدۈگۈنۈپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، رومكىنى قولغا ئالدى:

—ئىلگىرى مەن سىزنىڭ ئىقتىدارىڭىزنى تۆۋەن چاغلاپتىكەنمەن، غالىب مۇدىر، ـ دېدى باشلىق ئاغزىدىن گەپ چۈشۈپ كېتىپ تۇرسىمۇ غالىبجانغا قايىللىقىنى بىلدۈرۈپ، ـ خىزمەتنى بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ياخشى ئىشلەڭ. ھەر قانداق قىيىنچىلىق، تەلەپ ـ پىكرىڭىز بولسا ئۇدۇل ماڭا دەۋېرىڭ. بۇ بىر رومكا ھاراقنى سىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى نەتىجىڭىز ئۈچۈن ئىچەي، ـ باشلىق رومكىسىدىكى ھاراقنىڭ يېرىمىنى غالىبجاننىڭ رومكىسىغا قۇيۇپ بېرىپ، رومكىسىنى سوقۇشتۇردى، ـ خوشە، قېنى!

—قېنى، ساز باشلانسۇن!

غالىبجان ھاراقنى ئىچىپ بولۇپلا سازەندىلەرگە بۇيرۇق بېرىۋېتىپ سورۇنغا چۈشتى ـ دە، باشلىقنى ئۇسسۇلغا تارتتى. باشلىقمۇ دەلگۈنگەن پېتى ئۇسسۇل ئويناشقا باشلىدى. مەست بوپقالغان غالىبجان بارلىق ماھارىتىنى چىقىرىپ، باشلىقنىڭ كۆزىگە قاراپ ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى. ئۇنىڭ بەل تولغاشلىرى، كاسا ئېتىشلىرى، كۆكرەك لىغىرلىتىشلىرى، بىلەك ـ بارماقلىرىنى ئەۋرىشىم تۇتۇپ، نازاكەت بىلەن تال چۈشقەتەك ئېگىلىشلىرى، قىيا كۆز تاشلاشلىرى سورۇندىكىلەرگە قاتتىق كۈلكە چىقىرىپ بېرىۋاتاتتى. ئەمما خېلىلا مەست بوپقالغان باشلىققا ئۇنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى باشقىچە تەسىر قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. ھەئە، غالىبجاننىڭ نازاكەتلىك قىلىقلىرىغا مەھلىيا بوپقالغان باشلىقنىڭ كۆزىگە غالىبجان كېلىشكەن بىر ئۇسسۇلچى قىزدەك كۆرۈنۈپ كەتتى بولغاي، قايتىدىن جانلاندى ـ دە، غالىبجاننى گاھ قوغلاپ، گاھ ئالدىنى توسۇپ، گاھ ئوڭ يېنىدىن، گاھ سول يېنىدىن چىقىپ ئۇسسۇل ئويناشقا باشلىدى. غالىبجان بولسا باشلىق بىلەن بېقىشىپ ئۇسسۇل ئوينىغىنىنىڭ خۇشلۇقىدا تېخىمۇ نازاكەتلىك قىلىق چىقىرىشقا تىرىشاتتى. نېمە ئۈچۈندۇر باشلىقنىڭ قولى غالىبجاننىڭ كاسىسى ئەتراپىدا ئىختىيارسىز پىرقىراشقا باشلىدى. باشلىقنىڭ كۆزلىرى خۇمارلىشىپ كەتكەنىدى. ھەئە، باشلىقنىڭ قولى بىرىنچى قېتىم غالىبجاننىڭ كاسىسىنى يەڭگىل سىيپاشتۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتى. ئىككىنچى قېتىم شاپىلاق بولۇپ تەگدى. ئۈچىنچى قېتىم باشلىق غالىبجاننىڭ كاسىسىنى ئوتاپ ـ ئوتۇۋالغانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزمەيلا قالدى. شۇ ھامان سورۇن ئەھلى تېشىغا چىقىرىپ كۈلەلمەي ھىققىلاشقا باشلىدى. قاتتىق مەست بوپكەتكەن باشلىق بۇ كۈلكىنىڭ سەۋەبىنى تازا ئاڭقىرالماي خىرقىراپ كۈلدى. غالىبجان بولسا كاسا ئوينىتىپ، كۆكرەك لىغىرلىتىپ، ئۆكلىگەن كالىلدەك ھىجايغىنىچە ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى...

7

«تاۋۇس ئەللەيىن» شاھ ئالىيلىرىنىڭ نەسلىدىن بولغان قوتۇر ئېشەكلەر بىلەن تەڭ بوياقچىنىڭمۇ داڭقى چىقىپ كەتكەنىدى. ھېيلىگەر بوياقچى ئېشەكلىرىنى مۇقىم بىر بازاردا ساتمايتتى. قايسى يۇرتتىكى بازارغا بارمىسۇن سودىسى ئاجايىپ ئىتتىك ئىدى. خېرىدارلار ئېشەكلەرنىڭ بوياق تەسىرىدە جۇلالاپ تۇرغان رەڭدار تۇرقىغا، نەشە، شاراب تەسىرىدە توختىماي ھاڭراپ تۇرۇشلىرىغا چاتىرىقىدىكى ھېلىقى نەرسىسىنى ھاياسىزلىق بىلەن پۇلاڭلىتىپ مادا ـ ھاڭگا دەپ ئايرىماي ئالدىدىكى ھەر قانداق ئېشەككە ئارتىلىشلىرىغا قىزىقىپ بەس ـ بەستە سېتىۋالاتتى.

بوياقچى ۋە ئۇنىڭ ياللىۋالغان بېدىكلىرى بولسا بۇ ئېشەكلەرنىڭ بىر زامانلاردا پادىشاھ ـ ھۆكۈمران بولغان ئېشەكلەرنىڭ نەسلىدىن ئىكەنلىكىنى ئاجايىپ دەبدەبىلىك ئىبارىلەر بىلەن ماختاپ ئۇچۇراتتى. بۇ مەنزىرە شۇنداقلا قارىماققا ئېشەكلەرمۇ، بوياقچىمۇ، بېدىكلەرمۇ تەڭلا ھاڭراۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى.

بوياقچى بۇ ئاجايىپ كەشپۇ ـ كارامىتىنىڭ يۇرت بېگىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ھەئە، شۇ كۈنلەردە خان ئوردىسىدىن ھەر قايسى بەگلىكلەرگە ئۆز يۇرتىنىڭ ئەڭ داڭلىق، ئەڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتىنى ئوردىغا يوللاش توغرىلىق يارلىق چۈشۈرۈلگەنىدى. يۇرتنىڭ داڭلىق، ئالاھىدە مەھسۇلاتىنى تاللىيالماي تۇرغان يۇرت بېگىگە چاپارمەنلەر «تاۋۇس ئەللەيىن» شاھ نەسلىدىن بولغان ئېشەكلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى سۆزلەپ مەلۇمات يەتكۈزگەنىدى. خان ھۇزۇرىغا باشقا بەگلەرنىڭ سوۋغىسىدىن ئالاھىدىرەك سوۋغا ئەۋەتىپ، خاننىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىشكە، شۇ ئارقىلىق مەنسىپىنى ئۆستۈرۈشكە ئالدىراپ تۇرغان بەگكە بۇ مەلۇمات

www.uygurkitap.com

ياغدەك ياققان ھەممە بوياقچىغا 100 تۈياق «تاۋۇس ئەللەيىن» نەسىللىك ئېشەك تەييارلاش پەرمانى چۈشۈرۈپ، ئالدىن 1000 تىللا زاكالەت ئەۋەتكەنىدى.

ئۆمرىدە مىڭ تىللا كۆرۈپ باقمىغان بوياقچى نېرى ـ بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەيلا بۇيرۇقنى ئورۇنداشقا كىرىشتى.

بوياقچى ئالدىراشچىلىق ئىچىدە بىر ئاي مۆھلەتنىڭ قانداق توشقانلىقىنى بىلمەيلا قالدى.

—بەگ ئالىيلىرىدىن پەرمان، ـ دېدى پەرمانچى بوياقچىغا بەگنىڭ بۇيرۇقىنى يەتكۈزۈپ، ـ ئەتە چاشكا ۋاقتىدا خان ھۇزۇرىغا ئەۋەتىلىدىغان «تاۋۇس ئەللەيىن» نەسىللىك ئېشەكلەر بەگ سارىيىغا كەلتۈرۈلسۇن! بەگ ئالىيلىرى ساراي ئالدىغا چىقىپ ئېشەكلەرنى شەخسەن ئۆزى قوبۇل قىلىدۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە پۈتكۈل يۇرت خەلقى ھەرىكەتكە كېلىپ، بوياقچىنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن بەگ سارىيىنىڭ دەرۋازىسىغىچە بولغان يولنى پاكىز سۈپۈرۈپ، سۇ چېچىپ تازىلاپ ياغ قۇيۇپ يالىغاندەك قىلىۋەتتى. ھەممە تەييارلىقنى پۇختا پۈتكۈزگەن بوياقچى 100 تۈياق ئېشەكنى ھەيدەپ دەبدەبە بىلەن بەگ سارىيىغا قاراپ ماڭدى.

بەگ سارىيىنىڭ ئالدى ئېشەكلەر كۆرىكىنى كۆرۈشكە كەلگەن ىغىلغان پۇقرا بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. سارايىنىڭ ئالدىدىكى سەيناغا شەك باغلايدىغان 100 قوزۇق قېقىلغان بولۇپ، ھەر بىر قوزۇقنىڭ ۋنگە قوناق، بېدە، ھەلەپ، ئاداپ... قاتارلىق يەم ـ خەشەكلەر تۈرى، رېتى بىلەن قويۇلغانىدى. نەچچە يۈزلىگەن قوراللىق قوروقچى مۇراسىم سورۇنىنى ياي شەكلىدە قوغداۋاتاتتى. ئېشەكلەرنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن بەگ سارىيى ئالاھىدە تەييارلىق كۆرگەندەك قىلاتتى.

ھەيۋەتلىك ئۇركېستىرغا ئوخشاش بەس ـ بەستە ھاڭراشقىنىچە بەگ سارىيىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىشكەن ئېشەكلەرنى خىزمەتكارلار ساراي بىكاۋۇلىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قوزۇقلارغا ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن باغلاشتى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تەييار بوغۇز يەپ كۆنۈپ قالغان ئېشەكلەر يول مېڭىپ قورسىقى ئېچىپ قالدىمۇ نېمە، ھاڭراشنى توختىتىپ ئالدىدىكى يەم ـ بوغۇزنى ئىشتىھا بىلەن چايناشقا كىرىشتى. بوياقچىنى بولسا بىر گەز ئېگىزلىكتە كۆتۈرۈپ ياسىغان شاھانە مۇراسىم سۇپىسى ئۈستىگە قات ـ قات سېلىنغان كۆرپىگە باشلاشتى.

ئەنە شۇ دەقىقىدە بەگ سارىيىدىن ھۇدەيچىنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى ئاڭلاندى:

—بەگ ئالىيلىرى قوبۇلغا چىقتى!

شۇ ھامان ئىختىيارىي ئولتۇرۇپ پاراڭ سېلىشىۋاتقان ساراي بەگلىرى دەس ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. باياتىن ئېشەكلەرنىڭ شەرىپىگە بىر قېتىم چېلىنىپ توختىغان ناغرا ـ سۇنايلار يەنە قايتىدىن جاراڭلاشقا باشلىدى. ئالدىدىكى يەم ـ بوغۇزنى ئانچىكىم يەپلا قورسىقى تويدىمۇ ياكى ئەتىگەن يەم ـ بوغۇزىغا ئارىلاشتۇرۇلغان نەشە بىلەن شاراب كۈچىنى كۆرسىتىشكە باشلىدىمۇ ۋە ياكى يەنە تۇيۇقسىز چېلىنىشقا باشلىغان ناغرا ـ سۇنايلار ئىشقىي ـ ھەۋىسىنى قوزغاپ قويدىمۇ ئەيتاۋۇر 100 ھاڭگا خۇددى ناغرا ـ سۇنايغا جور بولماقچى بولغاندەك بەس ـ بەستە ھاڭراشقا باشلىدى.

يۇرت بېگى مانا مۇشۇنداق ئاسمانىنىڭ ئۆگزىسىنى ئېچىۋەتكۇدەك سادالار ئىچىدە بوياقچىنى قوبۇل قىلىپ، ئېشەكلەرنى مۇبارەك نەزىرىدىن ئۆتكۈزدى. بوياقچى بۇ قېتىم بارلىق ھۈنىرىنى چىقارغاندەك قىلاتتى، ئېشەكلەرنىڭ رەڭدار تۈرلۈك قۇياش نۇرىدا ھەسەن ـ ھۈسەندەك جۇلالىنىپ كۆزنى قاماشتۇراتتى.

— بوياقچىغا مىڭ تىللا ئىنئام بېرىلسۇن! ـ دېدى يۇرت بېگى رازىمەنلىك بىلەن.

ئېشەكلەر بوياقچىنىڭ ئىنئام ئالغىنىغا ئالقىش ياڭرىتىۋاتقاندەك تېخىمۇ بەك ھاڭراشقا باشلىدى، بوياقچى چەكسىز ھاياجان ئىلكىدە ئىنئامنى ئېلىشقا تەييارلاندى. ئاۋام خەلق بولسا ئەلمىساقتىن تارتىپ بولۇپ باقمىغان بۇ ئىشنى كۆرۈپ يا كۈلۈشنى، يا يىغلىشنى بىلەلمەي ھاڭقېتىپ قېلىشقانىدى. چۈنكى بوياقچىغا زاكالەت ۋە ئىنئام دەپ بېرىلگەن ئاشۇ ئىككى مىڭ تىللاغا ئاز دېگەندە 20 مىڭ ئېشەك سېتىۋېلىش مۇمكىنىدى.

بوياقچى مىڭ تىللا ئىنئامنى ئېلىپ يۇرت بېگىگە ھەشقاللا ـ رەھمەت ئېيتىۋاتقان شۇ دەقىقىدە كۈتۈلمىگەن بىر ھادىسە يۈز بەردى. ھەئە، ھاۋا تۇيۇقسىز خۇددى غەزەپلەنگەندەك، نەرە تارتقاندەك شۇنداق قاتتىق گۈلدۈرلەپ چاقماق چاقتىكى، بەس ـ بەستە ھاڭراۋاتقان ئېشەكلەرمۇ قورققىنىدىن چىپپىدە توختاپ، قۇلاقلىرىنى سالپايتقىنىچە باشلىرىنى چاتىرىقىغا تىقىۋېلىشتى. ئارقىدىنلا بىردىن ئاسماندىن دەل ئاشۇ ئېشەكلەر بىلەن يۇرت بېگى، بوياقچى تۇرغان مۇراسىم سۇپىسىنى نىشانلاپ سۇ تۆككەندەك، نەق شۇلارنىڭ ئۈستىگىلا شارقىراپ يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. ھاۋانىڭ شۇنچە قاتتىق گۈلدۈرلەپ، يامغۇرنىڭ شۇنچە قاتتىق يېغىشىغا قارىماي ئېشەكلەر باغلاقلىق دائىرە بىلەن مۇراسىم سۇپىسىنىڭ سىرتىغا بىر تامچىمۇ يامغۇر چۈشمىگەنىدى.

دەسلەپتە ئۆزلىرىنى يامغۇردىن دالدىغا ئېلىش ھەلەكچىلىكىدە پالاقلىغان يۇرت بېگى بىلەن بوياقچى تاماشا كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەن ئاۋام خەلقنىڭ ئۈستىگە بىر تامچىمۇ يامغۇر چۈشمىگەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران بولغان بولسا، «تاۋۇس ئەللەيىن» نەسىللىك ئېشەكلەرنىڭ ئۈستىگە يېغىۋاتقان يامغۇرنى كۆرۈپ تۇرۇپلا قېلىشتى.

بىر چۆگۈن چاي قاينىمچىلىك ئارىلىقتا يېغىپ توختىغان يامغۇر ئېشەكلەرنىڭ ئۈستىدىكى رەڭدار بوياقلارنى پاك ـ پاكىزە يۇيۇپ چىقىرىۋەتكەن بولۇپ، يامغۇردىن ئاۋۋالقى ھالىتىگە قايتقان ئېشەكلەر سۇغا چۈشكەن توشقاندەك تۈگۈلۈپ كەتكەنىدى. شۇ تاپتا قاتتىق يامغۇردا مەستلىكىدىن يېشىلگەن بۇ ئېشەكلەرنىڭ ئاسمانىنى بېشىغا كىيىپ ھاڭراشقىمۇ، ھېلىقى ھاياسىز بىر نېمىسىنى پۇلاڭلىتىپ كۆز ـ كۆز قىلىشقىمۇ ماغدۇرى قالمىغاندەك قىلاتتى. ئېشەكلەرنىڭ ئۈستىدىن يۇيۇلۇپ كەتكەن بوياقلار تېخى سىڭىپ كېتىشكە ئۈلگۈرمىگەن يامغۇر سۈيىنى باشقىچە رەڭگە كىرگۈزگەن بولۇپ، يامغۇردىن كېيىن پارلىغان

قۇياش نۇرىدا رەڭدار جۇلالاپ كۆز قاماشتۇراتتى. خۇددى ئېشەك-لەرنىڭ ئۇستىدىكى ھەسەن-ھۈسەن توختاپ قالغان يامغۇر سۈيىگە كۆچكەندەك.

بوياقچى تەرىپىدىن قاتتىق ئالدانغانلىقىنى بىلگەن يۇرت بېگى شۇنچىلىك قەھر-غەزەپكە كەلدىكى، قان تولغان كۆزلىرى بىلەن بوياقچىنى ئىزدەشكە باشلىدى. بۇ چاغدا ھىيلىگەر بوياقچى ئاللىقاچان ئۆزىنى ئېشەكلەرنىڭ دالدىسىغا ئېلىشقا ئۈلگۈرگەنىدى.

يۇرت بېگى جەھلى بىلەن توۋلىدى:

—مىر غەزەپ!

دەل شۇ چاغدا يۇرت بېگىنىڭ غەزىپىدىن چۆچۈدىمۇ ياكى ئۆز-لىرىنى ئالداپ رەسۋا قىلغان بوياقچىنىڭ نومۇس قىلماي كېيىنگە ئۆتتۈۋالغانلىقىدىن غەزىپى تاشتىمۇ، ئېشەكتىن بىرسى چىچاڭشىغاندەك قىلىپ بوياقچىنى ئارقا ئىككى پۇتلاپ قارسىدە تېپۋەتتى. بوياقچى «ۋايجان» دەپ ئېگىرىغىنىچە ئارقىسىغا گۇپپىدە يىقىلدى-دە، ئىك-كى قولىدا چاتىرىقىنى تۇتقىنىچە تولغۇلۇپ قالدى. ئەسلىدە ئېشەك ئۇنىڭ نەق جان يېرىگە تېپۋەتكەنىدى.

ھەي ي ... ئېشەك دېگەننى تەپكەك ئەمەس دەپ كىم ئېيتالايدۇ. نەسلى ھەر قانچە ئېسىل بولسىمۇ، ئىشەك دېگەننىڭ دالدىسىغا كىرد-ۋالمىدۇ كىشى.

8

غالىبجان ئاخىر مەقسىتىگە يېتىپ باشلىقنىڭ يېقىن كىشىلىرى قا-تارىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇ ھازىر باشلىقنىڭ ئىشخانىسىغا ئۇسۇپلا كىرەلەيتتى. نېمە گېپى بولسا تارتىنماي دېيەلەيتتى. يانفونغا خالىغان ۋاقىتتا تېلېفون قىلالايتتى، خۇددى باشلىقنىڭ يېڭى تونۇۋالغان ئاش-نىسىدەك. غالىبجان بىچارە تۇل ئانىسىنى يوقلاشنى ئايلاپ ئۇنتۇلۇپ قالسا قالاتتىكى، باشلىقنى ۋاقتى-قەرەلىدە يوقلاشنى ھەرگىز ئېسى-دىن چىقارمايتتى. قىلغان خىزمىتى، بىلدۈرگەن ساداقىتىگە تۇشلۇق ئۇمۇ بوش قالغان مۇدىرلىق كۇرسىغا ئولتۇرۇپ بىر قېتىم ئۇھ دە-ۋالدى. لېكىن ئۇ بۇنچىلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر بىلەن قانائەتلىنىپ توخ-تاپ قالدىغان بېلى بوشلاردىن ئەمەس ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ ئۆزىگە تۇيۇقسىز ئامەت ئەكەلگەن دەپتەر-خاتىرە بوياش، تام بوياش، تەشۋىقات سەھنىسى، قارا دوسكا جاھازىسى بوياش، نەتىجە، جەدۋەل، سىخېمىلارنى بوياش، تۈرلۈك ئارخىپلارنى بوياش كەسپىنى كۈندىن كۈنگە مۇكەممەللەشتۈرۈپ باراتتى.

—ھەي ي ... يىلدا نەچچە قېتىم ئالماشتۇرۇپ چاپلاپ، سۈكۈپ، ئاقارتىپ-بوياپ، ھەر قېتىملىق باھالاشتا بىر قېتىمدىن يېڭىلاپ ئىسراپ قىلىۋەتكەن خىراجەتلىرىمىزگە مەكتەپتىكى بارلىق سىنىپلار-نىڭ تاملىرىنى ئۆرۈپ يېڭىلاپ سالغىلى بولاتتى،-دەپ ھەسرەت چېكەتتى سىرتتىن قارىسا يېڭى، ئەمما ئۇلدىن كونىراپ، لىگشىپ تۇرغان سىنىپلارنىڭ تاملىرىغا قاراپ بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار.

—نېمە بويىۋېتىۋاتىدۇ مەكتەپنىڭ ئىشلىرى. كۈنىمىز يىل بويى تۈرلۈك ئۆگىنىش خاتىرىسى، نەتىجە، تەييارلىق، جەدۋەل، سىخما، ئارخىپلارنى بوياش بىلەنلا ئۆتىدۇ. بۇ قېتىم ئىشلىگەن جەدۋەلدىكى سان-سىپىر يەنە بىر قېتىملىق باھالاشنىڭ تەلپىگە ئۇيغۇن كەلمە-گەن.

—شۇنى دېسىلە، ئايغى ئۆزۈلمەي كېلىدىغان باھالاشلارمۇ مۇشۇ نەرسىلەرنىلا تەكشۈرىدۇ. ئوقۇتۇش ئەھۋالىمىزنى، دەرس ئۆزلەشتۈ-رۈش نەتىجىمىزنى تەكشۈرىدىغان، باھالايدىغان ئادەم يوق. بىز بو-ياقچىمۇ ياكى ئوقۇتقۇچىمۇ؟

ئوقۇتقۇچىلار ئاشۇنداق قاقشىغىنى بىلەن بۇ گەپلەرنى غالىبجانغا دېيەلمەيتتى، دېسىمۇ بۇ گەپلەر غالىبجاننىڭ قۇلىقىغا ياقمايتتى، بۇ گەپنى دېگەن ئادەم گۇناھكار بولاتتى.

ئەمما مائارىپ سىستېمىسىدا غالىبجاننىڭ ئوبدانلا داڭقى چىقىپ قالغانىدى. باشلىقمۇ ئۇنى تۈرلۈك يىغىنلاردا ماختايتتى،تەقدىرلەيتتى.

بىر كۈنى باشلىق غالىبجاننى تېلېفون بېرىپ ئىشخانىسىغا چا-قىرتتى.

—مۇنداق گەپ غالىب مۇدىر،-دېدى باشلىق ئالدىدا ئىتائەت-چانلىق بىلەن ئۆرە تۇرغان غالىبجاننى ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قى-لىپ،—ئاپتونوم رايون، ۋىلايەتتىن بىر قىسىم رەھبەرلەر كېلىپ نا-ھىيىمىزنىڭ ئاساسىي قاتلام مائارىپ ئەھۋالىنى تەكشۈرمەكچى. بىز سىلىنىڭ مەكتىپىنى ئويلاشتۇق. سىلىگە تەييارلىق قىلىۋېلىشقا ئاران 15 كۈن ۋاقىت بار. قانداق، بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالامسىلىمۇ؟ ئەگەر چىقالمىساڭلا دەرھال راست گېپىڭلىنى قىلىڭلا. تەييارلىققا ئى-دارە مالىيىسىدىن پۇل بېرەلمەيمىز، پۇتۇنلەي ئۆز كۈچىڭلىگە تايىنى-سىلە.

—چاتاق يوق، باشلىق! ماڭا ئىشەنسىلە،-دېدى غالىبجان ئورنى-دىن ئولتۇرمايلا ۋەدە بېرىپ،-بىزنىڭ مەكتەپنىڭ قورۇلۇشلىرى بىر قەدەر كونا بولغان بىلەن سىرتقى كۆرۈنۈشى خېلىلا كۆركەم، يەنە ئازراق تۈزەشتۈرسەك يېڭى سېلىنغان مەكتەپلەردىن قېلىشمايدۇ دې-سىلە.

—ياخشى،-دېدى باشلىق مەمنۇنلۇق بىلەن،-مەنمۇ سىلىنىڭ مۇشۇ تەرىپىڭلىگە قايىل. سىلە ھازىرغىچە باشقا مەكتەپلەرنىڭ مۇ-دىرلىرىغا ئوخشاش ھەدېسىلا خەتەرلىك سىنىپلارنىڭ دوكلاتىنى يول-لاپ بېشىمىزنى ئاغرىتماي ئۆز كۈچىڭلىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈۋاتىسىلە. بۇ قېتىم ئوقۇتۇش نەتىجەڭلەرنىمۇ ئالاھىدە تەكشۈرۈشى مۇمكىن، بولۇپمۇ «قوش تىللىق ئوقۇتۇش» ئەھۋالىڭلار بەكرەك سورۇشتە قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتىمۇ پۇختىراق تەييارلىق كۆرۈپ قويارسىلە.

—چاتاق يوق، سىلىنى يەرگە قارىتىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلماي-مەن. ماڭا ئىشەنگەنلىكلىرىگە رەھمەت، باشلىق.

غالىبجان باشلىقنىڭ ئىشخانىسىدىن مەيدىسىگە مۇشتلىغان پېتى يېنىپ چىقتى-دە، بارلىق ئوقۇتقۇچىلارنى يىغىپ ھەرقايسى تۈرلەر بويىچە ۋەزىپە تاپشۇردى. ھەر خىل باھالاشلارغا تۈرلۈك «بوياقچى-لىق» ئۇسۇلى بىلەن تەييارلىق قىلىپ، ئوقۇتقۇچىلار خېلىلا تەجرى-بىلىك بوپقالغانىدى. شۇڭلاشقا ئۇلار تەمتىرىمەيلا ئۆز ئىشلىرىنى قى-لىشقا كىرىشتى.

ئادەتتە ھەر قېتىم باھالاش كەلسە مەكتەپنىڭ يول-مەيدانلىرى سۇ چېچىلىپ، سۈپۈرۈلەتتى. ئەمما بۇ قېتىم تەييارلىق باشقىچە بول-دى. 20 نەپەر دىلىكا ئۇستام بەش كۈن جان تىكىپ ئىشلەپ 15 ماشىنا خىشنى پۇتكۈل مەكتەپ قورۇسىغا ئالا قويماي ئەينەكتەك تەپتەكشى بېسىپ چىقتى. غالىبجان بۇ قېتىمقى باھالاشنىڭ تەييارلىقىغا مەكتەپنىڭ

www.uyghurkitap.com

مالىيسىدىن پۇل چىقىشتۇرالماي، ئامانەت قەرز ھەمكارلىق كوپېراتپىدىن كۆزلۈككە ئوقۇغۇچىلارنى كېۋەز تەردۈرۈپ قايتۇرۇدىغانغا قەرز ئالغانىدى.

شۇنچىۋالا خىشنىڭ بىھۇدىلا يەرگە بېسىلىپ كەتكىنىگە چىدىمىغان ئوقۇتقۇچىلار ئىلاجىسىز لەۋلىرىنى چىشلەشتى. «ئاشۇ 15 ماشىنا خىشتا ھېچ بولمىسا سەككىز ئېغىز سىنىپ يېڭىلىنىپ قالاتتى ئەمەسمۇ؟» دەپ ئويلايتتى ئۇلار ئىچى سىيرىلغان ھالدا.

سىنىپلارنىڭ كونىراپ قالغان تاملىرى تېخى بىر ئاي ئاۋۋالقى باھالاشتا ئاقارتىلغانلىقىغا قارىماي يەنە بىر قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك ئاقارتىلدى. تېخى چۈشىن چېچىشقىمۇ ئۈلگۈرمىگەن شوئار ـ پلاكات، ۋىۋىسكا، تەشۋىقات رەسىم، تام گېزىتى، قاراتاختاي گېزىتى، سخېما، نەتىجە، تۈرلۈك جەدۋەللەر سۆكۈپ ئېلىۋېتىلىپ، يېڭىلاپ تېخىمۇ رەڭدار، تېخىمۇ جۇلالىق قىلىپ لايىھىلەتكۈزۈلۈپ تاملارغا قايتىدىن چاپلاندى. ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىياسىي ئۆگىنىش خاتىرىلىرى مەركەز، ئاپتونوم رايوننىڭ ئەڭ يېڭى ھۆججەتلىرى سىڭدۈرۈلگەن ئاساستا قايتىدىن كۆچۈرۈلۈپ چىقىلدى. تۈرلۈك ئارخىپلار يەنە بىر قېتىم يېڭىلاندى.

ھەئە، بۇ تەييارلىقلارنى پۈتكۈزۈشكە غالىبجان ئانچە غەم قىلىپ كەتمىدى. «پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا» دەيتتى ئۇ ئىچىدە خىر ـ خىر كۈلۈپ. ئەمما مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش نەتىجىسىنى، بولۇپمۇ «قوش تىللىق ئوقۇتۇش» نەتىجىسىنى كۆرەك قىلىش مەسىلىسىدە ئۇنى خېلى بەم باستى. ئۇ يېقىندىن بېرى خېلى كۆچىگەن بولسىمۇ، «قوش تىللىق ئوقۇتۇش» تا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئاساسى تېخى ئاجىز، ئۆگىنىش چىڭ تۇتۇلمىغاچقا، تەلەپكە لايىق ئەمەس ئىدى.

غالىبجان قۇۋ، ھىيلىگەر بوپكەتكەنىدى. شۇڭغا يارىشا قورسىقىدا ئامال ـ تەدبىرلىرىمۇ كۆپ ئىدى. ئۇ، شەھەردىكى خەنزۇ مەكتەپنىڭ خېلىدىن بېرى ئاغىندارچىلىق قىلىپ كېلىۋاتقان مۇدىرىنى رېستورانغا چاقىرىپ دەردى ـ ھالىنى ئېيتتى. بۇ قېتىمقى باھالاشتا «قوش تىللىق ئوقۇتۇش» ئۆتكىلىدىن ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن خەنزۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلاردىن بىر سىنىپ ئوقۇغۇچىنى بىر كۈن ئارىيەتكە سورىدى. غالىبجاننىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن مۇدىر قاقاقلاپ بىرنى كۈلۈۋەتكەندىن كېيىن، قولىدىكى رومكىنى گۈپلا قىلىپ كۆتۈرۈۋېتىپ، غالىبجاننىڭ تەلىپىگە قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن غالىبجاننىڭ ئەڭ باش قاتۇرۇدىغان تەييارلىقىمۇ مۇددەتتىن بۇرۇن پۈتتى.

بەلگىلەنگەن مۇددەتتە مەكتەپكە چىققان يۇقىرى دەرىجىلىك باھالاش گۇرۇپپىسىنى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار قاتار ئىككى سەپ بولۇپ چاۋاك چېلىپ كۈتۈۋالدى. رەھبەرلەر ئالاھىدە راسلانغان سەھنىدىن ئورۇن ئالغاندىن كېيىن غالىبجان دوكلات بېرىشكە باشلىدى.

دەل شۇ چاغدا ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىپ خۇددى چېلەكتە قۇيغاندەك يامغۇر يېغىۋەتتى. غالىبجان يامغۇرغا پەرۋا قىلماي دوكلاتنى داۋاملاشتۇرار ئىدى. لېكىن چوڭ رەھبەر ئۇنى توختىتىپ قويۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى سىنىپلىرىغا كىرىپ كېتىشكە بۇيرۇدى. چۈنكى ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ يامغۇردا قېلىپ زۇكامداپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنىدى. ئوقۇغۇچىلار سىنىپلىرىغا كىرىپ كېتىشتى.

رەھبەرلەر ھەرقايسى گۇرۇپپىلار بويىچە باھالاش، تەكشۈرۈشنى باشلىدى. غالىبجان ئارىيەتكە ئالغان قوش تىللىق تەجرىبە سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېغىزچە، يېزىقچە سىناققا بەرگەن جاۋابلىرىغا قايىل بولۇپ رازىمەنلىك بىلەن ماختاشتى.

سىرتتا يامغۇر شارقىراپ يېغىۋاتاتتى. خېلى پۇختا سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىدىنمۇ تامچە ئۆتۈشكە باشلىغانىدى. ئەمما سىنىپلارنىڭ ئۆگزىسىدىن بىر تامچىمۇ يامغۇر ئۆتمىگەنىدى

— مەكتىپىڭلارنىڭ تۈرلۈك نەتىجىلىرى ئەلا بولغاننىڭ سىرتىدا، قۇرۇلۇشلىرىڭلارمۇ يېڭى ھەم پۇختا ئىكەن. بىز سىلەردىن رازى بولدۇق. بىزنىڭ مائارىپ قوشۇنىمىز سىلەرگە ئوخشاش قابىل يېتەكچىلەرگە موھتاج، — دېدى ھاياجانلانغان كاتتا رەھبەر بىر قولىدا ئىدارە باشلىقىنىڭ، بىر قولىدا غالىبجاننىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، — دادىللىق بىلەن ئىشلەڭلار، ئىستىقبالىڭلار تېخىمۇ پارلاق.

كەلگۈسى ئىستىقبالىغا يول خېتى ئېلىپ بولغان غالىبجان ھەقىقەتەن قۇۋ، ھىيلىگەر ھەم تەدبىرلىك ئىدى. ئۇ تاسادىپىي يامغۇر يېغىپ قېلىش ئېھتىماللىقىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلمىغاچقا، بارلىق سىنىپ، ئىشخانىلارنىڭ ئۆگزىسىگە ئىككىقات يالتىراق ياپقۇزۇۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ بۇ تەدبىرىنى ھېلىقى كاتتا رەھبەر ئەلۋەتتە بىلمەيتتى.

ئويلاپ قالدىم: ئاشۇنداق قاتتىق يامغۇر ياغقاندا غالىبجاننىڭ تۈرلۈك كۆز بويامچىلىقى ئاشكارىلىنىپ قالسا، كاتتا باشلىق غالىبجاننىڭ ئەپتى ـ بەشىرىسىنى بىلىپ قېلىپ قاتتىق غەزەپلەنسە، غالىبجان يامغۇردا لىڭشىپ قالغان تامنىڭ تۈۋىگە بېرىپ دالدىلىنىۋالسا...

ھەي ي ... لىڭشىپ قالغان تامنى يامغۇردا ئۆرۈلۈپ كەتمەيدۇ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ ھەر قانچە ئېگىز بولسىمۇ لىڭشىپ قالغان تامنىمۇ دالدا قىلامدۇ كىشى.

يەنە ئويلىنىپ قالدىم: كۈنلەرنىڭ بىرىدە شۇنداق بىر قاتتىق يامغۇر ياغىدۇكى، ئايھاي!

2004 ـ يىل 7 ـ ئىيۇل، يەكەن

---

ئاپتور: يەكەن دەريا باشقارمىسىنىڭ خىزمەتچىسى

**بۇ سانىنىڭ ئىجرائىيە مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخرېداكتورى: قۇربان مامۇت**



# تونۇلغان دراماتورگ تۇرسۇنجان لەتىپ ئارچىن ئەپەندى


《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊

主管：新疆维吾尔自治区文化厅
主办：新疆维吾尔自治区 艺术研究所
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008-6498
国内统一刊号：CN65-1073/I
海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部
代理者地址：中国北京朝阳区工体东路16号
P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Beijing 100020, china
海外发行代号：6498BM
发行范围：国内外发行
地址：乌鲁木齐市团结路72号
邮编：830001 电话：(0991) 2856942
印刷：《新疆日报》印务中心
发行：乌鲁木齐市邮局
订阅：全国各地邮局


邮发代号：58－22　定价：5元

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2005- يىل 2- سان
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008-6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65-1073/I
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب
ئىمپورت- ئېكسپورت (گۇرۇھى)
باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM
مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى 72- نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون نومۇرى: (0991) 2856942
باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58-22 باھاسى: 5 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



● ئۇستاز، تونۇلغان مۇزىكا مائارىپچىسى ۋە نەزەرىيىچىسى، كومپوزىتور سۇلايمان ئىمىن ئەپەندى ●